رابىيە قادىر

# مىللەتچىلىك ۋە دۆلەتچىلىك



ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari



”مىللىتىم ئازاد بولغىچە مىللەتچىمەن،

مىللىتىم ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللەتچى ئەمەسمەن“

ـ ئۇيغۇر مىللىي دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ داھىسى ئەخمەتجان قاسىم

رابىيە قادىر

# دۆلەتچىلىك ۋە مىللەتچىلىك

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: رابىيە قادىر

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا، بەتچىك، تەھرىر: مەمەتنىياز بۇلاق

2016-يىلى 11-يىلى

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد



www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org



ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى،
ئانىسى ۋە ھەدىسى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى
مەرھۇم قادىر ھاجىم ۋە
باللىرى بىلەن بىللە يىل
1995



رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى خەلچەم ئىسلام بىلەن بىللە 1993
- يىل



رابىيە خانىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكى ئەزالىرى بىلەن
بىللە 1985 - يىل



رابىيــە خانــم يولدىشــى
ســدىقهاجى روزى بلــەن



رابىيــە خانــم يولدىشــى
ســدىقهاجى روزى بلــەن



رابىيــە خانــم ”رابىيــە ســودا ســارىيى“ دىكــى 5. قــەۋەت
ئىشخانىســدا داڭلـىق يازغۇچــى ئابدۇرېهــم ئۆتكــۈر بلــەن



رابىيە خانىم 1985 - يىلى 12 - ئاي



رابىيە خانىم مەشھۇر تارىخ يازغۇچى
تۇرغۇن ئالماس بىلەن بىللە



رابىيە خانىم قازاقىستاندا
ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەرھۇم
شائىر ئابدىخالىق سەپەرى بىلەن
بىللە 1994 - يىلى ئالمۇتا



رابىيە خانىم يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر
بىلەن زوردىن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە
يىغىنىدا



رابىيە خانىم ۋە غۇلامىدىن پاختا، ئەدھەم
زاكىر بىلەن بىللە 2006 يىل



رابىيە خانىم ئوغلى قاھار
بىلەن بىللە 1990 - يىل



رابىيە خانىم داڭلىق ناخشىچى
رابىيە مەمەت بىلەن "رابىيە
قادىر سودا سارىي" 6 - قەۋەتتە
بىرلىكتە



رابىيە خانىم سىياسىي
كېڭەيش يىغىنىدا
1985 - يىل



رابىيە خانىم قازاقىستانلىق تىجارەتچى ئامانگۈل ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1994 - يىل

رابىيە خانىم غۇلجىلىق ئۆزبېك خانىم تۆرەم پاشا ۋە دوستلىرى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئۆيىدە 2006 - يىل





رابىيە خانىم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئايالى مايىنۇر قاسىم بىلەن بىللە 1985 - يىل

رابىيە خانىم مەرھۇم سىياسىي ئەرباب ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ كېيئوغلى ئابلىمىت ياقۇپ ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىسى زۇنۇن سابىرھاجى ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1995 - يىل





رابىيە خانىم داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندىم بىلەن بىللە



رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزى مەشھۇر يازغۇچى ئوسمانجان ساۋۇت ۋە ئايالى مەرھۇمە نۇربىيە خانىم بىلەن بىللە
22/04/1992



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى مەرھۇم دوستى شەرقى تۈركىستان گېزىتى باش تەھرىرى يۈسۈپجان ئەھمەدى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋېلىش پائالىيتىدە



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاننىڭ سابىق
رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ئەنگىلىيە پايتەختى لوندوندا
تىجارەت ئىشلىرى بىلەن 94 -يىل 4 -ئاي



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى سودا ساراي ئىشخانىسىدا



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق
سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە 97 - يىل

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىغا
جايلاشقان رابىيە قادىر سودا سارىيى 1992 - يىل





رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق سەنئەتكار رەيھان ئابلىز بىلەن



رابىيە خانىم
شەرقى تۈركىستاندا
دوستلىرى بىلەن
بىللە



رابىيە خانىمنىڭ "مىڭ ئانا شىركىتى" قۇرۇش سەپەرۋەرلىكى يىغىنىدا سۆز قىلىۋاتقان
1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



رابىيە خانىم ”مەك ئانا
شىركىتى“ قۇرۇش يىغىنىدا
شەرقى تۈركىستانىنىڭ سابىق
رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت
ۋە ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە
1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ
15 - كۈنى



رابىيە خانىم جۇڭگونىڭ سابىق
رەئىسى جاڭزېمىن ۋە ماينۇر قاسىم
بىلەن بىللە



ئىككى ئۆسمۈر رابىيە خانىمغا سوۋغا تەقدىم
قىلماقتا 1991/06/01

رابىيە خانىم سودا سارىيىدىكى تىجارەتچى
ئاياللار بىلەن بىللە 96 - يىل





رابىيە خانىم نەۋرىسى بىلەن بىللە تۈرمىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى

رابىيە خانىم ئۈرۈمچىدىكى خىتاينىڭ تۈرمىسىدا





رابىيە خانىمنىڭ پەرزەنتلىرى تۈرمىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى سۈرىتى ئۈرۈمچى



رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرەلمىگەن بالىلارنىڭ رەسىمىنى تارتىپ 2006 - يىلى ئامېرىكىغا يوللىغانلىق سەۋەبلىك 9 يىل كېسىلگەن

رابىيە خانىم سەۋەبلىك تۈرمىگە كىرگەن 4 ئوغلىنىڭ سۈرىتى



رابىيە خانىم تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن خىتاي
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنغان ھالىتى





رابىيە خانىمنى تۈرمىدىن
قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا
نامايىشقا كەلگەن قىز ئەقىدە
2002 - يىل



رابىيە خانىم ۋاشىنگتوندىكى ئائىلىسى
بىلەن بىرگە 2006 - يىلى



رابىيە خانىمنىڭ قىزلىرى ئانىسىنى
تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن مۇراجەت
ئېلان قىلماقتا



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى
روزى بىلەن شۋىتسىيەنىڭ پايتەختى
2005/11/14 جەنۋەدە



رابىيە خانىم ۋاشىنگتوندىكى ئائىلىسىدە
باللىرى بىلەن بىللە

رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى سىدىق ھاجى روزى تۈرمىغا كىرىپ كەتكەن ئوغۇللىرى ئۈچۈن مۇراجەت سۆزلىمەكتە






رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى جورج بوش بىلەن 26/ 2006/06



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى خانىمى لورا بوش ۋە روشەن ئابباس خانىملار بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جون مېكاين بىلەن بىللە 2008 - يىل



رابىيە خانىم ب د ت سابىق باش كاتىپى كوفى ئەننا بىلەن بىللە 2005 -يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايىس خانىم بىلەن بىللە



ئامېرىكا تاشقى مىنىستىرلىقى كىشىلىك
ھوقۇق كومىتېتى باشلىقى سۇزان خانىم خىتاي
جاسۇسلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان
رابىيە خانىمدىن ھال سورىدى 2006/01/07

رابىيە خانىم يولدىشى سىدىقھاجى روزى
بىلەن





رابىيە خانىم نيۇيوركتا ئېچىلغان
ھەق - ھوقۇق يىغىنىدا

رابىيە خانىم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت
ئىشلار باش كاتىپى ئالبېرت خانىم بىلەن



رابىيە خانىم ياردەمچىسى ئۆمەر
قانات ئەپەندىم "دۇنيا ئىسلام
ئىش بىرلىك تەشكىلاتى" باش
كاتىپى ئەكمەلىتتىن ئىھسان
ئوغلۇ بىلەن بىللە





رابىيە خانىم
ئامېرىكا قوشما
شتاتلىنىڭ سابىق
پرېزىدېنتى جورج
بۇش بىلەن بىللە




رابىيە خانىم لەنتوس
كىشىلىك ھوقۇق
مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
يىغىنىدا سۆز قىلماقتا
2015/12/10



رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن
چىقىپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن
ۋاقتى 17 مارت 2005



رابىيە خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە



رابىيە قادىر خانىم ئەلمۇنىر ”ئۆمۈرلۈك نەتىجە“ فوندىنىڭ مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. 2016 - يىلى 1 - ئاپرېل، ۋاشىنگتون



رابىيە قادىر خانىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى نامزاتلىرى بىلەن بىرگە




رابيه خانم خەلقئارالق دنى ئەركنلك كومېتتى باشلقى ۋە كومتېت ئەزالرى بلەن بللە



رابيه خانم تبەتنڭ دنى داهسى دالاي لاما بلەن كۆرۈشمەكتە



رابيه خانم ياۋروپا پارلامەنتوسدا سۆز قلماقتا



شۋېتسارىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدىكى ب د ت يىغىن زالىدا ئېچىلغان 2009 - يىل 5 - ئىيۇل ۋەقەسىدە غايىپ بولغانلار نامىلىق يىغىندىن خاتىرە رابىيە خانىم




رابىيە خانىم شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشتا سۆز قىلماقتا 2016/09/16



رابىيەخانىم فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن بىللە 14/07/2016



**رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق هاجى روزى ياپونىيە باش ۋەزىرى شىنزۇ ئابى ئەپەندىم بىلەن بىللە 2007 - يىلى 11 - ئاي**



**رابىيە خانىم ياپونىيە 4. نۆۋەتلىك د ئۇ ق قۇرۇلتىيىدا ياپونىيە سابىق هاۋا ئارمىيە باش قۇماندانى تاشىيۇ توماگويا ئەپەندىمگە سوۋغا قىلماقتا 2012/05/12**



**رابىيە خانىم ياپونىيە پارلامېنتىدا 4. نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يىغىندا 2012/05/12**



**رابىيە خانىم ياپۇنىيەنىڭ توكيو شەھىرىدە نامايىشتىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچماقتا 2016/05/14**

رابىيە خانىم ياپونىيە
پارلامىنتىدا باش مىنىستىر
ياردەمچىسى ئىتو سى
ئېجى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك
مىنىستىرى ئىچىدە 40 تىن
ئارتۇق خەلق ۋەكىللىرىگە
سۆز قىلماقتا






رابىيە خانىم 4. نۆۋەتلىك د ئۇ ق يىغىنىدا قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىللە 2012/05/14




رابىيە خانىم ياپونىيە پايتەختى
توكيودا مۇخبىرلار كۈتۈۋېلىش
يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

## مۇندەرىجە

رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى ........................ 23

بىرىنچى باب ۋەتەن دەۋاسى........................... 36

ئىككىنچى باب مىللەتچىلىك ........................... 43

ئۈچىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى .............. 46

تۆتىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ مۇقەددەسلىكى ............... 48

بەشىنچى باب ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكى قانداق دۇنياغا كەلدى ..... 51

ئالتىنچى باب مىللەتچىلىك ۋە ئەركىنلىك.................. 55

يەتتىنچى باب مىللەتچىلىك ئىدىيلىرىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ....... 60

سەككىزىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتى ..... 66

توققۇزىنچى باب ئانا تىل ۋە مىللەتچىلىك.................. 70

ئونىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىنىش تۈرلىرى .............. 78

ئون بىرىنچى باب مىللەتچىلىككە قارشى تۈرغۇچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى مىللەتچىلىكنى ئەيىبلەش.................................. 85

ئون ئىككىنچى باب ، ختايدا مىللەتچىلىكنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىشى ...................................... 91

ئون ئۈچىنچى باب ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ختاي مىللەتچىلىكى ................. 95

ئون تۆتىنچى باب شەخسنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللەتنىڭ خاراكتېرى ......101

ئون بەشىنچى باب: مىللەتچىلىك ۋە ھوقۇقچىلىق ...............107

ئون ئالتىنچى باب: يېڭى ۋە كونا مىللەتچىلىك.....................111

ئون يەتتىنچى باب: مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ئىنسان ئاۋۋال شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىشى لازىم.........................117

ئون سەككىزىنچى باب: مىللەت مەسىلىسى ئىككىنچى بىر خىل ئېتىقاد مەسىلىسى ئەمەسمۇ. ...........................................121

ئون توققۇزىنچى باب: مىللەتچىلىك سانائەتلىشىشنىڭ مەھسۇلىمۇ ؟ ...125

يىگىرمىنچى باب : دۆلەت دېگەن نېمە؟ ..........................136

يىگىرمە بىرىنچى باب دۆلەت تەلىماتىنىڭ يەنە باشقىچە بايانلىرى .....144

يىگىرمە ئىككىنچى باب: مىللەت روھى دېگەن نېمە؟ ..................147

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئاڭ ۋە مىللەت ئېڭى توغرىسىدا چۈشەنچىلەر ...........................................155

يىگىرمە تۆتىنچى باب: ئادالەت ۋە ئادالەت تۇيغۇسى ...................161

يىگىرمە بەشىنچى باب ئۇيغۇر ئىزىم ..........................165

يىگىرمە ئالتىنچى باب؛ ئەخلاق توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە .........173

يىگىرمە يەتتىنچى باب؛ مۇستەملىكىچىلىك ۋە مۇستەملىكە ...........178

يىگىرمە سەككىزىنچى باب : قەدىر قىممەت قاراشلىرى دېگەن نېمە؟ ...........................................184

يىگىرمە توققۇزىنچى باب : داھىي ۋە ئىنقىلاب .................190

ئوتتۇزىنچى باب: ئۆزبېك ئېلخان تۆرەنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا داھىي بولۇۋېلىشى .........................................195

ئوتتۇز بىرىنچى باب دۆلەتچىلىك ..............................205

## رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا ـ يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈم تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، ختاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ختاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۇنياغا كەلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ختاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1962 ـ يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى جەنۇبى ”شىنجاڭ“ نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى. رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تامامىلىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كېچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان ختاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل ـ پېچەك، مال ـ بىساتى، تىكىپ قويغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

1978 ـ يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ، 1980 ـ يىلى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش

دەۋرگە يېتىپ كەلدى. 1987 ـ يىلى ئاۋۋال " 8مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر ،سودا ـ تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991 ـ يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا رۇخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە،" رابىيە قادىر سودا سارىيى "نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى ياخشى تەربىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر، 200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى "مىڭ ئانا شىركىتى" نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى "مىڭ ئانا" شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىلىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا ـ تىجارەتنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك

هوقـۇق مەسلىسـىگە دۇچ كەلدى،ئـۇ ئۆزىنىـڭ هوقۇقلىرىنىـڭ، ئۇيغۇرلارنىـڭ كىشىلىك هوقۇقلىرىنىـڭ زادى نېمـە ئىكەنلىكىنـى ئويلاشـقا باشـلىدى. كىشـىلىك هوقۇقـى شـۇنداق خورلۇققـا دۇچ كېلىۋاتقـان رابىيـە قادىـر ئۆزىنىـڭ يولدىشـى سىـدىقهاجى روزىنـى ئامېرىكىغـا چىقىرىۋەتتـى. ئـۆزى ۋەتەنـدە قېلىـپ گېزىتلەردە خـەۋەر قىلىنغـان، ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ كىشـىلىك هوقۇقىغـا ئائىـت بايانلىرنـى كېسـىپ توپـلاپ، پوچتـا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشـاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سـىدىقهاجى روزىغـا چىقىرىـپ تـۇردى ۋە ئەۋەتىـپ تـۇردى.

1999 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىـڭ 11 ـ كۈنـى ئامېرىـكا كوڭگىرىسـىنىڭ تەكشـۈرۈش ئۆمىكـى ئۈرۈمچىگـە يېتىـپ كېلىـپ، رابىيە قادىـر بىلەن كۆرۈشـمەكچى بولغاندا، مېهمانـلار چۈشـكەن مېهمانخانـا ئالدىغـا يېتىـپ كەلگـەن رابىيـە قادىـر، خىتـاي ساقچىلىرى تەرىپىدىـن قولغـا ئېلىنـدى. رابىيـە قادىـر سومكىسـىغا سېلىۋالغان، "ئامېرىـكا خەلقىگـە مۇراجىئـەت" ماۋزۇلـۇق، ئۇيغۇرلارنىـڭ كىشـىلىك هوقۇقىغـا ئائىـت يېزىلغـان 10 ماددىلىـق بىر پارچە ماتېرىيال سـاقچىلارنىڭ قولىغا چۈشـتى. 2000 ـ يىلـى 3 ـ ئاينىـڭ 9 ـ كۈنـى خىتاينىـڭ سوت ئورگانلىـرى رابىيـە قادىرغـا 8 يىللىـق قامـاق جازاسـى ئېـلان قىلـدى.

"ئومۇمـى كەچـۈرۈم" خەلقئـارا كىشـىلىك هوقـۇق تەشـكىلاتىغا ئوخشـاش خەلقئارالىـق كىشـىلىك هوقـۇق تەشـكىلاتلىرىنىڭ بېسـىمى، بولۇپمـۇ ئامېرىـكا باشـچىلىقىدىكى غـەرپ دۆلەتلىـرى گېرمانىيـە، ئەنگلىيە، فرانسـىيە، نورۋېگىيە، ئاسـىيادا ياپونىيـە قاتارلىـق دېموكراتىـك دۆلەتلەرنىـڭ بېسـىمى ۋە شـۇ دۆلـەت پارلامېنتلىرىنىـڭ بېسـىمى ئارقىلىـق خىتـاي هۆكۈمىتـى رابىيـە قادىرنـى تۈرمىدىن قويـۇپ بېرىشـكە مەجبـۇر بولـدى. رابىيـە قادىـر 2005 ـ يىلـى ئامېرىـكا دىپلوماتلىرىنىـڭ هەمراهلىقىدا 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاشـىنگىتونغا يېتىپ كەلدى.

2005 ـ يىلـى 4 ـ ئاينىـڭ 25 ـ كۈنـى رابىيـە قادىـر، ئامېرىـكا دۆلـەت مەجلىسـىدە، ئۇيغۇرلارنىـڭ كىشـىلىك هوقۇقـى مەسلىسـى توغرىسـىدا تۇنجـى بولـۇپ گۇۋاهلىقتـىن ئۆتتـى.

1 ـ 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسـىنىڭ تەكشـۈرۈش ئۆمىكـى ئۈرۈمچىگـە بېرىـپ رابىيـە قادىرنىـڭ باللىرى بىلـەن كۆرۈشـۈپ ئۇلارنىڭ

ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق باللىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم 3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ باللىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتۇندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2 ـ رابىيە قادىر 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى" دەپ،جىنايەت ئارتىپ 7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3 ـ 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىن 25 ـ كۈنگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بېلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدي.

4 ـ رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ ـ دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگىراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ

كەلدى.

6 ـ ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چېخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يېتىپ بېرىپ رابىيە قادىر 7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7 ـ گېرمانىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نۇۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى. شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيەدە كۆرسىتىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8 ـ رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9 ـ رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋېگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى 5قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10 ـ 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ”شىنجاڭ“ نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11 ـ ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى.ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىك ئالىم ئابدۇرېھىم كېسىم ۋاقتى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

12 ـ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باللىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېموكراتىك ئەللەر يارتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پائالىيتى قىلىۋاتىدۇ.

13 ـ رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئايالالارنى يەنە شۇ ئايالالارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيىگە تەشكىللەپ،دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئايالللىرىنىڭ سەۋيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

14 ـ رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولىدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.

15 ـ رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.

16 ـ رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3يۈز

دولـلار، 5 يـۈز دوللاردىـن ئىئانەقىلىشـنى قولغـا كەلتـۈرۈپ، ئامېرىكـىدا فـورت ۋاشىنگتونْدا ئۇيغـۇر ئۆيـى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللـەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭـۈل بۆلىدىغـان ئۇيغۇرنىـڭ ئىلغـار زىيالىيلىـرى بىلـەن بىرلىكتە ئۇيغـۇر مەدەنىيـەت مەركـىزى قـۇرۇپ چىقتى. ئۇيغۇرلارنىـڭ تىلىنـى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنـى، دىنـى ئېتىقادىنى قوغداشـقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشـى كېرەكلىكىنـى، يېڭـىلا سېتىپ ئالغـان ئۇيغـۇر ئۆيىدىـن ئۈنۈملـۈك پايدىلىنىشـنى دائىــم تەكىتلىدى.

17 ـ رابىيــە قادىر،ئۇيغۇرنــىڭ كىشـىلىك ھوقـۇق دەۋاسـىنى تىنـچ يـول بىلـەن ئېلىـپ بېرىشـنى داۋاملاشـتۇرۇپ، خىتــاي بىلــەن دىئالــوگ قۇرۇشــقا مۇراجىئــەت قىلــدى.

19 ـ رابىيــە قادىــر ھازىرغىچــە تەخمىنــە 17 قېتىــم ئامېرىــكا دۆلــەت مەجلىســدە گۇۋاھلىقتىـن ئۆتـۈپ، خىتــاي ھۆكۈمىتــى دەپسـەندە قىلغــان ئۇيغـۇر كىشـىلىك ھوقـۇق خاتىرىسـىنى، دۆلـەت مەجلىسـىنىڭ ئەزالىرىغـا ئاشـكارىلىدى. يەنــە بىــر قېتىــم گۇۋاھلىقتىــن ئۆتــۈش 2012 ـ يىلــى 7 ـ ئاينىــڭ 25 ـ كۈنــى ئامېرىــكا دۆلــەت مەجلىســدە ئېلىــپ بېرىلــدى.

20 ـ ئــەرەپ ئىســلام دۇنياسـىنىڭ تەشـۋىقات ـ مەتبۇئــات ۋاسـتىلىرىدا، ئۇيغۇرنــى تونۇشـتۇرىدىغان پىروگىرامىمنــىڭ بىرىــدە 2012 ـ يىلــى 7 ـ ئاينىــڭ 31 ـ كۈنــى ئەتىگەنــدە قاتارنىــڭ "ئەلجەزىــرە تېلېۋىزىيــە" قانىلىــدا ئۇيغـۇر مىللى ھەرىكىتىنىــڭ رەھبىــرى رابىيــە قادىــر خانىــم تونۇشـتۇرۇلدى. بــۇ پىروگىرامىمنىــڭ ۋاقتــى 1 سـائەتتىن ئارتـۇق بولـدى. بـۇ ھەقىقەتـەن بۈيـۈك بىـر ئىـش بولـدى.

21 ـ رابىيــە قادىــر خانىــم "2012 ـ يىلىدىكــى خەلقئارادىكــى تەسىرى ئــەڭ كۈچلـۈك 500 مۇسـۇلمان" نىـڭ بىـرى بولـۇپ باھالىنىـپ، شـۇ سـانىنىڭ ئىچىـدە 49 ـ مەرتىۋىگــە قويۇلــدى. بۇمــۇ ھــەم ئىنتايىــن ئۇلـۇغ بىـر ئىـش بولـدى.

22 ـ ئۇيغــۇر مىللــى ھەرىكىتــى رەھبىــرى رابىيــە قادىر خانىــم، 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىــڭ 17 ـ كۈنــى ئامېرىكىنىــڭ "خەلقئارالىــق ئەركىنلىــك مۇكاپاتــى" غــا ئېرىشــتى. بــۇ مۇكاپاتنىــڭ بېرىلىشــى ئەلىيــۇل ئەلالــق ئۇسـتىگە يەنــە بىــر قېتىملىــق دەنــا غەلىبــە بولــدى. جەمئىــى 6 قېتىــم مۇكاپاتقــا ئېرىشــتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومىگەر پومىشچىك ئايرىلىپ، 1952 - 11 - ئايدىن 1955 - يىلى 11 - ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.

2. سىدىقھاجى روزى، 1968 - يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى" نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ، 3 - باتالىيون ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1977 - يىلى 10 - ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدەۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8 يىل 9 ئاي ھەپسىدە ياتتى.

3. رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، بااجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

4. ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن 7 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5. ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 - يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ 3يىللىق "لاۋجاۋ" غا ھۆكۈم

قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

6. ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم 2006-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

7. رابىيە قادىر،2013-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە فىرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ،تۇنجى قېتىم "دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.

سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۇچۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۇچۇن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37 يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.

2013-يىلى 7 ئاينىڭ 11-كۈنى ۋاشىنگتون.

ئادەتتە دۆلەت، ئۆرۈش ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ. مۇستەملىكە مىللەتلەرمۇ پەقەت ئۆرۈش ئارقىلىق ئازاد بولىدۇ ۋە پەقەت ئۆرۈش ئارقىلىق غەلبە قىلىپ ئۆرۈش ئارقىلىق مۇستەقىللىق جاكارلىيالايدۇ. زامانىمىزدا جەنۇبىي سۇدان، كوسوۋو، شەرقى تىمور قاتارلىق يېقىندىلا مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى ۋە بىزنىڭ باشتىكى قاراشلىرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. مۇستەملىكچىلىك ئۆرۈشلىرى مۇستەملىكچىلەرنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەتكە تاڭغان ئۆرۈشلىرى، ۋە مۇستەملىكە بولۇشنى خالىمىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكچىلەر ئاچقان ئۆرۈشقا ئۆرۈش بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقنى قوغدىغانلىقى قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكچىلىكتىن قۇتۇلۇپ دۆلەت قۇرۇشىنىڭ دۇنياۋى تارىخنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن باشقا تىنچ يول بىلەن مۇستەقىللىق نىشانىغا يەتكەن ياكى تارىختا قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىشلارمۇ زامانىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەردى. بۇنىڭغا بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇستەملىكە بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا «ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ۋە خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى» ماۋزۇلۇق كىتابىمىزدا ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتتۇق. بىر مىللەتنى ئىككىنچى بىر مىللەت چوڭ دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىك يوللار بىلەن بويسۇندۇرۇش، بىر دۆلەتنى ئىككىنچى بىر دۆلەت ئۆرۈش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىگە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىغا قىلىنغان ھاقارەتتۇر. ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشنى دۇنيادا ھەرقانداق دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بىراق، چوڭ دۆلەتلەر، كۈچلۈك دۆلەتلەر، كىچىك مىللەتلەرنىڭ دۆلىتىگە شۇنداق تاجاۋۇز قىلىدىكەن، ئاجىز مىللەتلەرنى زوراۋانلىق بىلەن بېسىپ ئالالايدىكەن، مۇستەملىكە قىلىۋالالايدىكەن، قۇل قىلىۋالالايدىكەن. بۇنداق چاغدا ئادالەت نېمە، كۈچ نېمە دېگەن سوئالمۇ ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدىكەن......

بۈگۈن ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرىستاندا مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ

يىللىرىدا ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىدىن، روسىيىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيە جۇڭگودا قۇرۇپ چىققان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى ئاغدۇرۇپ، ستالىننىڭ قوللىشىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان سىياسى پارتىيە ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا خىتاينىڭ ئاۋۋالقى پارتىيىسى گومىنداڭ خەلقئارا ياردەمگە تايىنىپ، ستالىننىڭ ماقۇللىقى بويىچە ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. 50ـ يىللاردا خىتاينىڭ جۇڭگودا غەلبە قىلغان پارتىيىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ، ئۇيغۇرىستاننى ستالىننىڭ ياردىمى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم مۇستەملىكە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنى قۇل مىللەتنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى، مال ـ بىساتىنى، يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىنى بۇلاپ تالىدى. يەنە تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ مال ـ بىساتىنى بۇلاپ ـ تالاشقا "سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش" دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇۋالدى. ئۇيغۇرلار ئاخىرقى قېتىم قۇرغان جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى، بۇ دۆلەت، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، قانۇن تۈزۈم، ئەخلاق نىزاملىرىنى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيىۋى ئەھكاملىرىنى بىت ـ چىت قىلدى. ماۋزېدۇڭ، ستالىن بىلەن بىرلىشىپ بۇ دۆلەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى 6 نەپەر دۆلەت باشلىقىنى "ئايروپىلان ۋەقەسى" گە باھانىداپ، سابىق سوۋېتلەرنىڭ دۆلەت چېگراسى ئىچىدىكى بايقال كۆلى ئەتراپىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈردى. ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ قىلمىشى نوپۇز يوقۇتۇش ـ دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى، ئۇيغۇرىستاندا ئاخىرقى قېتىم 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئاخىرقى ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇزىنى يوقۇتۇش ئىدى.

دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئۇيغۇر مىللىتى، دۆلەت ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن تەڭلا ئاۋۋال پۈتۈنسېرى مىللەت، ئاندىن بۇ مىللەتنىڭ ئەزالىرى ئەركىنلىكتىن، ئەركىن پىكىر قىلىشتىن، ئەركىن

تەشكىلاتچىلىق قىلىشتىن مەھرۇم بولدى. بۇيۇك تەبىئەت يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتلەر دائىرىسىدە مەزلۇم مىللەتنىڭ ئەزالىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق بەخت يارىتىپ شۇ بەختتىن ھوزۇرلىنىشقىمۇ ھوقۇقلۇق بولالمىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ جىسمانى كۈچىگە، زېھنى كۈچىگە تايىنىپ باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن باستۇرۇلدى. ئۇيغۇرىستان بۇ مۇستەملىكە ئەلدە تەربىيە كۆرگەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئاقىلانە نىيەت ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆز مىللىتىنىڭ پاراۋانلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىغا سەرپ قىلاي دېسىمۇ، مۇمكىنلىككە ۋە ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدى. مۇستەملىكە جەمئىيەتنىڭ قالاق ئىستىخىيىلىك كۈچىمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە بېسىم پەيدا قىلىش مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، بۇ جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشىش ئىستەكلىرىدىن چاندۇرۇپ، قەيەرگە قېقىپ قويسا شۇ يەردە جىم تۇرىدىغان بىر تال مىققا ئوخشاش ئادەمنى، ئەنە شۇنداق مىققا ئوخشاش رول ئالىدىغان ئادەملىك ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇيغۇر ياشلىرى ئىجتىمائى ئاڭ كىرگەندىن باشلاپ، ئادەملەردە ئارزۇ-ھەۋەسنىڭمۇ بىر نىشانغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسىمۇ، مۇستەملىكە ئەل ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشىنىڭلاركى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى خالىغان تەرەپكە قويۇۋېتەلمىدى. مۇستەملىكە ئەل ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشىنىڭلاركى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى خالىغان تەرەپكە قويۇۋېتەلمىدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا شۇڭا كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋىسى ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغاندا، ئۈمىدسىزلىك ئىزتىراپىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. رەھىمسىز بولۇپ كېتىپ، ھېسداشلىق قىلىش مېھرى-مۇھەببەت يەتكۈزۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى. بۇ ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ئادەمدىن قاچقانلىقى، ياتلاشقانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان، ئادەم، ئادەمگە دۈشمەن بولىدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

شۇنداق ئەھۋاللارغا كۆرە، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر ياشلىرى شىددەتلىك، خۇددى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ قارا بېسىپ چۇراپ ئورنىدىن

تـۇرۇپ كەتكەنـدەك، ئۇيغـۇر ياشـلىرى شـىددەتلىك ئويغىنىشـقا باشـلىدى. ئۇيغۇرلارنىـڭ كۆكـرەك كېرىــپ ئوتتۇرىغــا چىقىــپ تـوۋلىغــان شوئار ـ ســادالىرى ئـاۋۋال مۇسـتەملىكچى خىتاينىـڭ ئۇرۇمچىگـە قـۇرۇۋالغـان ئوردىسـىنى تىترىتـىپ، خىتـاي مەملىكىتىنـى ئايلىنىـپ پۈتـۈن دۇنياغـا تارقىلـىپ بـۇ سـادا، مۇسـتەملىكە ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ مۇسـتەقىللىق ئۈچـۈن توۋلىغـان سـادالىرى ئەۋلاتلىرىغـا يالداما قالـدۇرۇپ تېنىـق كۆككـە سـىڭىپ كەتتـى. ئۇيغۇر بىلـەن ئۇيغۇر ئوتتۇرىسـىدىكى مېھرىبانلىـق، ئـۆز ئـارا كۆيۈنـۈش، ھېسداشـلىق قىلىـش، بىر ـ بىرىگـە يـاردەم قىلىش شـۇ ھامـان ئەسـلىگە كەلـدى. ئىتتىپاقلىق يۈرتۋازلىقنى بېسـىپ چۈشـتى. ئـۆز ئارا ئىشـەنچىنىڭ ئەسـلىگە كېلىشـى خىتـاي مۇسـتەملىكچىلىرىنى تەمتىرىتىپ قويـدى. ئالاقـزادە قىلىۋەتتى. مانـا بۇ ھەقىقى مەنىدىكى مىللەتنىڭ ئويغىنىشـى، ئۇيغـۇر ئەنئەنـۋى جەمئىيتىنىـڭ ئىنقىـلاب نەسـەبىنى سېغىنىشـى، مەقسـەتلىك ئاڭنـى ئەمـدى بۇگۈنگـە كەلگەنـدە ئەقلىغـا ۋەكىل قىلىـپ، سىياسـى، ئىجتىمائى كـۈچ پەيـدا قىلىـپ، خىتايغـا قارشـى تىغمۇ ـ تىـغ قارشىلىشـىپ تۇرالايدىغـان بىـر ۋەزىيـەت يەنـى ئىككـى مىللـەت ئوتتۇرىسـىدا ئـۇرۇش ھالىتـى ۋەزىيتىنـى ياراتتـى. ياشىسـۇن ئۇيغـۇر!!!

## بىرىنچى باب ۋەتەن دەۋاسى

"ۋەتـەن دەۋاسـى" دېگـەن نىمـە؟ بـۇ ماۋزۇنـى بىـر نەچچـە جۈملـە سـۆز بىلـەن چۈشـەندۈرۈپ كەتكىلـى بولمايـدۇ. نىمـە ئۈچـۈن ۋەتەن دەۋاسـى دەيمىز، دەيدىغـان ئۇقۇمنـى ئوتتۇرىغـا چىقىرىپ، تولـۇق مەنىدە ئۇقۇمغـا لوگىكىلىق تەبىر بېرەلمەسـلىكىمىزمۇ مۇمكـىن. ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن ۋەتەن دەۋاسـى قىلغان مىللەتلەر بولغانمـىدى. بولغـان بولسـا، كىمگـە قايسـى دۆلەتكـە دەۋا قىلاتتـى، نېمىنـى دەۋا قىلاتتـى. بـۇ توغرىـدا قىسـقىچە توختۇلـۇپ ئۆتىمىـز. ئىنسـانىيەتنىڭ بىـر ـ بىرىگـە بېقىنىـپ ياشـايدىغانلىقى، بىر ـ بىرىگـە ھۇجـۇم قىلىـپ، تاجـاۋۇز قىلىپ، بىر ـ بىرىگـە دوسـت بولـۇپ ياشـايدىغانلىقى بەلكـى ھەر قايسـى قىتئەلـەردە، ھەر قايسـى رايونـلاردا ۋەتـەن دەۋاسـى دەيدىغـان بىـر دەۋانـى ئوتتۇرىغـا چىقارغـان بولۇشـى تەبئـى ۋە مۇمكـىن بولىدىغـان ئىشـتۇر. يېقىندىـن ئىيتسـاق شـەرقى

تىمورلار، كوسوۋولۇقلار ۋەتەن دەۋاسى قىلدى، كوسوۋولۇلار ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ غەلىبە قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبە مۇستەقىللىق ـ جاكارلاپ كېيىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈدىغان ئاخىرقى كۈن، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كوسوۋولۇقلار يەنە 10 يىلدەك جاھاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قاتراپ يۈرۈپ دىپلوماتىك پائالىيەت بىلەن خىزمەت ئىشلەپ كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش، مەدەت بېرىش جەھەتتە خەلقئارا كۈچ توپلىدى. كوسوۋولۇقلارنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلىرىنى سىبرىيە باشقا دۆلەتلەرگە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىپمۇ توسۇپ قالالمىدى. ئاخىرى ياۋروپانىڭ جەنۇبىدا بىر مۇسۇلمان دۆلىتى دۇنياغا كەلدى. بۇ دۆلەتنى بىرىنچى بولۇپ قۇدرەتلىك ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلىتى ئېتىراپ قىلدى.

ۋەتەن دەۋاسىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە نەزەر ئاغدۇرساق، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز تىبەتلەرنىڭ ۋەتەن دەۋاسىدۇر. تىبەتلەر خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان يىللار 1959 ـ يىلدىن باشلاپ، تىبەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، لىخاسادا زور كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، دالاي لاما ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھازىرقى ھىندىستاننىڭ زېمىنى دارامسالاغا قېچىپ بېرىپ، مۇساپىرلار لاگېرى قۇرۇپ، تىبەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىمۇ، يەنىلا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بىر بازا ـ دارامسالا تىبەت مۇساپىرلار لاگېرى قۇرۇپ چىقتى.

ئامېرىكا قوللىسا پۈتۈن دۇنيا قوللايدىكەن، ئامېرىكا قوللىمىسا پۈتۈن دۇنيا قوللىمايدىكەن. ئامېرىكا قوللىغانلىقى ئۈچۈنلا بۈگۈن تىبەتلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ھەتتا، تىبەتلەر، ئامېرىكا قوللىغانلىقى ئۈچۈنلا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن بىر رەۋىشتە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، تىبەتلەر مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ سىياسى مەسىلىسى بولۇپ قالدىكى، ـ 1991يىلى ئامېرىكا

دۆلەت مەجلىسى تىبەت توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، ”تىبەتلەر تاجاۋۇز قىلىنماستىن بۇرۇن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى“ دەيدىغان مۇنداق بىر سىياسى ئۇقۇم ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئىمزا قويۇشى ئارقىلىق رەسمى چەكلەش كۈچىگە ئىگە قانۇنغا ئايلىنىپ، ھەر نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلار ئەمەل قىلمىسا، ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان قانۇن بولۇپ قالدى. 1991 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن كىمدۇ بىرسى دالاي لامانى قوبۇل قىلغان بولسا، 1991 ـ يىلىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىرى، دالاي لامانى قوبۇل قىلىشنى رەسمى كۈن تەرتىپكە قويۇپ، دۆلەتنىڭ ھەم ئىچكى ھەم تاشقى سىياسىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىن ئېيتقاندا پۈتۈن خەلقنىڭ دالاي لامانى قوللىشى ھەر يىلدا بىر قېتىم دالاي لامانى ئامېرىكىغا تەكلىپ قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ۋە ھېلىقى قانۇنغا مۇۋاپىق بولۇپ كەلدى. پرېزىدېنتنىڭ دالاي لامانى قوبۇل قىلىپ دۇنياغا ۋە خىتايغا ھەر قېتىم سىياسى سىگنال تارقىتىشىمۇ بىر تەرتىپكە ئايلاندى.

شۇڭلاشقا تىبەت مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا، تىبەت مەسىلىسىنى بىرلىك سەپنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان سىياسەتكە ئايلانغان بولسا، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاتالمىش قانۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاتالمىش قانۇننى تەدبىقلايدىغان، ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق باستۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قېلىۋەردى.

تىبەت مەسىلىسىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرلىك سەپنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغانلىقى مەسىلىسى، تىبەتنى خىتاينىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ ئەتمىگەندىمۇ، تىبەت مەسىلىسىنى بىرلىكسەپنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش ھەر ھالدا شۇنداق ھۆكۈمرانلىقنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ ئېتىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى تەييارلىغاندەك بىر ئىش بولدى. بۇ قەدەم، تىبەتنى خىتاينىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل چىقىرىپ ئەتمىگەندىمۇ، ھەرھالدا تىبەتكە شىياڭگاڭچە ئالىي ئاپتونومىيە بېرىش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەمۇرى ئالىي ئاپتونومىيە بېرىپ خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېلىپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ قالدى.

باستۇرۇش لېكىن باستۇرۇشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئومۇميۈزلۈك قانلىق باستۇرۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرمەسلىك، تىبەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ستېراتېگىيىلىك سىياستى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسا تىبەتلەرگە 2008 ـ يىلىغىچە شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن بولسا، 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تىبەتلەر شىددەتلىك كۆتۈرۈلگەندە خىتاينىڭ مۇستەملىكچى ئارمىيىسى تىبەت ئىسيانكارلىرىنى شىددەتلىك باستۇردى. قارىغاندا خىتايدا تىبەتنى باشقۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك سىياستىمۇ ئۆزگەرگەندەك، ئىلگىرىدىنلا قېلىپلاشقان بىر خىل سىياسى مۇئامىلە سىستېمىسىمۇ ئەمدىلىكتە ئۆزگەرگەندەك بىلىندى. بىراق، تىبەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تىبەت ئىسيانىنى باستۇرۇشى، خەلقئارا جەمئىيەتكە ”بۇ يەردە ئۈچيۈز سەر تەڭگە يوق“ دەپ ئۇچۇر تارقاتقاندەك بىر ئىشنى ئۇچۇر قىلىپ تارقاتقان بولسا، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىغا ھەم ئولىمپىكتىن ئاۋۋال تىبەتلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. بىز ئەسكەر چىقىرىپ باستۇردۇق دەيدىغان خىتاي پۇقرالىرىنى ئەمىنلىككە چاقىرىدىغان، خىتاي پۇقرالىرىنى جىم بولۇشقا چاقىرىدىغان جىم بولمىسا ۋەتەن پارچىلىنىپ كېتىدۇ دەيدىغان بىر ئۇچۇرنى تارقىتىپ ئولىمپىكنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ ئالماقچى بولدى. ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقۇش، تىبەتلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا باستۇردۇق؛ ئالدىمىزدا ئولىمپىك مۇراسىمۇ تۇرىدۇ، خىتاي پۇقرالىرى ئىش تېرىپ قويماڭلار، دەيدىغان تەسەۋۋۇردىكى ئىككى خىل مەقسەتكە تەجرىبىلەشكەن ئىككى خىل ئۇسۇل چارە بىلەن تاقابىل تۇرۇش خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئويناپ چىققان سىياسى نەيرىڭى بولۇپ ھېسابلاندى.

تىبەتتە باشلانغان ئىسيان تاكى ئىسيان باستۇرۇپ بولۇنغىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقە پارتلاشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ”دالاي لاما گورۇھى كۈشكۈرتتى“، ”بۇ ۋەقەنى پىلانلىغۇچى دالاي لاما“ دەپ، تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭغىچە جىم تۇرغان دالاي لاما، تىبەتتە باستۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى لىخاسا كۆتۈرۈلۈشىنى ۋە لىخاسا قىرغىنچىلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى پىلانلاپ ئۆزى رېژىسورلۇق قىلغان بىر قېتىملىق سىياسى سۇيىقەست دەپ ئاتىدى. ھەر ئىككى تەرەپنى تارقىتىۋاتقان ئۇچۇرى ھەر

ئىككى تەرەپ سىياسى مەقسىدىنىڭ بىر تەرەپى دەيلۇق؛

خۇددى تېلېۋىزوردا ھەر كۈنى سۆزلىنىپ تۇرىدىغان ئىقتىسادقا باغلىق رېكلام ئىستىماللچىلارنى مەمنۇن قىلالمىغاندەك، سىياسەتكە باغلىق تەشۋىق - تەرغىباتمۇ، مۇناسىۋەتلىك پۇقرالارغا تەسىر قىلغاندا پۇقرالارنىڭ ھېچ نېمىگە يارىمايدىغان ئالامانىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. قايتا - قايتا تەكىتلىنىۋاتقان "ۋەتەننىڭ بىرلىكى" نى قوغداش، قايتا - قايتا تەشۋىق - تەرغىپ قىلىنىۋاتقان، "مۇقىملىق، مىللى بۆلگۈنچىلىك" دەيدىغان سىياسى تېما ئارقىلىق پۇقرالارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ رەت قىلىش، تەنقىد قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرەتتى.

ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا سىياسى بېسىمى ئارقىلىق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بەلگىلەنگەن تىبەتنى بىرلىك سەپنىڭ ئوبيېكتى قىلىش، 2008 - يىلدىكى باستۇرۇش ئارقىلىق، بىكار قىلىنغاندەك بىلىنسىمۇ لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە تىبەتتە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش قانۇنى ئارقىلىق سوتلاپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى ئارقىلىق ئوچۇق سوت ئېچىپ، تىبەتتە كىمدۇ - بىرسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ياكى كىچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش دەيدىغان ھۆكۈمنامە ھېچ بولمىغاندا ھازىرغىچە سوت ئارقىلىق ئېلان قىلىنمىدى. 2008 - يىلى شۇنداق زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن بولسىمۇ سىياسى جىنايەت ئۈچۈن تىبەتتە سوت ئېچىلدى، تىبەتتە سىياسى جىنايەت ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىدى.

2002 - يىلى خىتاي - تىبەت سۆھبىتى رەسمى باشلاندى. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ خىتاي - تىبەت سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلغان. ھەتتا دالاي لامانىڭ ئاكىسى جودى بىيجىڭغا بېرىپ دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، دېڭ شياۋپىڭ، "مۇستەقىللىقتىن باشقا نېمە تېمىدا سۆزلەشسەك، سۆزلەشسەك بولىدۇ" دېگەن چاغلارمۇ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن 2002 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە خىتاي - تىبەت سۆھبىتى توققۇز قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، يېقىندا دالاي لامانىڭ، بېيجىڭ تەرەپ بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان ئىككى نەپەر ۋەكىلى، ۋەكىل بولۇپ سۆھبەت ئېلىپ

بىرىش ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

تىبەت مەسىلىسى ھەل قىلىنىشى كېرەكمۇ، ھەل قىلىنغاندا زادى قانداق ھەل قىلىنىشى كېرەك؟

كېيىنكى ئىككى يىلدىن ھازىرغىچە تىبەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، تىبەتنىڭ سىرتىدا بولۇپ جەمئىي 104 نەپەر تىبەتلىك ياش خىتاينىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەسكىن ھەرىكەت بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋېلىش بويىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، "دالاي لاما تىبەتكە قايتىپ كېلىشى كېرەك"، "تىبەت مۇستەقىل بولۇشى كېرەك"، دەپ شوئار توۋلاپ جاھان خەلقىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى شۇكى، ھېچ كىم بۇنداق ساداغا قۇلاق سالمىدى. پاسىبانلار قىياپىتىگە كىرىۋالغان پاسىبانلارمۇ بۇ ساداغا قۇلاق سالمىدى. بۇ ئەھۋال بىزنى ئەجەبلىنىشكە، ھەيرانلىققا ئېلىپ كەلدىكى، كەيىندىنلا ئۈمىدسىزلىكمۇ بىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قائىدە بويىچە دالاي لاما ئاللىبۇرۇنلا ۋەتىنىگە قايتىشى كېرەك ئىدى...... لېكىن ھازىرغىچە ۋەتىنى تىبەتكە قايتالمىدى...... 2013 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دالاي لاما 78 ياشقا كىردۇ...... ئاز كەم 60 يىل...... سىياسى سەرگەردان بولۇپ خەلقئارادا زور قوللاشقا ئېرىشىپمۇ، ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك قوللىشىغا ئېرىشىپمۇ شۇنىڭغىچە دالاي لاما ۋەتىنىگە قايتالمىسا جاھاننىڭ سىياسى ئىشلىرىنى زادى نېمە دېگۈلۈك......

تىبەت مەسىلىسىگە ياندىشىپ بولۇپ كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىمۇ دۇنيا سەھنىسىدە پەيدا بولدى. خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان تىبەت بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسى مەسىلىسى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشلىق مەسىلە، تىبەت مەسىلىسى ھەل بولغان ھامان ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارا جەمئىيەت ئارقىغا تاشلاپ قويالمايتتى. تىبەت بىلەن ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇش قورالى زادى نېمە بولىشى كېرەك؛ دېمۇكراتىدىمۇ دەيمىز، كىشىلىك ھوقۇقمۇ دەيمىز، دېموكراتىيىنىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنىمۇ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ خىتايدىن ئالمەن دېيىش، بۇ بىر ئەخمەقنىڭ خىيالىدۇر. خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا، تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بۇ قانداقتۇر

دېموكراتىيە مەسىلىسى ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس. سىياسىي ئۆزىدىن ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى، سىياسىي ئۆزىدىن سىياسىي مەسىلە ۋە ھەربىي ئىشلار مەسىلىدۇر. سىياسىي ئۆزىدىن بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا تىبەت بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ شەكلى، ئۇيغۇر بىلەن ختاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ شەكلى، مىللەتچىلىككە قارشى مىللەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان كۈرەش شەكلىدۇر. ئۇيغۇر بىلەن ختاي، ختاي بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى ھالەت، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىۋاتقان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھالىتىدۇر.

يېقىندا 2013-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى ۋاشىنگتوندا "خەلقئارا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى"، نىڭ يېتەكچىلىكىدە "ختاي بۆرۈلۈش نوختىسىغا يېتىپ كەلدىمۇ" ماۋزۇسى ئاستىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لوئىسا خانىم ئىككىنچى بولۇپ سۆزگە چىقىپ، ئۇ سۆزىدە تىبەت ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ بۇ ئىككى رايوننى "ئازاب ئۇقۇبەت ئارىلى" دەپ ئاتىساق ھەرگىز ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىككى رايوننى "ئازاپ ئوقۇبەت ئارىلى" دەپ ئاتىساق ھەرگىز ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتتى"؛ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ختاي مىللەتچىلىكىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقى، بۇنداق تەشۋىق قىلىشنىڭ ختاي مىللەتچىلىكىنى ئاشۇرۇش بىلەن تەڭ ئوخشاش ۋاقىتتا، ختايلارنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشىدەك ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى " ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. دېمەك، لوئىسا خانىمنىڭ ختاي مىللەتچىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدە ئۇيغۇر بىلەن تىبەتنىڭ سىياسىي دەردىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ختاي مىللەتچىلىك بىلەن ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى يوقاتماقچى بولدى؛ ختاي مىللەتچىلىك بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنى يوقاتماقچى بولدى؛ ختاي مىللەتچىلىك بىلەن ئۇيغۇر بۇ ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە

قىلماقچى بولدى، خىتاي ئىقتىسادى مىللەتچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات يوللىرىنى، ماكانىنى تارايتىۋەتتى. خىتاي يۇقىرى بېسىملىق مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى.

## ئىككىنچى باب مىللەتچىلىك

مىللەتچىلىك دېسە ھازىرقى دۇنيادا قۇلاققا مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلىنامدۇ، قانداق. ھەرقانداق مىللەتنىڭ ھەر قانداق ئەزاسى ئوچۇق سورۇندا، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلمىسا كېرەك. چۈنكى، مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلغۇاتقان شۇ سورۇندا ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرى سۆھبەتكە ئارىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما مىللەتچىلىك ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئېڭىدا يەنى مەيلى يۇقىرى تەبەقە بولسۇن، مەيلى تۆۋەن تەبەقە بولسۇن، مەيلى رەھبەرلىك قاتلىمدىكىلەرنىڭ بولسۇن،دېگۈدەك ھەممىسىنىڭ ئېڭىدا مىللەتچىلىك بولىدۇ. مىللەتچىلىكنى داۋىراڭ قىلماي تۇرۇپ مىللەتچىلىك قىلىش ھازىرقى دۇنيادا قۇۋۇلۇشۇپ كەتكەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مودا بولۇپ قالدى. بۇنداق مىللەتچىلىكنى ئادەملەر مۇدىرنىزىملىق مىللەتچىلىك دەپ ئاتاشقا ئادەتلەندى تېخى.

مىللەتچىلىك مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى ئېڭى، مىللەت تۇرمۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋاملىقى ۋە ئەنئەنە ئەۋزەللىكى ئېڭى، مىللەت ئەلالىقى ئېڭى قاتارلىق ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ھەردائىم دېگۈدەك، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دېگۈدەك ئۆزىنى ئىپادىلىشى ئارقىلىق ئېھتىياجىنىڭ زورىيىدىن شۇنداق مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى پەيدا بولغان بولسا كېرەك دېسەك، مىللەتچىلىك ئۇقۇمىغا بەك ئاددى تەبىر بەرگەن بولىمىز.

مىللەتچىلىك ئادەتتە دۆلەتچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىللەتچىلىك مىللەت، ئىرق دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى تەن ئېلىش قاتارلىق ئۈچ خىل تەن ئېلىشنى مەزمۇن قىلغان ئىدېئولوگىيىلىك مىللەت ئۇقۇمى ئىنسانىيەت توپلۇشۇپ، غوجمەك بولۇپ ياشاشنىڭ نىگىزلىك بىرلىكى ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت بىلەن

سىياسەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقلىنىڭ ياكى ئەقىدىنىڭ ئاساسى دەپ قارالدى. كونكرېتلاشتۇرغۇندا، مىللەتنى بىرلىك قىلغان دۆلەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىردىن - بىر قانۇنلۇق ئاساسى؛ ھەرقانداق مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ دۆلەت قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ قارالدى. ئادەتتە مىللەتچىلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغان بۆيۈك ھېسسىيات بىردەكلىكى دەپمۇ قارىشىمىز لازىم. ئېچىۋېتىلگەن ئاڭلىق جەمئىيەتلەردە بىر مىللەتنىڭ بىر گەۋدە بولۇشىنى تەكىتلەش، نۆۋەتتە دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت بايان قىلغان مەدەنىيەت بىلەن سىياسەتنى تەكىتلەشكە ئۆرۈن بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ. سىياسەت بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنى تەكىتلەش، دۆلەت سىياستى بار مىللەتلەرنىڭ ئىشى بولسا، ھۆكۈمىتى يوق، ختايغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇردەك مىللەتلەر نېمىنى تەكىتلىشى كېرەك؟ ئۇيغۇردەك مۇستەملىكە مىللەتلەر مەدەنىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش، تەكىتلەش، دۆلىتى سىياستى بار مىللەتلەرنىڭ ئىشى بولسا، دۆلىتى، ھۆكۈمىتى يوق، ختايغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇغان ئۇيغۇردەك مىللەتلەر نېمىنى تەكىتلىشى كېرەك؟ ئۇيغۇردەك مۇستەملىكە مىللەتلەر مەدەنىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش كۈچىنى تەكىتلەش بىلەن ئەسلى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئاساسى بولغان ياكى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارىلىدىغان پىرىنسىپلىق ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش كېرەك بولىدۇ.

مىللەتچىلىك، مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى دېگەندە مىللەتنىڭ نامىدا، مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنى، مىللەتنىڭ نامىدا سىياسى مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى، مىللەتنىڭ نامىدا دۆلەت قۇرۇش غايە - ئىستەكلىرىنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىدۇ. مىللەتچىلەر، ئېنىق ئۆلچەم بويىچە، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش؛ مىللەتنى باشقا بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈش بىلەن بىرگە مىللەت ئەزالىرىنىڭ تەركىۋى، تەۋەلىكنى بىكىتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ياكى مىللەتكە، مىللەتچىلىككە ئۆلچەم بولىدىغىنى ئالاھىدىلىكلەر نېمىدىن ئىبارەت؟ ئورتاق تىل؛ ئورتاق مەدەنىيەت؛ مىللەتكە خاس بولغان ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئورتاق يۆنىلىشى، مانا بۇلار مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

ختايغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر بىلەن ختاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەدەنىيەت يوق؛ ختاينىڭ قىممەت قارىشى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق ئوخشاشلىق يوق. بۇ ئاللاھدىن باشقا دىنى ئېتىقاد ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق ھوقۇقى، ئاللاھنى بىرلىكىگە قوشقاندا مىللەتنىڭ ئۆزىنى تەن ئېلىشى يۇقىرىقىدەك مەنىۋى جەھەتتە تەن ئېلىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

مىللەتچىلەر، مىللى خۇسۇسىيەتلەر خۇسۇسىيەت ئاللاھدىنلىكى بويىچە، ئاللاھدىنلىككە قارىمۇ-قارشى ئىككىنچى بىر خىل ئاللاھدىنلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مىللى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزگە بەلگە قىلغان ھالدا ئىككىنچى بىر مىللەتنى چەتكە قېقىش بىلەن خاراكتېرلەنگەندە، ھەرقانداق سىياسى ساھەسىدە بۇنداق مىللەتچىلىك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ مىللى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاللاھدە ئورۇنغا قويۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ شۇنداق خۇسۇسىيەت ۋە شۇنداق ئاللاھدىنلىكلىرى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلالىغان مىللەتچى بازاردا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان مىللەتچىدۇر. مىللەتچىلىك چەتكە قېقىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. بىراق، ئۆزگە ئۆزى خۇجا بولۇش ئاللاھدىنلىكىنى تەييارلىمىغاندا باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قاققىلى بولمايلا قالماستىن، ھەتتا باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ. مىللەتچىلىك دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. تارىخى تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا مىللەتچىلىكنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا، ئەسلى تۇرىلىش بىلەنلا مىللى پەرقلەرنى يوقىتىش بىلەن بۈيۈك بىرلىكنى، ئاسمىلياتسىيە قىلىش يولى ئارقىلىق كىچىك مىللەتلەرنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلغان ماركسىزىممۇ، مىللەتچىلىكنىڭ تارىخى رولىنى ئېتىراپ قىلغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە مىللەتچىلىك، مىللى دۆلەت، دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى، ئاساسلىق نەزەرىيىسى بولۇپ قالدى. مىللەتچىلىك دۇنيانىڭ سىياسىتىگە، دۇنيا تارىخى ۋە دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ ياشايدۇ. ئۇيغۇردىن

باشقا مىللەتلەر، مىللىي دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغان بۇ دۆلەتلەردە مىللىي مەدەنىيەت بىلەن شۇ مىللەت ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ بىردەكلىكى جەمئىيەتنى تىزگىنلىگۈچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مىللىي دۆلەتلەر مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئەپسانىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلگەن.

مىللەتچىلەر غەيرى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، دەسلەپكى دەۋرلەردە مىللەتچىلىكى ھەرىكەتلىرى كۆپىنچە كاپىتالىزىمغا جۇملىدىن، ئاۋستىر ـ ۋېنگىر ئىمپېرىيىسى، بېرتانىيە ئىمپېرىيىسى قاتارلىق ئىمپېرىيىلەرگە قارشى تۇرغان. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەتلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان خەلىپىلىك تۈزۈمىنى غەيرى مىللەت دۆلەت تەركىبىگە كىرگۈزۈپ چۈشەندۈرگەن. بۇ خەلىپە ئەرەب بولامدۇ، تۈرك بولامدۇ، ماراكەش بولامدۇ ياكى ئوردۇ بولامدۇ، بۇ تەرەپلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمىغان پەقەت تۈزۈملەشكەن خەلىپە بىرلىكىنى تەكىتلىگەن. خەلىپىلىك تۈزۈم ـ 1924يىلى تۈركىيىدە ئاخىرلاشقان. ئېھتىمال ماركىسنىڭ مىللىي مەسىلەك سىياستى ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇنداق خەلىپىلىك تۈزۈمىدىن كەلگەن بولسا كېرەك.

مىللەتنى تەن ئېلىش، مىللىي دۆلەتنى ئەنئەنە بىلەن قانۇنىنىڭ (تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ) بىرلىكى دەپ قاراش، مىلەتچىلەرنىڭ ئەنئەنىسى دەپ قارىلاتتى. نۆۋەتتە مىلەتچىلىك، سىياسى ھەرىكەتكە، ھەربىي ئىشلارغا، مىللەتچىلەرنى قوللايدىغان تەشەببۇسلارغا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە، كەسكىن رېئاكسىيە دەۋرلىرىدە ھەتتا ئىرق تازىلاشقا، سىياسى سوتسىئولوگىيىگە تەئەللۇق ھالىدا مەتبۇئات خائىشى ـ پىكىرلەر خائىشىغا قارىتىلىدىغان بولدى.

## ئۈچىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى

مىللەتچىلىككە بېرىلگەن تەبىر ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، تالاش ـ تارتىش

ئۆزۈندىن بۆگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. مىللەتچىلىكنىڭ مىساللىرىمۇ كۆپ خىل، كۆپ مەنبەئەلىك بولۇپ كەلدى. مىللەتچىلىك توغرىسىدا توختالغاندا، ھەتتا كەسكىن، ئاشقۇن كەيپىياتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللەتچىلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە تەبىرىنى بايان قىلىش ئېغىر مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ بىرى شۇكى، ئادەملەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان رايونلاردا، رايون خاراكتېرلىك تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىپ، مىللەتچىلىك ئۇقۇمىغا تەبىر توغرىلايدۇ. بەزى مىللەتلەر دۆلەتچىلىك بىلەن مەدەنىيەت مىللەتچىلىكىنى تالاش ـ تارتىشنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسىشا ئايلاندۇرىدۇ. ئىرقلار توقۇنۇشى، ئۇرۇش، مەسىلەن، يۇگوسلاۋىيىدە يۈز بەرگەن كوسوۋو ئۇرۇشى، سېربىيىلىكلەر بىلەن ماكادونىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مىللەتچىلىكنىڭ ئاپېتى دەپ قارالدى. ئايرىم ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ مىللەتچىلىككە سەلبىي قارايدىغان كۆز قاراشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىللەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى باشقىلارنىڭ دۆلىتىدىن ئەۋزەل، ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىماسلىقىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بەزىدە بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان مىللەتلەر، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشنى تەرغىپ قىلىپ، بۆلۈنۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىشى مۇمكىن. مۇنداق تەشەببۇس بەزى ھاللاردا، ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئېتنىك تەركىبلەرنى تەن ئالغۇچى كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى ئەۋزەيلىتىپ ئىدېئولوگىيىلىك ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن توقۇنۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئەمەسلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قايسى بىرلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى يوقلىقىنى دەۋا قىلىشتى. شوۋىنىزىمچىلار ۋە ئاشقۇن ۋەتەنپەرۋەرلەر تاشقىرىغا ئۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىردىن ئەۋزەللىك تۈيغۇسىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدۇ. مىللىلەشتۈرۈشنىڭ قاتماق تەسىراتى ھەر دەقىقىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ كۆپ ھاللاردا ھاقارەتكە مايىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. يۇقىرىقىلار دائىم دېگۈدەك مىللەتچىلىك بىلەن باش كۆتۈرىدىغان ھادىسىلار ئورنىدا كۆپ ھاللاردا دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. لېكىن بۇ ھادىسىلار مىللەتچىلىكنىڭ ئادەتتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تەشكىل قىلالمايدۇ. ئاشقۇن

تىپلىق مىللەتچىلەر گويا دېگۈدەك مىللەتنىڭ دۆلىتىنىڭ باشقا دۆلەتتىن ئەۋزەل ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى، باشقا مىللەتتىن ئەلا، ئەۋزەل مىللەت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلماقچى بولىدۇ. مەسىلەن، خىتاي مىللەتچىلىرىگە ئوخشاش، 1997 ـ يىلى غۇلجىدا ۋە 2009 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندەك، يات مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىشىنى، شۇ مىللەتنى قىرغىن قىلىشنى تەرغىب قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىرق يوقىتىش ھەركىتىنى دۇنياۋى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، خىتاي ئۈرۈمچىدە يولغا قويغان ئېتنىك قىرغىنچىلىقنى تۈركىيىنىڭ باش باقانى ئەردوغان مىللەتنى مىللەت قىرغىن قىلغان ئېتنىك قىرغىنچىلىق دەپ تەرىپلىگەندەك... 63 يىلدىن بۇيان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىقى نىمە ئەكسىل ئىنقىلابچى، نىمە پومشىچىك، نىمە ئەكسىل ئىنقىلابچى تەشكىلات قۇردى، نىمە دىنى ئاشقۇنلۇق بىلەن شۇغۇللاندى، دەيدىغان جىنايەتلەرنى ئارتىپ قىرغىن قىلىش بىلەن خاراكتىرلەندى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئوخشاش مىللەتچىلىك، شەكلىمۇ ئوخشاش خىتاي مىللەتچىلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى. يۇقىرىقى ئاتالمىش جىنايەتلەرنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويۇش، پەقەت مىللەتچىلىكنى، يەنى خىتاي مىللەتچىلىكىنى نىقابلايدىغان يەنە ئىككىنچى بىر خىل خىتايچە رەڭۋازلىق ئىدى.

## تۆتىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ مۇقەددەسلىكى

مىللەتچىلىك بىر خىل ئاڭ، بىر خىل ئاڭ ھەرىكىتى، بىر خىل مۇقەددەس ئاڭنىڭ تۈگۈنى، بىر گۇرۇپپا، بىر غۇجمەك كىشىلەر بىر پارچە زېمىنغا بېقىنىپ ياشايدىغانلىقنى ھەر زامان تونۇپ يەتكەن. ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەر زامان تونۇپ يەتكەن. جاپا ـ ھالاۋەتتە بىللە بىر گۇرۇپپا، بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش، تىنچلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياراتقان تارىخىنى، تارىخ ئېڭى بويىچە تونۇپ يەتكەن، بىر توپ بىر گۇرۇپ ئادەملەرنىڭ ئېڭىدۇر. مىللەتچىلىك ئېڭىغا ياندىشىپ

كېلىدىغان يەنە بىر مەسلەك شۇكى، شەخسنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەڭ سەمەسى ساداقىتى، ئەڭ كەسكىن بېغىشلاش روھى بويىچە بارلىقىنى مىللىتىگە تەقدىم قىلالايدىغان ئادەملەرنىڭ ئېڭىدۇر. مىللەتچىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا يەنە ياراتقۇچى مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچى ئىقتىدارىدىن، مىللىتىنىڭ كۆرەشچان تارىخىدىن، مەغلۇپ بولغان تارىخ بولسىمۇ يەنىلا مىللەتنىڭ ئۆلمەيدىغان مىللى روھىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغان، تەڭرىنىڭ مۇشۇنداق بىر مىللەتنى ياراتقانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغان كىشىلەردۇر. مىللەتچىلىك تۇيغۇسى ۋە مىللەتچىلىك ئېدىراكىنىڭ بىر سەمەرىلىك ئىقتىدارى شۇ يەردىكى، مىللەتچىلىك ھەربىر شەخسنى بىر خىل كوللېكتىپ تۇيغۇغا ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان روھقا ئىگە قىلىدۇ.

خىرىستىيان دىنى زاۋالغا يۈزلەنگەن يىللاردا مىللەتچىلىك 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئاجايىپ روھى كۈچكە ئايلانغان. مىللەتچىلىك يېڭى بىر مەسلەك مەنبىئى بىلەن تەمىنلىگەن، مۇقەددەس مەسلەك ۋە ئىدىيىۋى كۈچ ئاتا قىلغان. مىللەتچىلىك كىشىلەرگە دائىم مىللىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ پاكىز ھېسسىيات قوزغايدىغان مۇقەددەس كۈچ ئاتا قىلغان. كىشىلەرگە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىش، قاتنىشىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ نۇقتىدا دوسلۇققا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغۇچى، خاسلىق بويىچە مىللەتنى تەن ئېلىش تۇيغۇسىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجلىرىنى روھى ئاساس بىلەن قاندۇرۇپ كەلگەن. مىللەتچىلىك يەنە ۋەتەننىڭ ھەربىر گىرەژدانىغا ۋەتەن ئۈچۈن بىر خىل ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئاتا قىلغان، ھەربىر كىشىنىڭ ئېڭىدا ھەم ئۆزى ئۈچۈن ياشايدىغان ھەم ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ۋەتەنداشلىرى ئۈچۈن ياشايدىغان بۇرچ تۇيغۇسى يارىتىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ قۇربان بېرىش روھى بىلەن مىللەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈشكە يول كۆرسىتىپ بەرگەن.

تارىختا دۆلەت قۇرغان، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم

دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە دۆلەت، ھۆكۈمرانلار ۋە شەخس ئىگەللىۋالىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈك ئەمەس، بەلكى دۆلەت بۇ خەلق ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ قارىلاتتى. مىللەت ۋە دۆلەت پادىشاھتىن، دىنىي جەمئىيەتلەردىن، مال - مۈلۈك، ھەددى - ھەرىكەت، ئۆز ئارا مەنپەئەتدار بولۇشلاردىن، مەھەللىۋى مەنپەئەتلەردىن، يۇرتۋازلىق ۋە يۇرت سۆيگۈسىدىن ئۈستۈن يەنە ئۈستۈن تۇرىدىغان غايە بىلەن رېيال مەقسەتنى بىرلەشتۈرىدىغان كۈچنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شۇنداقلا يەنە شۇنداق بىر قۇدرەتلىك كۈچنى يېتىشتۈرىدىغان كۈچ دەپ قارىلاتتى. ئەمما مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ بىر تەشكىللىگۈچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى جەلپ قىلغۇچى بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى نەزەرىيەلەشتۈرۈپ چۈشەنەلمىگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلەتكە ۋە دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىلىرىگە سادىق بولۇشتىن باشقا ھەرقانداق ساداقەت كۆرسىتىشلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمۇ ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ قېلىۋەردى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار، تارىختا دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرنىڭ مىللەتلىك روھىنى دەۋرىمىزدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەسلەش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالمىدى. ئۇيغۇرلار بىپەرۋا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ئەمەس، بەلكى زامان ئۆكتەملىرى شۇنداق ئىمكانىيەتكە ئورۇن قالدۇرمىدى. شۇ ۋاقىتلاردا دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلار، كىمگە سادىق بولۇشنى ئەمەس دۆلەتكە سادىق بولۇشنى، كىمگە ئىشىنىشنى ئەمەس، دۆلەتنىڭ كۈچىگە ئىشىنىشنى، ئۆزىنى كىمگە بېغىشلاشنى ئەمەس بەلكى ئۆزىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە بېغىشلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندە ئىدى، بارلىققا مىللەتچىلىك روھى بويىچە مۇئامىلە قىلىش يولىنى تاللاپ ئالالىغاندا ئىدى، بارلىققا مىللەتچىلىك پوزىتسىيەسى بىلدۈرەلىگەندە ئىدى؛ ئۆزىنى شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى، ئۆزىنى شۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى دەپ قارىيالىغاندا ئىدى؛ مىللەتچىلىك شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ كۆكلىگەن بولاتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ قالالىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نوپۇزغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مىللەتچىلىك پەقەت باشقا مىللەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۆزىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئۇقۇمى

بولمىغان مىللەتنىڭ ھوقۇقى مىللەتچىلىك بولۇپ قارىلاندى.

## بەشىنچى باب ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكى قانداق دۇنياغا كەلدى

ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكى قانداق دۇنياغا كەلدى؟ مىللەتچىلىكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى فىرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. فىرانسىيە ئىنقىلابى مۇنداق بىر پىرىنسىپ ـ قۇدرەتلىك ۋە ھەممىدىن ئەلا نوپۇز مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىدىن كېلىدۇ ۋە مىللەت كوللىكتىۋىدىن كېلىدۇ، دەيدىغان پىرىنسىپنى تەشەببۇس قىلاتتى. ستالىن ـ 20ئەسىرنىڭ ـ 30يىللىرىدا قىرغىزلاردىن ئەسكەر تەشكىللەپ، قىرغىز ئىسھاقبېكنى بېرىگادا باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، قەشقەردە ئۇيغۇر ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا ئىشلەتكەندە ”ياق، ھوي بۇ قىرغىز مېنىڭ قېرىندىشىم“ دەيدىغان، ئۆزبېك سېيتۋالدىجان قۇر بېشى قاتارلىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ ستالىن ئۇيغۇرنى ئىچىدىن پارچىلاشقا ئىشلەتكەندە، ”ياق ھوي، بۇ ئۆزبېك مېنىڭ قېرىندىشىم“ دەيدىغان ئۇيغۇرلار، سابىت داموللىدەك، خوجنىيازدەك ئىنقىلابچى ئۇيغۇرلار بۇنداق پىرىنسىپ ـ مىللەتچىلىك پىرىنسىپنى ئەسلا چۈشەنمىگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك پىرىنسىپلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن دىنى ئېتىقادى، ”دۇنيادا ئىككىلا مىللەت بار: ئۇنىڭ بىرى كاپىر، ئۇنىڭ بىرى مۇسۇلمان“ دەيدىغان فېئودال ھايانكەشلىك ۋە فېئودال ھىمايىچىلىق، سەپسەتلەشكەن ئىدىيىلەر يۇقىرىقىدەك مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى پىرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ياكى بۇ خىل پىرىنسىپلارنى ھىمايە قىلىشقا يول قويمايتتى.

خەلق ياكى مىللەت چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولۇش، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىتتىپاقلىششىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش، مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيتتى. خەلقنىڭ چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولۇشى مىللى تۇرمۇشنى تەشكىللەشتە، ھەل قىلغۇچ مەسىلە بولسا، ئۇيغۇر تېخى بۇنداق چەكسىز ھوقۇققا ئېرىشكىنىمۇ يوق. مىللەتنى تەشكىللەش، مىللەتنىڭ تەشكىللىنىشى بۇ پەقەت مىللەتنىڭ

ئىختىيارىغىلا تايىنىدىغان، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا تايىنىدىغان، بىر ئىش بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرنىڭ ئاڭلىق قاتلىمىغا نىسبەتەن مىللەتچىلىكتىن ئېيتقاندا، زادى نېمە كۈچكە تايىنىش كېرەك؟ ئىنقىلاب، نامايىش ھە دېگەندە مۆتىدىل، ھە دېگەندە ئاسايىش بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى ئىنقىلابقا ۋە نامايىشقا چىققان كىشى قارمۇ-قارشىلىقتىن خالىي ئىش قىلىمەن دېمۇ، ئېيتالمايدۇ. ئىنسانلار ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى قوغداشقا شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇققۇ، ئىنسانلارنىڭ شۇنداق قىلىشى يوللۇققۇ، مەسىلەن، ئىنسانلار زوراۋانلىققا دۇچ كەلگەندە، زوراۋانلىققا زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشقا ھوقۇقلۇققۇ دەيدىغان تۇيغۇ ۋە ھېسياتتا ئىنقىلاب، نامايىش قىلغاندا ئىنسانلار مۆلايىم پوزىتسىيە بىلدۈرۈش، مۆلايىم كۈچ كۆرسىتىش باسقۇچىدىن ھالقىپ، رېئاكسىيە دەۋرىگە، كەسكىن كۈچ كۆرسىتىش دەۋرىگە كىرىپ قالىدۇ، مىلەتنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى مىسلىسىز ئاشقۇن دەۋرگە كىرىپ قالىدۇ. 18 - ئەسىردە جۇمھۇرىيەت چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەندە، ياكوبىنچىلار فىرانسىيىدە مىللىي ئارمىيە تەشكىللەپ، مىللەتنىڭ بۇ ئارمىيىگە، ئارمىيىنىڭ بۇ مىللەتكە چەكسىز سادىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغان، 2009 -يىلى خىتاي ھۆكۈمەتلىرى گۇاڭدۇڭنىڭ شاۋگۇەن شەھرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئۈرۈمچىدىكى قېرىنداشلىرى مىللەتكە، مىللەت ھېسياتىغا، ئۇيغۇرلۇققا، مىللەتنىڭ ئەخلاق مەسئۇلىيەتكە چەكسىز سادىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، روياپقا چىقىرىپ، كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادالەت تەلەپ قىلىپ تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ، خىتاينىڭ ئوق چىقىرىپ باستۇرۇشىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇيغۇر نامايىشچىلار ئاشقۇن مىللەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرالىدى، خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئۇيغۇرلار مىللەتچىلىك بىلەن زەربە بېرەلىدى. ئەمما مەنپەئەتپەرەستلىك بىلەن قۇۋۇلۇق-شۇملۇقنى ۋاستە قىلغان ساخاۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇرلارغا ياردەم قولىنى ئۇزاتمىدى.

ئەپسۇسكى، شۇ چاغدا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بارلىق ۋاستىلەردىن- مەتبۇئات، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرى، كوللېكتىپ يىغىلىش، سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارغا مىللەتچىلىك،

ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا ئىدىيە تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئۇيغۇر مۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

شۈبھىسىزكى، مىللەتچىلىك رېئاللىقتا ئىپادىلىنىش يولى تاپالمىغاندا، چىقىش يولىغا ئېرىشەلمىگەندە، كۆپىنچە مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا پائالىيەت قىلىدۇ. مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنى ھېسىيات ئېقىمى بويىچە ئوبرازلاشتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ قەلب ۋە روھى دۇنياسىغا يەتكۈزۈپ، تارىخنى تەتقىق قىلىش، مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرىش ئەدەبىياتنىڭ ۋە ئەدىبلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالغاندا، بۇ ئىشنى بېجىرىش، بېجىرمەسلىك ئەدىبلەرنىڭ ۋىجدانىغا، ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىغا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىختىيار قىلىشىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە شۇنداق قىلالىغان زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيۇف، قاتارلىق رەھمەتلىك يازغۇچىلىرىمىز، شائىرلىرىمىز بۇ يولدا ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق نەمۇنىلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا خاس ھەرىكەت شەكلى ئەمەس ئىدى. دۇنيا تارىخىدا ھەر قايسى دۆلەتلەردىمۇ شۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قايسى دۆلەت مىللەتچىلىرى بۇ خىل ۋاستىلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، تارىختا رومانتىك مىللەتچىلەر دەپ ئاتالغان. جون خېردېر مىللىي روھ توغرىسىدا توختالغاندا: ئۇنىڭ قارىشىچە ھەر بىر مىللەت ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ھەم ئىجاتچانلىققا ئىگە. ھەربىر مىللەت ئانا تىلى، ئەدەبىياتى، خاتىرىلەش بويۇملىرى، ئاسارە-ئەتىقىلىرى، فولكلورى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاراستىنى ئىپادىلەيدۇ. دەپ كۆرسەتكەن. (ئېكىفدىيە) لېكىن خېردېر، شۇنداق دېيىش ئارقىلىق مەنىۋىيەت، مەدەنىيەت ساھاسىدىكى مىللەتچىلىكتىن، سىياسەت ساھاسىدىكى مىللەتچىلىككە سەكرەپ ئۆتەلمىگەن. ئۇ شۇڭا، مىللەت ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇشنىمۇ تەكىتلىمىگەن. بىراق، مىللەتنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيىتى ساھاسىدە، چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان گېرمان مىللىتى، سىلاۋيات مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تەسىرلەندۈرۈشكە، ئويغىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ خىل مىللىي روھقا سېغىنىش، يىللار ئۆتكەنسېرى

زىيالىلار ئارىسىدا تەۋرەش پەيدا قىلىپ، ئەسلىنى ئىزدەش، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە قايتا باھا بېرىش، ئەنئەنىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە شاكىلىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش، مىللەتنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى مەدھىيلەش، مىللەتنىڭ نامۇسلۇق تارىخىنى تەنقىد قىلىش، مىللەت ئېپتىخارىنى ئۇلغايتىش، مىللەت رازىمەنلىكىنى ئاساسقا ئىگە قىلىش، مىللەت غورۇرىنى تەربىيىلەش، تاۋلاش قاتارلىق مەدەنىيەت مىللەتچىلىكىنىڭ تەلەپلىرىگە، زامانغا يارىشا، زاماننىڭ تەلەپلىرى دائىرىسىدە ھەمدەم بولۇش ھەربىر ئادەمنىڭ بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ كەلدى.

ياۋروپادا رومانتىزىم، گېرمان مىللەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باشلامچىسى بولدى. بۇ رومانتىك مىللەتچىلەر گېرمان مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئېتنىكدىكى ئەسلىمىلەرنى ئويغىتىپ، گېرمان مىللىتىنىڭ ئۆزگە خاس غەيرىتى ۋە شىجائىتىنى تەكىتلەپ، بۇ شىجائەت، غەيرەتكە خەلقنى ئىشەندۈرۈپ ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشىغا ھېسسىياتەن ھەيدەكچىلىك قىلىپ، رومانتىك گېرمانىيە مىللەتچىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى گېرمانىيىتى مەدھىيىلەپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاق سۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مىللەت ئېڭىنى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشنىڭ ھالقىسى قىلىپ ھەدەپ يۇقىرى باھالىدى. ئۇلار شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خەلق بىلەن ۋەتەننىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىردەكلىكى، مىللەت روھى بىلەن ئۆزلۈكنىڭ بىردەكلىكى ئىچىدە ئىزدىنىپ، «مەن» نىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ”سەن ئەمەس مەن“ سەن ئەمەس مەن گېرمان دەيدىغان ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىشقا ئاشۇردى. رومانتىك مىللەتچىلەرنىڭ نەزەرىدە، مىللى ئورتاق گەۋدە قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولدى. بۇ كۈچ شەخسكە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تۇرغۇزۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى؛ شەخسنى تۇرمۇشنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. مىللەت شەخستىنى ئۈستۈن تۇراتتى.

ئۇيغۇرلاردىمۇ، «تۆگمەنس ناخشا»، «ئىز»، «ئانا يۇرت تېرولوگىيىسى»، «قۇياش قەسىدىسى»، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»، «يىللارغا جاۋاب»، «قايىنام ئۆركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق نەسرى، نەزمى ئەسەرلەر ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئەسلىمىلەرگە سىڭىپ

كەتكەن مىللىي روھنى، مىللىي رازىمەنلىكنى، مىللىي تەن ئېلىش تۇيغۇسىنى ئويغاتقۇچى بىر خىل مەنىۋى...... كۈچ بولۇپ ئۆزىنى كۆرسەتكەن.

قىزىقى شۇ يەردىكى، گېرمانىيە رومانتىك مىللەتچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى فىرانسىيە ئىنقىلابىغا يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان لىبىرالىزىملىق ئىدىيلەرنى دۈشمەنلىك باھالايتتى. ئىنقىلاب يولغا قويماقچى بولشان ئىسلاھاتچىلىق، شەخس بىلەن مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ، دەپ قارايتتى. ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نەزەرىدە، دۆلەت ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغدايدىغان ئىنسانىڭ ئىجادى مەھسۇلاتى دەپ قارىلاتتى. لېكىن رومانتىك مىللەتچىلەرنىڭ نەزەرىدە دۆلەت ئاجايىپ غەيرى مەخلۇق ئىدى. مىللىي روھنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەقىللىق بىلەن دۆلەت تەرتىپىنى ياراتقىلى بولمايتتى؛ دۆلەتنىڭ مەقسىتى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە تەبىئى كىشىلىك ھوقۇقنى دوغداش ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى پاراۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە دۆلەت، جانلىق ئورگانىك گەۋدە، ئۇ ھەر بىر ئادەمنى مۇقەددەس ئۆتمۈش بىلەن باغلاپ تۇرغۇچى ھەمدە دۆلەت بىر خىلى كوللېكتىپ ئاڭ شەكلىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئېسى-يادىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، دۆلەت ھەربىر پۇقرانى مىللەتكە قاراشلىق قىلىپلا قويىشى كېرەك ئىدى.

## ئالتىنچى باب مىللەتچىلىك ۋە ئەركىنلىك

مىللەتچىلىك ۋە ئەركىنلىك، بۇنىڭ ئىچىدە ئەركىنلىك خەلقئارالاشقان ئاتالغۇ لىبىرالىزىم دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇشبۇ يازمىمىزدا شۇڭا، مىللەتچىلىك ۋە لىبىرالىزىملىق دەپ ئىستىمال قىلىساق بولىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، لىبىرالىستلار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم يېتەكچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلار مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، چەتئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى شەخسى ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ داۋامى دەپ قارايتتى. مىللەتچىلەر: ئەگەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ زېمىنىدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقنى يولغا قويمىسا،

ئەركىنلىكتىن مۇتلەق ئىغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ياۋروپادا كىشىلەر، ياۋروپا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى مىللەتنىڭ دۆلەتلىرى مىللەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇق خەلقنىڭ قولىدا دەيدىغان ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ پەرەز قىلاتتى، تەشەببۇس قىلاتتى. دۆلەت شۇنداق قۇرۇلغاندا شەخسنىڭ ھەرخىل ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ كاپالىتى مۇمكىنلىككە ئايلىناتتى. («غەرب مەرىپەت تارىخى» خىتايچە نەشرى)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا ياۋروپادا لىبىرالىستلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتچىلىكنىڭ ئىچكى خەتىرىنى تونۇپ يەتكەن زىيالىيلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لىبىرالىستلار مىللەتچىلىك بىلەن لىبىرالىزىم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت دەپ ھېسابلايتتى. لىبىرالىستلار ئومۇمى يۈزلۈك تەبىئى ھوقۇقلار بارلىق مىللى چەك ـ چېگرالاردىن ھالقىپ كېتىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. (يۇقىرىقى كىتاب) بۇنداق دېگەنلىك تەبىئى ھوقۇقلار تەكىتلەنگەن يەردە مىللەتچىلىككە ئورۇن يوق دېگەنلىكمىدى، لىبىرالىستلار تولىمۇ ساددا كىشىلەرمىدى؟ بارلىق تەبىئى ھوقۇقلارنى ئېغىزغا ئالغان لىبىرالىستلار دۆلەت، دۆلەت ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەسمىدى؟ ”ئومۇمى يۈزلۈك تەبىئى ھوقۇق“لارنى پەقەت دۆلەت ھوقۇقى دائىرىسىدىلا، دۆلەت قانۇن تۈرغۇزۇش ئارقىلىق، تەبىئى ھوقۇقلارغا يول قويغان دائىرىدىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، دۆلەت تۈزگەن قانۇنلار ئارقىلىقلا تەبىئى ھوقۇقلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ھوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ياكى قايسى مىللەتنىڭ قولىدا بولۇشى، بارلىقنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلمەسمىدى. دېمەك، لىبىرالىستلار شۇنى بىلىدىغان بولسا، دۆلەت قۇرۇش، دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش، دۆلەت ھوقۇقىنى يولغا قويۇش بۇ ئەلۋەتتە مىللەتچىلىك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دۆلەتچىلىكنىڭ ھەرىكەتلىك ئىپادىسى بولۇپ قالاتتى. لىبىرالىستلار ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق روھنى تەكىتلەيتتى. ”بارلىق ئىنسانلار ئورتاقلىققا ئىگە، قانۇن ئالدىدا ھەر قانداق كىشى باراۋەر بولۇشى لازىم“، دېيىشەتتى. ئەمدى قارايمىزكى قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشى لازىم دەيدىغان بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ مەيلى بۇرژۇئازىيىچە مەيلى ماركىسچە بولسۇن، قۇرۇق گەپ

ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ”جىنايەتچى“ بولۇپ قانۇنغا دۇچ كېلىشى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە ۋەتىنىدە ئوخشاش جىنايەت ئۈچۈن خىتاي جىنايەتچىلەر بىلەن ئوخشاش سوت قىلىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولالىدىمۇ؟ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بولغان مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە قېرىنداشلىرىم دەپ چاغلايدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شۇلار بىلەن بىر دۆلەتتە ياشايدۇ. ئايروپىلان بېلىتىنىڭ باھاسى ئۇيغۇرغا قانچە پۇل، قازاققا قانچە پۇل؟ پۇرسەت، ئەمگەك شارائىتى ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر نەپەر ئۆزبېك بىلەن بىر نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى ئورنى ئوخشاشمۇ؟ بۇ دۆلەتلەردە ئۇيغۇر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىش سان نىسبىتى ئوخشاش بولامدۇ، بىر نەپەر ئۇيغۇر بىلەن بىر نەپەر خىتاينىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا، ھەر جەھەتتىكى ئورنى ئوخشاشمۇ؟ ئوخشاش ئەمەسكەن، ئۇنداقتا مىللەتلەرنىڭ قانۇن ئالدىدىكى ئورنى قانداق ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە لىبىراللىستلارنىڭ ئومۇمى تەبىئى ئوقۇملارنى تەكىتلەپ، ھوقۇقنى تەكىتلەش بىلەن مىللەتچىلىكنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇشى تازا ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىشمۇ، قانداق؟ بۇنىڭ ئەكسىچە مىللەتچىلەر، مىللەت، شۇ مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ نېگىزلىك ئاساسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپ ھاللاردا مىللەت بولسىلا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى سىياسەتنىڭ، قانۇنىنىڭ، ھەربى ۋە ساقچى كۈچىنىڭ، دۆلەتنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتى بولمىسا، ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەرگىز كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.

”بىر مىللەت بىر دۆلەت قۇرۇش كېرەك“، دەيدىغان مىللەتچىلەرنىڭ چاقىرىقى دەل مۇشۇنداق ئاساسلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. مىللەتنىڭ قەدىر-قىممىتى، ئىناۋىتى ئۈچۈن شۇڭا مىللەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىپ كەلدى. لىبىراللىستلار بولسا، مۇئەييەن دۆلەتنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئادەملەرنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مىللەتچىلەر بولسا، مەسىلەن، خىتايمۇ بىر ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرغان مىللەت، تىبەت ۋە ئۇيغۇردەك مىللەتلەرنى مۇستەملىكە قىلغان

مىللەت ھېسابلانغاندا، ئاز سانلىق دەپ ئاتالغان مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلدى، كۆزگە ئىلمىدى، قېنى بۇ يەردە باراۋەرلىك؟ ھەممىگە مەلۇمكى، لىبېرالىزىم غەربنىڭ ئەقىلچىلىك ئەنئەنىسى ئىچىدە يېتىلىپ چىقتى. مىللەتچىلىك ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى مەنبەئە قىلدى. كوللېكتىۋىزىملىقنى يېتىلدۈرۈش ۋە كىشىلەردىن كوللېكتىپ روھنى ھەمىشە تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن، قانداشلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى رېئال مۇناسىۋەتلەرگە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىش جەھەتلەردە، مىللەتچىلەر ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى قاتتىق ئۇچلاپ، كۆپ ھاللاردا شۇ ئادەملەرنى سىياسىي ئاشقۇنلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. لىبېرالىستلار ئەنئەنە، ئۆتمۈش ۋە تارىخنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مىللەتچىلەر، كىشىلەرنى سىرلىق، رومانتىك ئۆتمۈشنى ئەسلەشكە چاقىرىق قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بۇرمىلاشقىمۇ مەجبۇر بولدى. بۇ توغرىدا ختاي مىللەتچىلىرىنى، ختاي تارىخچىلىرىنى پاكىتلىق ”ئۆلگە“ ئورنىدا كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلار نېمە دەيدۇ؟ ”شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى“ دېيىشىدۇ.

ياۋروپا مىللەتچىلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن باشلاپ، ختاي مىللەتچىلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، مىللەتچىلەرگە خاس بولغان غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ سىرلىق تەركىبلىرىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. مىللەتنىڭ ئالاھىدە تارىخىنى ۋە مىللەتنىڭ ئەۋزەل ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ، مىللەتچىلەر ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ھاڭنى كېڭەيتتى ئۆچمەنلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ختاي كوممۇنىستلىرى، بىر پارتىيە نامىدا ختاي مىللەتچىلىكىنى بازارغا سېلىپ، بەلگىلىگەن سىياسەتنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى مىللەت ختاي ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ كەلگەن 60 يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا بىۋاسىتە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ لېكىن، ختاي بەلگىلەپ بەرگەن ”ھوقۇقچىلىق“ نىڭ ئابستراكت قۇقانلىرىنىڭ سىرتىدا، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ختاينىڭ مىللەتچىلىكىگە قارشى مىللەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇيغۇرلار توختىماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۆتمۈشتە ئىنقىلاب ئوتىنى ياققان، ئۆزىنىڭ

تارىخنى ئۆزى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن، ئۆزىنىڭ تارىخقا ئۆزى مەشئەل يېقىپ بەرگەن ئەقلى ـ ئىدراكىنىڭ ئوتتىنى ئۆلغايتىپ، ھەر دەقىقىدە ئۇيغۇرنىڭ پەقەت ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، مەجازلاشتۇرۇپ، قانداشلىقنى تەكىتلەپ، مىللەتچىلىكنىڭ قۇدرەتلىك ئالقىنى بىلەن ھەربىر قەلبنى قاماللاپ، مىللەتنىڭ غورۇر ـ ھۆرمىتىنى چاقىرىق قىلىپ ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش يوللىرى ئارقىلىق كۈۋەجىتىپ، ئۇرغۇتۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىر روھتىن ئايرىمىدىكى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شۇنداق بىر مىللەتچىلىك روھى بىلەن تەربىيىلىدىكى بۇ كىشىلەر مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق بۇ كىشىلەرنىڭ روھى تەگرى تەبىئىلا شۇ كىشىلەرگە ئاتا قىلغان شۇنداق مىللى روھنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان روھ ئىدى. مىللەتچىلەر مىللەتنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىنى تارمار قىلاتتى. چۈنكى ئىنقىلابقا تەشكىللەش ئەقلىنىڭ ئىشىمۇ ياكى ھېسسىياتنىڭ ئىشىمۇ، ئەقىل ئىنقىلابقا تەشكىللەشنى چەكلەپ قويامدۇ، دەيدىغان پىكىرلەر دېلغۇلدىلىق ئىچىدە ئادەملەرنى تەمتىرىتىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدىن ئىنقىلاب تۇيۇقسىز پارتلاپ چىقاتتى. دۇنياۋى چوڭ ـ چوڭ ئىنقىلابلار تارىخقا نەزەر تاشلىساق قارىغاندا ئەرزىمەيدىغان ۋەقەلەرنىڭ نۆۋىتىدە ئەرزىيدىغان ئىنقىلابقا پىلتە بولۇپ قالغانلىقنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تۇنىسلىك ھارۋىدا مال ساتقۇچى يىگىتنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بىر يىل ئىچىدە ئەرەب باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغانىدەك...

دىمەك، بۇ يەردە ئەقىلچىلىك ئەمەس پەقەت مىللەتچىلىكنى ئوغۇز سۇتى بىلەن تەمىنلەيدىغان مىللى ھېسسيات رول ئويناۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى سىلكىۋېتىپ ئۆزىمىزگە مۇئامىلە قىلىپ باقساق، ئۇيغۇر دىمەك، قوزغاش ۋە قوزغىتىشنى بىلىدىغان مىللەت دىمەكتۇر. كىشىلەر ئۇيغۇرنىڭ ھاياجىنى بار، ئەسىرى بار مىللەت دېيىشىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ تىلىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بەزىدە ئۇقۇم بولۇپ قالسا بەزىدە ھېسسيات بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئەقىل ـ ئىدراك بولۇپ قالسا بەزىدە غەيرى ئىدراك بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى مانا مۇشۇنداق مىللەت ئاكتىپلىرىنى زاماندىن ـ زامانغىچە غالجىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ غايىۋى مۇھىتىغا يېتەكلەپ كىرگەچكە، كۆك مايكىلىق

ئۇيغۇر قىزى، بىر پولك خىتاي ئەسكىرىنىڭ ئالدىنى توسقان: ھاسا تاياققا تايىنىپ مېڭىپ تۇرسۇنگۈل خىتاينىڭ بېرونىڭ ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىنى توسقان، قولغا قىڭراق ئېلىپ مەسچىتتىن كوچىغا ئېتىلىپ چىققان ئىككى نەپەر نامىسىز ئۇيغۇر يىگىتى خىتاينىڭ قوراللىق ساقچىلىرىغا قارشى قىڭراق بىلەن چېپىپ ئالدىغا يۈگۈرگەن ئەمەسمىدى. مىللەتچىلەرنىڭ مۇھەببىتى بارلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېسسىياتنىڭ ھاسىلاتى بولۇپ قالاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەن مۇھەببىتى، بارلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېسسىياتقا ئايلانغاندا، بۇنىڭ نەتىجىسى ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولسا، لېكىن خىتايلاردا بارلىقنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېسسىيات شەخسىي مەنپەئەتچىلىك بوسۇغىسىدىلا توختاپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن لىبرالىستلارنىڭ ئەقلى، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك غايىلىرىگە تەھدىت پەيدا قىلاتتى.

## يەتتىنچى باب مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى

كۆپچىلىك مىللەتچىلەر ياكى مىللەتچىلىك نەزەرىيىلەرنىڭ ياراتقۇچىلىرى مىللەتچىلىك ياۋروپادا مىللەت دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان كۈندىن باشلاندى، دېيىشىدۇ. گەرچە ئوتتۇرىدا تالاش تارتىش بولسىمۇ، ئادەتتە كىشىلەر 1648 ـ يىلى "ۋېستفالىيە كېلىشىمى" ئىمزالانغان كۈندىن ھېسابلاپ ياۋروپادا مىللەت دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىك تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى دېيىشىدۇ. بۇ كېلىشىمدە ۋېستفالىيە سىستېمىسى بويىچە دۆلەتلەر ئۆزئارا ئىگىلىك ھوقۇق، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. كېلىشىم بويىچە گوللاندىيىدە ئۆلكىلەر قوشۇلۇپ، فېدىراتسىيىلىك دۆلەت دەپ ئاتالغان. شۇنداق بولغاندىمۇ ياۋروپادا كۈچلۈك دۆلەتلەر تېخى مىللەت دۆلەت دەپ ئاتالمىغان. يەنە باشقا كۆز قاراشتىكىلەر بولسا، مىللەتچىلىك ناپالىيوندىن باشلىنىپ، مىللەتچىلىك ناپالىيون كۈتكەن دەرىجىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا مىللەتچىلىكنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمىدى، دېيىشىدۇ. 1867 ـ يىلى ۋېنگرىيە ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 1870 ـ يىلى ئىتالىيە ۋە گېرمانىيە ئۆز دۆلەتلىرى تېررىتورىيىسىدە

دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. يەنە بەزىلەر، مىللەتلەر قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى مىللەتكە خاس دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلاندى، دېيىشىدۇ. رومانتىك مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەنلا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ياۋروپادا ھەر تەرەپتە كۆتۈرۈلۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلەر بۈيۈك ئىمپېرىيىلەرنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن پارچە ـ پارچە تېرىتورىيىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىزدەندى. مەسىلەن، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەدەك...... بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى مىللى تەن ئېلىشنى، مىللى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، تەرەققى قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئويناپ يەنە ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. دېيىشىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر ياۋروپانىڭ بىر قانچە مىللى دۆلەتلەرگە پارچىلىنىشىنى قوبۇل قىلىپ، مىللەتنىڭ ئۆزىنى تونۇشى بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاۋستىر ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، مىللى دۆلەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. («غەربنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى)

ئۆلچەملىك پىكىرلەرگە ئاساسلانساق 19 ـ ئەسىر كىرىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئالاھىدىلىككە، رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە، دىنى ئېتىقاد خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە سادىق بولاتتى. كىشىلەرنىڭ تىلىدا ۋە ئېڭىدا دۆلەت دېگەن ئۇقۇم يوق، تىپىك ياۋروپا دۆلەتلىرى پادىشاھ ئوردىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خاندانلىقلار بولۇپ، خاندانلىقنىڭ خانلىرى رايون دائىرىسىدىن ھالقىغان ساداقەتكە جان پىدالىق كۆرسەتسىمۇ، يەنىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى جەمەتنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوغداپ قېلىۋەرەتتى. خانلىق ۋە خاندانلىق جەمەت پادىشاھلىقى ھوقۇق ۋە يەر قانداشلىق بويىچە تەقسىم قىلىناتتى. (يۇقىرىقى كىتاب) بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا بۇ بىر خىل ئەخمەقلىق بولۇپ سانىلاتتى. قەدىمقى دەۋرلەردە گىرىتسىيىلىكلەر، گىرىك بولمىغان مىللەتلەرنى ياۋايىلار دەپ ئاتايتتى. لېكىن، گىرىتسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى ھوقۇق ئۈچۈن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلاتتى. بىر ـ بىرىنى

قىرغىن قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە خىتاي مىللىتى مۇستەملىكە ئىمپېراتورلۇقى ئىچىدىكى ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنى، موڭغۇللارنى، ئۇيغۇرلارنى، تىبەتلەرنى ياۋايى دەپ قىرغىن قىلغاندەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى گېرتسىيىدە ئۆز ئارا بىر-بىرىنى شۇنداق قىرغىن قىلىشاتتى. مىللەتچىلىك ھەربىر مىللەتنىڭ تېرتورىيىسىگە كىرىپ ئېنىق بىر ئىدىيىگە ئايلانغاندىن كېيىنلا، باشقىلاردىن يەر زېمىن تەلەپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىدىيىۋى قورالغا ئايلاندى.

مىللىي بىرلىكنى، مىللىي ئىدىيىۋى بىرلىكنى تەشكىللىگۈچىنىڭ ئىرادىسى قەتئىي بولىدۇ؛ بۇنداق ئىرادە رېئال سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ ئىرادىسىدۇر. سەزگۈر، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ۋە چوڭقۇر ئويلىيالايدىغان سىياسىئون، مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، ئۇلار ھوقۇققا ئىنتىلىدۇ، بۇنداق كىشىلەر شەخسىنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇقىغا ئىنتىلىدىغان چاكىنا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالسا، سىياسىئون ئەمەس سېپى ئۆزىدىن سىياسەتۋاز بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە بۇ كىشىلەر مىللەتنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئورنىغا ئىنتىلىدىغان بولسا بۇ كىشىنى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان سىياسىئون دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىشىلەر ھوقۇققا ئېرىشكەندە ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدىغان سەرخىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى دەرھال ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. ھەرگىز تۆمۈر سىجاڭ، مەخمۇت سىجاڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش، دۆلەت قۇرغان سابىت داموللامدەك داھىلىرىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى روسلارغا تۇتۇپ بەرگەندەك ئىشلارنى قىلمايدۇ. يۇقىرىقىدەك سىياسىئونلار، غايە دېگەننى سوغۇق سارايغا سولاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غايە ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ساتمىدا تېرىق پىشىمچە كۆرگەن بىردەملىك چۈش بولۇپ، ھېسسىياتنىڭ ئىلكىدە قالغان ئادەمگە ئارام بېغىشلايدىغان ھادىسىدۇر. ”رېئال سىياسەت“ دېگىنىمىز، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە رېئالىزىملىق سىياسەت دېگىنىمىز دەلىللەنگەن پاكىتنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئېپادىلىنىشى دېگەنلىكتۇر.

مىللەتچىلىك 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ياۋروپانىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ مۇھىم مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى. گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن ھامان پان گېرمانىزىم، گېرمانىيىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان گېرمانلارنى گېرمانىيىگە قوشۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ

سىرتىدا بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلغان. روسىيىدە پان سىلاۋىيانىزىم، شەرقىي ياۋروپادا ياشايدىغان سىلاۋىيانلارنى ”ئانا دۆلەت روسىيە“نىڭ قوينىغا ئالماقچى بولغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېچىلغان ”يالتا يىغىنى“ ئارقىلىق روسىيە راستلا بۇ مەقسەتكە يەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مىللەتچىلىك، ئۇرۇشخۇمارلىق، پىت ئۆچەيلىك غەيرى ئەقىلچىلىك بارغانسېرى كېڭىيىپ، ياۋروپادا تىنچلىق ۋە ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئادىمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەنئەنىسىگە تەھدىت پەيدا قىلغان.

ئاۋالقى دەۋر مىللەتچىلىرى، مىللەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر مىللەتچىلىك قاراشلىرىنى تىل، مەدەنىيەت، ئىرىق يەنە باشقا قەدىمى ھادىسىلەرغىچە ئىلگىرى سۈرۈپ ئاۋام خەلقنى تەسىرلەندۈرگەن. بۇ مۇكەممەل نەزەرىيە ھېسابلانمىسىمۇ لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىن سىياسى سوتسىئولوگلار بۇ نەزەرىيىتى راۋاجلاندۇرغان. دەسلەپكى مىللەتچىلىك تەتقىقاتىنى بىلەن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى مۇكەممەل تارىخى ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگۈچى ماركسىزمچىلار ۋە سىياسى سوتسىئولوگلار بولدى. ئۇلار، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى سىياسى تەھلىل بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ھەرىكەت كېيىن ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادا جانلانغان. مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى كۆپلىگەن نەزەرىيىلەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەرەققى قىلىشقا باشلىغان. بىر قىسىم مىللەتچىلىك نەزەرىيىلىرى مىللەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەندىشىگە سالىدىغان تالاش ـ تارتىشقا يەنى مىللەت تەۋەلىك مەسلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ”تەۋەلىك“ ئىبارىسىنىڭ ھەقىقى مەنىسى تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان مەسلىگە ئايلانغان. يېقىندىن بېرى ئادەتتىكى مۇنازىرىلەردىن باشلاپ يوشۇرۇن خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگىچە دىققەت قىلىپ، دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ قايسىسى ئالدىغا قويۇش مەسلىسىگە بېرىپ چېتىلغان. (بۇ مەسىلە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە) مىللەتچىلىك ھەرىكىتى تەرەپتارلىرى ئۆزلىرىنى ھازىرقى مەۋجۇت مىللەتنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مىللەتچىلىك نېگىزلىك ئەسلىيەت قاراشلىرى بىلەن بىردەك بولاتتى. مىللەتنى ھېچ بولمىغاندا مىللەت ئەجداتلىرى بىلەن بىر دەپ

قارايدىغان، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى ھادىسىلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە دېيىشەتتى. مودېرنىزىملىق مىللەتچىلىك تەرەپتارلىرى بىشارەت بېرىپ، مىلادى 1800 ـ يىللاردىن بۇرۇن، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان زېمىنىنىڭ سىرتىغا دىققەت قىلغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى، دېيىشىدۇ. ياۋروپادا مىللەتنى تەن ئېلىش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش دەپ قاراپ، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە بۇ كۆز قاراش كۆچەيتىلدى. شۇ ئارقىلىق مىللەتچىلىك توقۇنۇشى پەرەز قىلىنغان دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىپ قوشۇمچە تەسىر پەيدا قىلدى. («غەربنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» خىتايچە نەشرى)

ئەڭ يېڭى مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى كېيىنكى مودېرنىزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مىللەت ئىجتىمائى قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ھادىسە دەيدىغان پىكىرنى تەكىتلەشتى. بېنېدىكت ئاندېرسىن: مىللەت "تەسەۋۋۇردىكى ئورتاق گەۋدە" دېگەننى تەرغىپ قىلدى. ئېرمەت گېلنېر: "مىللەتچىلىك ھەرگىزمۇ ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئويغىنىشى ئەمەس. ئۇ پەقەت مىللەت مەۋجۇت بولمىغان ھەرقايسى يەردىكى مىللەتنى توقۇلما قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت" دەپ كۆرسەتتى. (ئېكفىدىيە) قىسقىسى دېيىشتى، ئايرىم كىشىلەر، "مىللەت سىياسىدا قانۇنلۇق بولۇش"نى تەرغىپ قىلغۇچىلار، مىللەتلەرنىڭ چېگرا تەۋەلىكىنىڭ سىياسىنىڭ تەلىپىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى بولۇپمۇ بىر دۆلەتتىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئاندېرسىن بىلەن گېلنېرنىڭ "تەسەۋۋۇردىكى گەۋدە"، "توقۇلما" دېگىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ياراشتۇرۇش شەكىللىك گىراماتىك جۈملە بولۇپ، كونكرېت ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن مىللەتنى "توقۇلما" دېيىش، "تەسەۋۋۇردىكى گەۋدە" دېيىشنى ئەمەلىيەتتە مودېرنىزىملىق ساراڭلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، كوممۇنىزىم بىلەن ياشىزىم ئەپسانىسىنىڭ تىرىلىشى دېيىشكە بولىدۇ.

ئانتونى سىمىت، مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ۋە كېيىنكى مودېرنىزىملىق ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارنى بىرلەشتۈرۈپ خۇلاسىلەپ: "مىللەتنى مىللەت قىلىپ شەكىللەندۈرىدىغان ئالدىنقى شەرتلەر، (نۆۋەتتىكى ۋە تارىختىكى) بەلگىلەنگەن ۋەتەن، ھېچ بولمىغاندا ئالىي ئاپتونومىيە سىياسى مەمۇرى

بىرلىكــــدە ئۆزىنى ـ ئــۆزى باشــقۇرۇش، دۆشمەنلىشـــىپ تۇرىدىغـــان مۇھـــت، كۆرەشـچان قىسـمەتلەرنىڭ ئەسلىمىسـى، دىنـى ئېتىقـاد خاراكتېرلىـك مەركـەز، تىل ـ يېزىـق، ئالاھــدە ئۆرپ ـ ئـادەت، تارىخـى خاتىرىلەر ۋە ئىدىيىۋى ئۇسـۇل ـ چارىلـەر بـۇ مىللـەت بولـدۇ، دېگەنلەنىـڭ سـىرتىدا سـىمت: مىللـەت، ئايرىـم سـەرخىللارنىلا ئەمـەس پۈتـۈن مىللـەت ئارقىلـىق، قانـۇن بىلـەن باشـقۇرۇش ۋە سىياسـى تۈزۈلمـە، مىللەتچىلىـك ئىدېئولوگىيىسـى، خەلقئارانىـڭ ئېتىـراپ قىلىشـى چېگرانـى ئايرىـش قاتارلىـق شـەرتلەرنىڭ جەمئىدىـن تەشـكىللەنگەن، دەپ كۆرسـەتكەن.

بـۇ خىـل مىللـەت نەزەرىيىسـىنىڭ ئىچىدىكـى "كۆرەشـچان قىسـمەتلەرنىڭ ئەسلىمىسـى" يەنـى مىللەتنىـڭ ھۆكۈمـران مىللەتلـە قارشـى ھوقـۇق ئۈچـۈن ئېلىـپ بارغـان كۆرەشـلىرى، "دىنـى ئېتىقـاد خاراكتېرلىـك مەركەز" مىللـەت دىنغا ئىشـىنەمدۇ، ئىشـىنىدىغان بولسـا، دىنـى ئېتىقادنىـڭ مەركـىزى ئىدىيىسـى نېمـە؟ ئالـلاھ بىـر، "تىل ـ يېزىـق، ئالاھــدە ئۆرپ ـ ئـادەت" بـۇ شـەرتلەر ئۇيغـۇرلاردا يېتىپ ـ ئېشـىپ تۇرۇپتـۇ. "تارىخـى خاتىرىلـەر ۋە ئۇسـۇل ـ چارىلـەر" مـۇ ئۇيغـۇرلاردا يېتىپ ـ ئېشـىپ تۇرۇپتـۇ. ئانتونـى سـىمت ئوتتۇرىغـا قويغـان ھەممىدىــن قىزىــق بىــر شــەرت شــۇكى، "دۆشمەنلىشــىپ تۇرىدىغــان مۇھــت" مانـا بـۇ شـەرت مىللەتچىلىـك نەزەرىيىلىرىنىـڭ ئوتتۇرىغـا قويۇلىشـغا، مىللەتنىـڭ مىللـەت بولـۇپ شەكىللىنىشـگە كېـرەك بولغـان ئـەڭ بۈيـۈك، ئـەڭ مەزمۇنلـۇق شـەرتتۇر. خـۇدا بارلىق مەخلۇقـات ۋە ھايۋانلار دۇنياسـىنى، تەبىئەت دۇنياسـىنى بارلىـق جانلىقلارنـى دۆشـمەنلىك قىلىـپ ياراتقان. رىقابەت بولمىسـا، بىر ـ بىرىگـە دۆشـمەنلىك بولمىسـا، ئۆز ـ ئـارا كـۆرەش بولمىسـا بو دۇنيـا ئۆزىنىڭ دۇنيـاۋى قىممىتىنـى يارىتالمايـدۇ. دۇنيا دۇنيا بولالمايدۇ، بۇ دۇنيـادا تەرەققىياتمۇ بولمايـدۇ. كـۆرەش ئىچــدە شـالىنىپ تۇرىدىغـان، كـۆرەش ئىچــدە قوشـۇلۇپ تۇرىدىغـان يەنـە ئايرىلـىپ تۇرىدىغـان، جىملىـق نىسـپى، كـۆرەش ئىچــدە شـالىنىپ تۇرىدىغـان، كـۆرەش ئىچــدە قوشـۇلۇپ تۇرىدىغـان يەنـە ئايرىلـىپ تۇرىدىغـان، جىملىـق نىسـپى، كـۆرەش ئەبـەدى بولـۇپ تۇرىدىغـان دۇنيـا. بـۇ "جىملىـق" بىلـەن "كـۆرەش" ئوتتۇرىسـىدىكى بىر ـ بىرىنـى تولۇقـلاش، بىـر ـ بىرىنـى شـەرت قىلىش مۇناسـىۋەتلىرىنى چۈشـەنگەن تارىخـى دەرۋىلـەردە ئۇيغۇرلار

ئۇرنىدىن دەست تۇردى، بىخۇتلۇقتىن پەيدا بولغان بىخەستەلىك ئۇيغۇرنىڭ ئېڭىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تارىخى دەۋرلەردە خىتاينىڭ رەڭۋازلىق بىلەن نىقابلانغان مەقسىدىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئۇيغۇرلار قونداقتا چىقىپ ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمىدى.

## سەككىزىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ 20 - ئەسىردىكى تەرەققىياتى

مىللەتچىلىك ھەرىكىتى 19 - ئەسىردە ياۋروپادا، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مىللى ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر ئوخشاشلا ئاۋالقى مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەر بىلەن ئوخشاش مىتوتقا ئىگە ئىدى. بەزى دۆلەتلەردە مەسىلەن، ئاۋالقى پادىشاھلىق تۈزۈمنى قوغداپ قالغان دۆلەتلەردە مىللەتچىلىك، مۇتەئەسسىپ ۋە پادىشاھنى قوغدايدىغان بىر خىل سىياسى كۈچكە ئايلانغان. 19 - ئەسىردە مىللى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش مەنبىئى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەر كۆپلەپ تالاش - تارتىش قىلىشقا ئۇچرىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى - جەنۇبى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ ياۋروپادا قوزغالغان مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقى ئىدى. بەزى دۆلەتلەردە مەسىلەن، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيىدە 19 - ئەسىر كىرىشتىن بۇرۇنلا مىللەتنى تەن ئېلىش، مىللەتنى تونۇش ئېنىق بولغان. ئىتالىيىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئىرقى ئالاھىدىلىكنى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەرگەن.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەندە مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى ئاسىياغا كېڭىيىشكە باشلىدى. ھىندىستاندا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلىك ئاخىرى ئەنگلىيىنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇردى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى گەندىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سىرتىدا يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىگىمۇ بېرىپ چېتىلاتتى. 1931 - يىلى مانجۇلار ياپونىيىنىڭ ياردىمى

ئارقىلىق مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا يامراپ كەلگەن تۈرك مىللەتچىلىكى پان تۈركچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سابىت داموللام، مەمتىمىن ھەزرەتتەك مۆتىۋەر ئۇيغۇر دىنى زىيالىيلار ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە ”شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“ نى قۇردى. ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىدىيىلەر نېمە ئىدى؟ بىر دۆلەتتە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ”قانۇنلۇق“ قۇرۇلغان بولۇشى، ئەقلىغا ۋە ئەخلاققا مۇۋاپىق قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان يەرلىك ھۆكۈمەت، مانجۇ خاندانلىقى جۇڭگودا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ھۆكۈمەتنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە ھۆكۈمەت بولۇپ تۇرۇش ئاساسلىرى مەركىزى ھۆكۈمەتكە بېقىنىپ تۇرۇشتىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەھۋالدا ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەت قۇرغۇچى ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرىن دەيدىغان كىشىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئۇيغۇرغا يات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاندا ئىش بېشىدا تۇرغان ئاتالمىش ھۆكۈمەت ”قانۇنلۇق، ئەخلاقلىق“ قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ھېسابلانمايتتى. داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېر، ھۆكۈمرانلىق قانۇنلۇقمۇ ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىگە فۇنكسىيىلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ، ”قانۇنلۇق بولىشى بەلگىلەنگەن ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا باغلىق بولىدۇ“، دەپ كۆرسەتكەندەك؛ ئوخشاشلا ماكېس ۋېبېيېرنىڭ نەزەرىدىكىدەك، ”نوپۇزدىن بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ ئورنىنى كىشىلەرنىڭ تەن ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇشى كېرەكمىدى، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانۇنسىز ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلار ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرىن، شىڭشىسەي دېگەنلەرنىڭ ”قانۇنلۇق“ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي ئۇيغۇرنىڭ قوراللىق ئىنقىلابىنى تەييارلىغانلىقى، ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك ئۇدۇمنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە باغلىق دېگۈدەك، شۇ چاغدا ئۇيغۇرىستاندا ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ ليكىن قانداق بېخلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئەينى ۋاقىتلاردىكى خىتايغا كەلسەك، مىللەتچىلىك ھازىرقى زامان دۆلىتى قۇرۇش ئېتىقادى بىلەن ئامېرىكىلىقلار خىتايغا ئەۋەتكەن ئامېرىكىلىق خىتاي سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدە باشلانغان. خىتايلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان

”ئاسمان ئاستىدىكى ئادەملەر بىر ئائىلە“ دەيدىغان خىتايچە شوۋىنىزىمنىڭ ئەكسىچە، خىتايچە مىللەتچىلىك بىر ئاز پەرقلىقتەك كۆرۈنەتتى. ياپونىيەدە ”ياپون مىللىتى ئەلىيول ئەلالىقى“ بىلەن بىرلىشىپ مىللەتچىلىك، ياپونىيە كاپىتالىزىمنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلانغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ بىر مىللەتنىڭ بىر دۆلەتتى بولۇش روھى بويىچە بىر نەچچە دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى نۇرغۇن يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ۋېرسال شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ ئامېرىكىنىڭ پىرىزىدېنتى ۋىلسون، 14 نۇقتىلىق «تىنچلىق خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتابنامە مىللەتچىلىكنى ئېتراپ قىلىشقا بېرىپ يېتىپ ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىدا مىللى دۆلەتلەر ئورنىدىن دەست تۇردى. مىللى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلىشى ”تىنچلىق ساقلاشنىڭ سىناقلىرى“ دەپمۇ ئاتالدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مىللەتلەر دۆلەت قۇرۇشنىڭ سىياسى مۇھىت ۋە سىياسى ئاتمۇسفىراسى بىلەن تەمىنلەندى. ئىمپېرىيىلەر يىمىرىلدى، چوڭ دۆلەتلەر ئۇرۇشقا كىرىپ ھالسىراپ قالدى، مۇستەملىكە دۆلەتلەر، بېقىندى دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. كومىدىك تۇس ئالغان بىر تەرىپى شۇ بولدىكى، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەرگە مۇستەملىكە بولۇپ قالغان ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە دۆلەتلەر 1970 - يىللاردا مۇستەملىكچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ئارقا-ئارقىدىن مىللى دۆلەت قۇردى. غايەت زور كوممۇنىزىم ئىمپېرىيىسى سابىق سوۋېتلەر 1990 - 1991 - يىللىرى ئارلىقىدا يىمىرىلىپ 15 مۇستەقىلى دۆلەتكە پارچىلاندى.

20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بىر قانچە خىل سىياسى ئېقىم ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر مىللەت بىر دۆلەتچىلىكنىڭ ۋە مىللەتچىلىكنىڭ ”ئاجىزلىقى“ نى ئاشكارىلاپ قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، مىللەتچىلىك ھەرگىز ئاجىزلىمايتتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا دۆلەت ھوقۇقى ئادەتتىكى بىر مىللەت بىر دۆلەت ئەندىزىسىدىن ھالقىپ، ھالقىما دۆلەت تەشكىلاتى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ ئەمدى قارايمىزكى، 2008 - يىلدىن باشلانغان ئىقتىسادى كىرزىسنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن گىرېتسىيەدەك

دۆلەتلـەر، ياۋروپـا ئىتتىپاقىدىـن چېكىنىـپ چىقىـش تەھدىتـى پەيـدا قىلغانـدا، پۈتـۈن ياۋروپـا ئىتتىپاقىغـا ئـەزا دۆلەتلـەر، ياۋروپـا ئىتتىپاقىدىـن چېكىنىپ چىقىپ كېتىـش توغرىسـىدا ئىككىلىنىـپ قالـدى. ئىقتىسـادمۇ، دەيمـىز لېكىـن بـۇ يـەردە ئىقتىسـادقا مۇناسـىۋەتلىك دەرھـال رول ئوينىغىنـى يەنـىلا مىللەتچىلىـك بولـدى. نۆۋەتتـە يـەر شارىلىششـىقا قارشـى تۇرغۇچـىلار مىللەتنـى ۋە مىللـەت ھېسـىياتىنى تـەن ئېلىـپ مىللـەت مەدەنىيىتـى بىلـەن ئىگىلىـك ھوقۇقنـى تەكىتلىمەكتـە، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىسـتان زىيالىيلـىرى، خىتاينىـڭ مىللەتچىلىـك ھۆكۈمرانلىقىغـا قارشـى، مىللەت ئاسسىمىلياتسىيىسىگە قارشـى مىللەتچىلىكنى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيـەت ساھەسـىدە، ئانـا تىـل مائارىپـى ساھەسـىدە تەكىتلىگەنـدەك، يەنـە باشـقا ئەللـەردە شـەكلى ئۆزگەرگـەن ئاسسىمىلياتسـىيە قىلىشـقا قارشـى تـۇرۇپ يـەر شارىلىششـىقا تاقابىـل تـۇرۇش غەرىزىـدە، يـەر شارىلىششـىنىڭ تەھدىتىگـە دۇچ كەلگـەن بىـر مىللـەت بىـر دۆلـەت مەۋجۇتلۇقـى تەرەپتارلىرىنىـڭ مىللـەت مەسىلىسـى ۋە مىللـەت ھېسـىيات مەسىلىسـىنى كۆتـۈرۈپ چىقىشـى دېمـەك، مىللەتچىلىكنىـڭ ھەرگـىز يوقالمايدىغانلىقىنـى ئىسـپاتلاپ بـەردى. ”شـىمالى ئامېرىـكا ئەركىـن سـودا شەرتنامىسـى“، ”دۇنيـا سـودا تەشـكىلاتى“ قاتارلىـق ئەركىـن سـودا شـەرتنامىلىرى ۋە سـودا بازارلىرىنىـڭ داۋاملىـق خەلقئارالىششـى، قارىغانـدا مىللـەت، دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسـادىغا زىيان ـ زەخمـەت يەتكۈزگەنلىكتىن، دەرھـال ئىقتىسـاد مىللەتچىلىكنىـڭ ئويغىنىشـىنى كەلتـۈرۈپ چىقـاردى. باشـقا ھەرقانـداق ئويغىنىش شـەكىللىرىگە ئوخشـىمايدىغان مىللەتچىلىك بىلەن ئويغىنىش كۈنىمـىزدە دۇنيـاۋى يـەر شارىلىششـىقا قارشـى تـۇرۇش ھەرىكىتىنىـڭ ئىدىيـۋى ئاساسـى بولـۇپ قالـدى.

دۇنيـاۋى يـەر شارىلىششـىقا قارشـى تۇرغۇچىلارنـى پۈتۈنلـەي مىللەتچىلـەر دەپ ئېيتالمىسـاقمۇ، لېكىـن مىللەتچىلـەر دۇنيـاۋى ئېقىمغـا مىللەتچىلىـك بىلـەن ماسلىششـىنى ئېنىـق تەكىتلـەپ كەلـدى. مىللەتچـى پارتىيىلـەر ھـەر قايسـى ئەللـەردە داۋاملىـق غەلىبىگـە ئېرىشـىپ، كىشـلەرنىڭ مىللـەت تۇيغۇسـى بارغانسـېرى كۈچىيىـپ مىللەتنـى ئۆز ـ ئۆزىدىـن تـەن ئېلىشـنىڭ كۆرسـەتكۈچ دەرىجىسـىنى ياراتتـى. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە يـەر شارىلىشـش ئېقىمـى بىلـەن ياۋروپـا فېدىراتسـىيىچىلىك ئېقىمـى مىللەتچىلىككـە ھەرگىز قارشـى تۇرمايتتى. مەسـىلەن،

ئاسىيادا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ختاي مىللەتچىلىرى نەزەرىيىلىرىدە، جۇڭگو خەلقئارادا كۆپ تەرەپلىك دۆلەتلەر سودىسىنى تەكىتلىگەنلىكتىن، دۆلەت كۈچى يوشۇرۇن خاراكتېرلىك ئۆستى، تۆۋەنلەپ كەتمىدى، دېيىشتى. ختاي ئەمەلىيەتتە، سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە تەكىتلىگەندەك، كۆپ مەنبەئەللىك مەدەنىيەت، كۆپ قۇتۇبلىشىش، دەيدىغان ئۇقۇملارنى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچەپ تۇرۇپ تەكىتلىگەندە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە دۆلەتچىلىك مەقسەتلىرىنى ئامېرىكىنىڭ بىر قۇتۇبلۇق يەر شارىلىشىش سىياسىتىگە قارشى قويماقچى بولدى. يەنە مەسىلەن، كاتالونىيە ئاپتونومىيىسى تەرەپتارلىرى بىلەن ۋىلىش مىللەتچىلىرى قاتارلىق ئىككىنچى دەرىجىلىك ھوقۇق مەركەزلىرىمۇ قۇدرەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قوللاپ، چوڭ رايونلارغا بۆلۈنگەن ياۋروپانى شەرتنامە ئارقىلىق نۆۋەتتىكى بىر مىللەت، بىر دۆلەت ئەندىزىسىنىڭ ئىچىدە چەكلەشنى ئۈمىد قىلىشتى. لېكىن گۇمانىستلارنىڭ گۇمانىزىملىق ئىدىيىلىرىنىڭ ياۋروپادا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تۈرلۈك ئىسلاھات سىياسى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىدى.

## توقتۇزىنچى باب ئانا تىل ۋە مىللەتچىلىك

بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نېگىزلىك بىر ئالاھىدىلىك تىل ـ مىللەتنىڭ ئانا تىلىدۇر. ئانا تىل ئىجادى پىكىرلەشنىڭ قورالى، ئانا تىل دۇنيا قاراشنى، تەپەككۇرنى شەرھىلەشنىڭ قورالى، ئانا تىل دىنى ئېتىقادنى كۈچەيتىشنىڭ قورالى، ئانا تىل، ئانا تىلنى باغلىنىش ۋاستىسى قىلغان بىر مىللەت جەمئىيىتىدە ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىشنىڭ قورالى، ئانا تىل ئىدىيىۋى كۆرەشنىڭ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشنىڭ قورالى، ئانا تىلغا ئەڭ تۆۋەن تەلەپ قويغاندا ئەڭ كېيىمدە بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك دەملىرىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ، ھېسيات ئالماشتۇرۇشنىڭ قورالىدۇر. ئىنسان لەۋزىگە ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتى بىلەن كىرگەن ئانا تىل، ئىنساننىڭ نازۇك ھېسياتىنى ئىزھارلاشنىڭ قورالىدۇر. شۇڭا ئادەم بەختلىك دېگەندە ئۇ بەخت باشقا يەردىن كەلمەيدۇ، ساغلام ئانا تىل بىلەن ۋەتەنداشلار

ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانغا بەختىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە يەنىلا شۇ ئانا تىلدۇر. بۇگۈن شۇ ئانا تىل، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى، مۇستەملىكىچى خىتاي مىللىتىنىڭ مىللەتچىلىك سىياسىتى بىلەن يوقىتىش تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئەمدىچۇ؟ ئۇيغۇرلار ئايرىم ھالدا، ئايرىم جايلاردا خىتاي تىلدا سۆلىششكە مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن مىللەتچىلىك بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ ئېڭىدا، مەنىۋى دۇنياسىدا مىللى ئاڭنى، مەقسەتلىك ئاڭنى توختاۋسىز غىدىقلاپ كەلدى ۋە تىنىمسىز قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە تىنىمسىز ئۈندەپ كەلدى.

ئالاقە قىلىش قورالى ھېسابلانغان ئورتاق تىل، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى ھەربىر ئۇيغۇر پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئانا تىل ئۇيغۇرتىلى زامان ـ زامانلاردىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا تىلى بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. . . 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشچە كىتاب ئوقۇش، گېزىت ئوقۇش، ئېلىپبە ئوقۇش خەت تونۇش، تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پائالىيەتلىرى ئەدەبى تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغاندىن باشقا مەتبۇئات ۋاسىتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا **1928** ـ يىللارغىچە ئۇيغۇر مائارىپى ئاساسەن دېگۈدەك دىنى مائارىپ ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ كەلگەن. بۇگۈنكى جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇرلىرىغا قارايدىغان بولساق ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۆزەتسەك ”شىنجاڭ گېزىتى“نى ئوقۇيدىغان قانچە ئادەم چىقمايدۇ. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلدا يازىدىغان يازغۇچى، شائىر دېگەنلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرى ئوقۇيدۇ، بىر ـ بىرىنىڭكىنى ئاساسەن ئوقۇمايدۇ. مىللەت كىتاب ئوقۇشقا ھورۇنلۇق قىلامدۇ ياكى مۇستەملىكە تۈزۈم شارائىتىدە نەشر ئەپكارلىرىنىڭ پۇچەك مەزمۇنغا ھېرىس قىلمامدۇ ياكى ئۆزۈملا يازغۇچى دەيدىغان پىكىر بۆلارنىڭ ئېڭىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرامدۇ، بۇ تەرىپىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىش ئانا تىلدا يېزىلغان ئەسەرنى تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە ئىملا قائىدىسى بويىچە ئوقۇش، تۇراقلاشقان ئەدەبى تىلنى ئەدەبى تىل قائىدىسى بويىچە ئوقۇش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇيغۇر

بۇنى بىلمەمدۇ؟ ئەگەر بىلسە، ھەتتا دۈشمىنى خىتاينىڭ پىكرى ـ تەشۋىقاتى تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئانا تىلى، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئىكەن، ئانا تىلىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئانا تىلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلگەن ھەرقانداق ئادەم "شىنجاڭ گېزىتى"نى بولسىمۇ، قاناق مەنا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق يازمىلارنىمۇ ئوقۇپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى.

سەن، مەن، ئۇيغۇر تىلىدىن قانچىلىك سۆزلۈك ئىشلىتەلەيمىز؟ شائىر، يازغۇچىلىرىمىز سۆزگە باي دېگەندىمۇ، ئۇلار ئىشلىتەلەيدىغان سۆزلۈك زادى قانچىلىك؟ كۆپ بولغاندا ياشلىرى ئالتە مىڭ سۆزلۈك، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى 10 مىڭ سۆزلۈكتىن ئارتۇق سۆزلۈك ئىشلەتمىسە كېرەك. روسچە ـ ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن 50 مىڭ سۆزلۈك لۇغەتنى كۆرگەن ئىدىم. ھازىرغىچە ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ چاغدا لۇغەتتىن "فۇدەيسە" دېگەن ئىسىمنىڭ زادى نېمىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدىغان كىشىلەر ئاز بولۇشى مۇمكىن. "فۇدەيسە"، جان ـ جانىۋارلار ئىچىدىكى بىر قۇشقا قويۇلغان ئىسىم ئىكەن. نۆۋەتتە ئالمۇتادا 80 مىڭ سۆزلۈك ئۇيغۇر تىلىدا لۇغەت تۈزۈلۈۋاتقانلىقىدىن يېقىندا خەۋەر تاپتىم. بۇ خەۋەرنى ماڭا ئوماق ئاپپاي ئېيتىپ بەردى. يېقىندا مەلۇم تور بېتىدە ئالىم ئەھەت ئەپەندىنىڭ "ئۇيغۇرچە 50 مىليون سۆزلۈك ئامبىرى (پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى") ماۋزۇلۇق خەۋىرى ئېلان قىلىندى. ئالىم ئەھەت ئەپەندى خەۋەرنى مۇنداق باشلىدى: «ئالدىنقى يىلى ئۇيغۇر سوفت كوررېكتورى» نىڭ يېڭى نەشرىنى ئىشلەش ۋە قائىدە ئامبىرىنى قۇرۇش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن تەھلىل قىلىپ، بوغۇمغا ئايرىش، ئاجىزلىشىش، تۈرلەش قائىدىلىرىنى تېخىمۇ ئىخچام قائىدىگە يىغىنچاقلىغان ئىدى. قائىدىگە چۈشىدىغان پېئىل، ئىسىم، سۈپەتلەرنى ئاپتوماتىك تۈرلەپ غايەت زور ماتېرىيال ئامبىرىنى قۇرۇپ چىققان ئىدىم... ھازىر مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈك ئامبىرىمدىكى تەكرارلانمىغان ھەرخىل مۇرەككەپ تۈرلەنگەن سۆز ـ ئىبارىلەر 50 مىليونغا يېتىدىغان بولۇپ بۇ، ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان خام ماتېرىيال ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ" دەپ كۆرسەتتى. تىلنى ساقلاپ قېلىش ئەمەلىيەتتە تىل بايلىقىنى ساقلاپ قېلىش، مىللەتنى ساقلاپ

قىلىش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ تىلنى ساقلاپ قېلىش، تىلنى قوغداپ قېلىش، بولۇپمۇ تىلنىڭ ساپلىقنى قوغداپ قېلىش تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك ئەپەندى، مەنىۋى كۈچ جەھەتتە بۇ مىللەتچىلىككە، پەقەت مىللەتچىلىككىلا باغلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر بۇگۈنلەردە مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغان بولسا ئىدى، ختاي تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنى ئۇيغۇر ئانا تىلىدىن تازىلاپ چىقىرىش بايىلا قىلىدىغان ئىش بولغانىنىڭ سىرتىدا، ھەتتا پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قالاتتى. ئەرەب ئىسلام دۇنياسىمۇ مۇستەملىكە دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۈرك تىلىنى، فىرانسوز تىلىنى، ئىنگلىز تىلى ۋە ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان. مۇستەملىكچىلىك ئاخىرلىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەبلەشتۈرۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەرەب تىلىنىڭ ساپلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ گۈللەندۈرۈش، بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ، ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ ۋە پان ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تەن ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئالجىرىيىدە ۋە غەربىي سەھرادا زور كۆلەمدە ئەرەبلەشتۈرۈش ھەرىكىتى قوزغاپ، فىرانسوز تىلى ۋە ئىسپان تىلىنى ئەرەب مەدەنىيەت مۇھىتىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى.

مىللەتچىلىك ئانا تىلنى قوغداشنىڭ بىردىن ـ بىر قورالىدۇر. ئەرەب تىلى بىلەن 1300 يىل قۇرئان ئوقۇغان ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلەلىشى ئۇيغۇردا مىللىي روھ ۋە مىللەتچىلىك روھىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قۇرئاننى ئەرەب تىلدا ئوقۇش بۇ باشقا بىر ئىش، مىللەتنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش بۇ بىر باشقا بىر ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئانا تىل بىلەن ئانا تىل مائارىپى ئاتىلىشتا ئىككى خىل ئاتالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر ھادىسىدۇر. "مائارىپ ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىنىڭ لوگىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە، بۇ پەننىڭ خۇددى گىراماتىكىغا ئوخشاشلا، ئوخشاش بولمىغان قىياپەتتە ۋە قىممەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقنى كۆرسىتىمەن" دەپ باشلايدۇ گېگىل، «لوگىكا» كىتابىدا. "لوگىكا ۋە ئادەتتىكى پەن بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچراشقان ئادەمنىڭ ئىشى باشقا بىر ئىش، ئادەتتىكى

پەندىن لوگىكىغا قايتىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىشى بۇ باشقا بىر ئىش. دەسلەپ ئۆگەنگەن كىشى گىرامماتىك شەكىللەر ۋە قانۇنىيەتلەر ئىچىدىن قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق، ئابستراكت تەسادىپى قائىدىلەرنى بايقايدۇ؛ قىسقىسى بىر دۆۋە يەككە ـ يىگانە بەلگىلىمىلەرنى بايقايدۇ؛ بەلكى بۇ بەلگىلىمىلەر پەقەت بەلگىلىمەرنىڭ بىۋاستە مەنىسى ئاستىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپتە تونۇغان نەرسىنى تونۇش ـ ئاخىرىدا يەنە شۇنى تونۇشلا بولۇپ قالىدۇ» دەيدۇ. گىگىلنىڭ ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ مېنىڭ چۈشىنىشىم بويىچە بولغاندا گىگىل، گىرامماتىك قائىدىلەر باشتا نېمە بولسا ئاخىرىدا يەنە شۇ بولۇپ چىقىدۇ دېمەكچى بولىدۇ. لېكىن گېگىل ئىككىنچى جۈملىگە ئۆتكەندە مەقسەتنى ئىنتايىن روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ئەكسىچە بولغاندا بىر ئادەم بىر تىلغا ماھىر بولسا، ئوخشاشلا ئۇ ئادەم بۇ تىلنى ئىككىنچى بىر خىل تىلغا سېلىشتۇرىدۇ؛ ئاندىن ئۇ، بىر مىللەتنىڭ گىرامماتىكا قائىدىلىرىدىن بۇ مىللەتنىڭ مىللى روھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئوخشاش قائىدىلەر ۋە گىرامماتىك شەكىللەر مۇشۇ ۋاقىتتىلا تولۇق، جانلىق قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ گىرامماتىك قائىدىلىرى ئارقىلىق، مىللەتنىڭ ئادەتتىكى روھىنىڭ مەنتەقە ئىپادىسىنى بىلگىلى بولىدۇ» دەيدۇ، گېگىل. گىرامماتىكا دېگەن نېمە؟ «گىرامماتىكا تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ......

گىرامماتىكا تىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئاملى. تىل، تىل تاۋۇشى، سۆزلۈك ۋە گىرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاملدىن تەركىب تاپقان......

(خەمىت تۆمۈر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى») «سۆزلىگۈچىنىڭ بەلگىلىك ئوي ـ پىكرىنى بىلدۈرىدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن: گىرامماتىكا ئاددى جۈملىلەر ۋە مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر دەيدىغان قائىدىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇنداق بولغاندا جۈملە نېمىشقا ئاددى تۈزۈلىدۇ ۋە يەنە نېمىشقا مۇرەككەپ تۈزىلىدۇ. ئوي ـ پىكىر ئاددى بولغاندا جۈملە ئاددى تۈزىلىدىغان، ئوي ـ پىكىر مۇرەككەپ

بولغانـدا جۈملـە مۇرەككـەپ تۈزۈلدىغـان قائىدىمـۇ بولامـدۇ. دېمـەك بـۇ يـەردە تـىل بىلـەن تەپەككۇرنـىڭ مۇناسـىۋىتىنى تەتقـىق قىلىشـقا توغـرا كېلىـدۇ. جۈملىنىـڭ ئـاددى تۈزۈلىشـى بىلـەن ئۆي ـ پىكرنـى ئىپادىلەيدىغـان جۈملىنىـڭ مۇرەككـەپ تۈزۈلىشىنىڭ تەپەككـۇر بىلـەن بولغان مۇناسـىۋىتى نېمـە؟ جۈملىنىڭ ئـاددى تۈزۈلىشـى تەپەككۇر يولىنىـڭ ئاددىيلىقىنى جۈملىنىڭ مۇرەككەپ تۈزۈلىشـى تەپەككـۇر يولىنىـڭ مۇرەككەپلىكىنـى كۆرسـىتىپ بېرىـدۇ، دېيىشـكە بولامـدۇ؟ سـوئال بـۇ تەرىقـدە قويۇلغانـدا، گىگـل ئېيتقانـدەك، گىرامماتىـكا قائىدىلەردىن بىـر مىللەتنىـڭ مىللـى روھىنـى بىـر مىللەتنىـڭ مەدەنىيىتىنـى ھېـس قىلغىلـى بولىدىغـان بولسـا، جۈمللەرنىـڭ ئـاددى تۈزۈلىشـى ئابىسـتراكىت تەپەككۇردىـن باشـقا مىللـى ئالاھىدىلىككـە ئىگـە ئوبرازلىـق تەپەككۇرنىڭمـۇ چوڭقـۇر تەرەققـى قىلمىغانلىقنـى، ئاددىيلىقىنـى، دېمـەك بـۇ مەدەنىيـەت ساھەسـىدە لوگىكىلىـق تەپەككـۇر قىلىشـنىڭ ھـەم ئىپتىدائى سـەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسـىتىپ بېرەمدۇ. ”ئـاددى تەپەككـۇر قىلىش بىلـەن مۇرەككـەپ تەپەككۇر قىلىش“نىڭ ئوتتۇرىسـىدا قالغـان مىللەتنىـڭ خاراكتېـرى زادى قانـداق خاراكتېـر بولىدىغانـدۇ؟!

پىسـخولوگ فـروم بـۇ توغرىـدا مۇنداق كۆرسـەتكەن ”يەنـلا رېئال مەۋجۇت مەدەنىيـەت تەمىنلىگـەن تىلغـا تايىنىـش كېرەك... بەلكـى مەلـۇم مەدەنىيـەت يېتەرلـىك تـىل بىلـەن تەمىنلىيەلمەيـدۇ، بـۇ ئـىش بـۇ خـىل مەدەنىيەتنىـڭ يەنـلا ئادەملەرنـىڭ ھېسىيات تەجرىبىسـىنى قېزىـپ چىقىرالىشـىنىڭ دەرىجىسـىگە باغلىـق. بـۇ، كىشـىلەر مۇۋاپىـق سـۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىـق ئۆزىنىـڭ ھېسـىيات تەجرىبىسـىنى ئىپادىلـەپ بېرەلەمـدۇ، بېرەلمەمـدۇ. ھالقىلىـق گـەپ شـۇكى، نۆۋەتتىكـى مەدەنىيـەت ئادەمنىـڭ ھېسـىيات تەجرىبىسـىنى قېزىـپ چىقىرالايدىغان ئىقتىدارغـا ئىگىمـۇ، دېگـەن مەسـىلىدۇر. بـۇ مەسـىلە ئەلۋەتتـە، ھـەر قايسـى مەدەنىيـەت رايونلىرىـدا ئەنئەنـىۋى مەدەنىيەتنىـڭ ساپاسـى بىلـەن ئىجتىمائـى تۈزۈمگـە بېرىپ چېتىلىدىغان مەسـىلىدۇر“، («ئەركىنلىكتىن قېچىش» پىسـخولوگ فـروم، خىتايچـە نەشـرى) بـۇ يـەردە تىلغـا ئېلىنغـان ئىجتىمائـى تـۈزۈم دېگـەن مەسـىلىگە دىققـەت ئاغدۇرايلـۇق. مۇئەييـەن جەمئىيەتتـە تەپەككـۇر قىلىـش ”مۇسـتەقىللىق“، ”ئىنقـلاب“، ”بىـز ئۇيغـۇرلار تارىختـا قانـداق دۆلـەت قۇرغـان ئىـدۇق“، ”ئۇيغـۇر بىلەن خىتـاي بىر جەمئىيەتتـە بىرگە ياشـىيالمايدۇ“ دەيدىغان

ئاددى تەپەككۇرغا يېتەكلىگۈچى سۆزمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولسا، دېمەك، بۇنداق جەمئىيەت تىلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، دېگەن سۆز. پسىخولوگ فرومنىڭ دېئالېكتىكىسى بويىچە تىلىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان يەردە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىمۇ، چوڭقۇرلىشىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، دېگەن سۆز.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى دېگەندە ھەرخىل ساھەلەر بويىچە تەرەققى قىلىشتىن باشقا، ئانا تىلغا مۇناسۋەتلىك تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى، لۇغەت فوندىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ھەرگىز چەتكە قاقمايتتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن لۇغەت فوندىنىڭ تەرەققىياتى بىردەك بولىشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تىل، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلۈكسىز، يەنە ئۆزلۈكسىز تۈردە لوگىكىلىق ئۇقۇم يارىتىشى، لوگىكىلىق كاتېگورىيە يارىتىشى، كاتېگورىيە ۋە ئۇقۇملار، جەمئىيەتنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىيەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانلىرىنى تولۇق، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ۋە قايتا ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. ئانا تىل مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۇقۇم ياراتقاندىلا، ئانا تىل سۆھبەتكە ئىگە بولىدۇ. سۆھبەتلىك ئانا تىل، سۆھبەتلىك ئوغۇل بالا تەربىيلەيدۇ، خاراكتېرلىق ئوغۇل بالا مىللەتنىڭ ئومۇرتقىسىغا ئايلىنىدۇ. شەھەردە ياشىغان ئوغۇل باللار بىلەن يېزىلاردا ياشىغان ئوغۇل باللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار! بۇ باللارنىڭ مۇھىت ۋە ئەدەبى تىل بىلەن تەربىيلىنىشتىكى پەرق، ئورتاق ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرۇش، تۇرالماسلىقتا باغلىق پەرقتۇر. ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدىن، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ بەك يۇمشاق تىل بولۇپ كەتتىمۇ ياكى ئۇيغۇر تىلى ئەسلى شۇنداق يۇمشاق تىلمىدى، دېگەن مەسىلە، ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ئەسلى شۇنداق قاتتىقمۇ ياكى ئەسلى شۇنداق يۇمشاقمۇ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ماقالە يازالىغانلىرىمىز ھازىرغىچە تەسىرات ماقالىسى يېزىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە ساناقلىقلا كىشىلەر لوگىكىلىق ھۆكۈم بىلەن ئانچە ـ مۇنچە سۆھبەتلىك ماقالىلەرنى يازالىدى. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەدەبى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن كىشىلەرمۇ ئەدەبى ئەسەرلىرىدە خاراكتېر ياراتتى لېكىن

كـﯩپ يارىتالمـﯩدى. قانـداق خاراكتېـر ياراتتـى؟ ۋەتىنىـم دەيدىغـان، مىللىتىـم دەيدىغـان، ئۇيغـۇرۇم دەيدىغـان خاراكتېرلىك كىشـىلەر يەنى ”ئىجـات قىلغۇچى“ خاراكتېرلىـك كىشـىلەر ئادەملەرنىـڭ يوشـۇرۇن كۈچىنـى ئىشـقا ئاشـۇرۇش، كـۈچ ئىشـلىتىش، پائالىيـەت ۋە تەپەككـۇر قىلىـش جەھەتتـە ئـۆزى ياشـاپ تۇرغـان زامانىدىـن ھالقىـپ چىقىـپ، قەلـب ھارارىتـى ۋە ھېسسىياتىنىڭ كۈچـى ئارقىلىـق ئۇيغۇرغـا خـاس يېڭـى بىر زامان يارىتىشـقا چاقىرىق قىلىشـنى ئىشـقا ئاشـۇرىدىغان ئىجـادى خاراكتېرلارنىمـۇ ياراتتـى. ئەدەبىيـات ساھەسـىدە تەسـۋىرى جۈمىلىلـەردە تۇرمۇشـنىڭ قىياپىتىنـى ناتۇرالىزىملىـق قىياپەتتە ياندۇرۇپ تەكـرارلاش ئىجادىيەت بىلـەن شـۇغۇللانغانلىق ھېسـابلانمايتتى، مەيلـى شـېئىرىيەت مەيلـى پىروزىچىلىق ساھەسـىدە بولسـۇن خاراكتېـر يارىتىـش بـۇ ئەدەبىياتنىـڭ نېگىزلىـك نىشـانى بولۇشـى كېـرەك ئىـدى. ئەدەبىيـات ساھەسـىدە نەزەرىيىگـە تەئەللۇق ئوبىـزور تىلى دېگەنىدە، بۇ تىل ئۇقۇملاشـقان تىل دېگەنلىكتۇر. ئۇقۇملاشـقان تىل، سـۆڭەكلىك تىـل يارىتىـش ئوبزورچىلىق ساھەسـىگە، شـېئىرىيەت ساھەسـىگە قىسقىسـى ئورتاق ئەدەبـى تىـل بىلـەن پائالىيـەت قىلىشـقا بولىدىغان بارلىق سـاھەلەردە، شـۇنداق ئۇقۇملاشـقان تىـل يارىتىشـقا بولاتتـى. ئوبـزور تىلـى ئوبزورلـۇق بولمايـدۇ، ئوبـزور تىلـى ئۇقۇملاشـقان،ئۇقۇم بىلـەن سـۆزلەيدىغان تىلـدۇر. ئوبـزور تىلىنـى ئۇقۇملاشـتۇرغاندا يەنـە بەزىدە ئوبرازلىق ئۇقۇملاشتۇرۇشـقىمۇ توغـرا كېلىپ قالىدۇ. مەسـىلەن «ئەبـگا ئۇيغـۇر»، «ئۆكۈزنىـڭ پۇتـى بولغۇچـە، موزاينىـڭ بېشـى بولغـان ياخشـى» دېگەنـدەك... ئۇيغـۇر مەدەنىيـەت مۇھىتىـدا ئۇقـۇم ياراتقـان تىـل، ئانـا تىلىنـى سـۆڭەككە ئىگـە قىلغـان تىـل، خاراكتېـر ياراتقـان تىـل، بۈگۈنكـى كۈنـدە مىللەتچىلىـك رىقابىتىـدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىـڭ تەلەپچان تەرەققىيـات رىقابەتلىرىـدە، مىللەتچىلىـك ۋە دۆلەتچىلىـك رىقابەتلىرىـدە، مىللـى مەدەنىيەتنـى كۆز-كـۆز قىلىـش رىقابەتلىرىـدە مىللەتنـى غەلىبىگـە يېتەكلەيدىغـان ۋە مىللـەت ئەزالىرىنىـڭ خاراكتېرىنـى يارىتىدىغـان تىلـدۇر.

ئانـا تىلىنـى سـۆيگەن بىـر نەپـەر جەڭگـۋار مىللەتچىنىـڭ جەڭگـۋار چاقىرىقىغـا قـۇلاق سـېلىڭلار: ئەلىشـىر نەۋائـى بىزگـە ئۆرنـەك، ئەلىشـىر نەۋائـى بىزگـە ئەينـەك، بوۋىمـىز ئەلىشـىر ئىبنـى غىياسـىدىن نەۋائىنىـڭ، زامانىنىـڭ زورى بىلـەن ئەرەب-پـارس تىلـى ئومۇملىشـىپ كەتكـەن ئەشـۇ 15 -ئەسـىردە، ئۆزىمۇ

40 يېشـغىچە پارسـچە شـېئىر يازغـان تۇرۇقلـۇق، يازغاندىمـۇ ئـۆز دەۋرىدىكـى ھەرقانـداق پـارس ئەدىبلىرىنـى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سـەۋىيىلىك پارسـچە شـېئىر يازغـان تۇرۇقلـۇق، يازغاندىمـۇ ئـۆز دەۋرىدىكـى ھەرقانـداق پـارس ئەدىبلىرىنـى قايىـل قىلغـۇدەك يۇقـىرى سـەۋىيىلىك پارسـچە دىـۋان يېزىـپ، نەشـىر قىلدۇرغـان تۇرۇقلـۇق، ئاخىرىـدا زاماننىڭ تەتۈرلۈك قىلىشـلىرىغا، زامانداشـلىرىنىڭ مەسـخىرە قىلىشـلىرىغا پىسـەنت قىلمـاي، ئـۆز ئانـا تىلى بىلەن ئەسـەر يېزىشـنى تەشـەببۇس قىلىشـى ۋە ئـۆزى بـاش بولـۇپ ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىدا ئەشـۇنداق ئالەمشـۇمۇل مول ۋە نادىـر ئەسـەرلەرنى بارلىققـا كەلتۈرۈشـى ئەمەلىيەتتـە، ئالـدى بىلـەن ئۇنىـڭ دىلىدىــن ئۇرغــۇپ چىققــان ئانــا تىــل مۇھەببىتىنــىڭ شــانلىق مەھســۇلىدۇر.

ھالبۇكـى، ـ 21ئەسـىردە كـەڭ ئىمكانىيەتلـەر ئىچىـدە ياشـاۋاتقان بىـز نەۋرىئـى ئەۋلاتلىرىنـى، ئالـدى بىلـەن ئىش بېشـىدىكى ۋەلىيلـەر، مەكتەپـدارلار ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ـ مائارىـپ كادىرلـىرى بـاش بولغـان بارلىـق زىيالـى ئۇيغـۇرلار، ئەگـەر ئۇيغـۇر تىلىنىـڭ قىممىتىنـى تونۇپ يەتكـەن، ئۇيغـۇر يېزىقىنىڭ تەبىرىنـى بىلگەن بولسـاق، ئەمـدى ئۇنـى (ئۇيغـۇر تىلىنـى) ئەلىشـىر نەۋائىچـە سۆيەيلى، ئۇنىڭغـا (ئۇيغـۇر تىلىغـا) ئەلىشـىر نەۋائىـدەك كۆيەيلـى، پەقـەت بىزنىـڭ تىـل رىشـتىمىز، ئـۆز تىل ـ يېزىقىمىزغـا خـۇددى ئەلىشـىر نەۋائىنىڭكىـدەك باغلانسـا، بـۇ ھالـدا بىزنىـڭ تىلىمىزنـى ئالـى مائارىـپ سـورۇنىدىمۇ، ئوتتـۇرا مائارىـپ سـورۇنىدىمۇ ئەمەلدىــن قالدۇرۇشــقا ھەرگىــز ھاجــەت چۈشــمەيدىغانلىقىنى چوڭقــۇر ھېــس قىلىمىــز ۋە بــۇ مەســىلىنىڭ تېگىنــى ئوچــۇق بىلىپ يېتىمىــز“ (دوكتــۇر ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانـى «مۇھاكىمەتـۇل لۇغەتەيـن» دىـن «مەئارىفـۇل لۇغەتەيىن» گىچە. مىسـرانىم)، قارىغانـدا تىـل، ئانـا تىـل، تەپەككـۇر، خاراكتېـر بـۇ ئـۈچ ئامىـل مىللەتنـى ئـادەم قىلىدىغـان ئـۈچ بۈيـۈك ئامىلـدۇر.

## ئونىنچى باب مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىنىش تۈرلىرى

مىللەتچىلىـك ئۇقۇمىغـا تەبىـر بەرگۈچىلەر ياكى ئۆزلىرىنىـڭ مىللەتچىلىكنى تــەن ئالغۇچــىلار، ئالاقــدار تەرەپلەرنىــڭ ئىدېئولوگىيىســىنىمۇ،غەيرىي ھۆكۈمـەت خاراكتېرلىـك ئاممـۋى ھەرىكەتلەرنىمۇ، پۇقرالىق بەلگىلـىرى، ئىرق، مەدەنىيەت،

دىن ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ، ئىدېئولوگىيەلىك سۆز ئىبارىلەرنى بايان قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ، مىللەتكە تەبىر بېرىش مىللەتنى مىللەتتىن پەرقلەندۈرگۈچى ئامىللارغا ئېتىبار بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ، مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىمۇ رايون خاراكتېرلىك جۇغراپىيەلىك دائىرىلەرگە ئايرىيدۇ، لېكىن ھەرخىل شەكىللىك مىللەتچىلىك » ئىزىم« لىرىدە كۆپچىلىك شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، مىللەتچىلىك مەسىلىسىدە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى، دىن ئورتاقلىقى بولۇشى كېرەك.

1 ـ يۇقىرالار مىللەتچىلىكى بۇ مىللەتچىلىك يۇقىرالار ئىرادىسىدىن پەيدا بولۇپ قانۇنلۇق بولۇش شەكلىگە ئېرىشكەن مىللەتچىلىكتۇر. يۇقىرالار مىللەتچىلىكى ئەقلىچىلىك بىلەن لىبېرالىزم ئەنەنىسىدىن كەلگەن. مىللەتچىلىك مەسىلىسىدە يۇقىرالار مىللەتچىلىكى ئىرقى مىللەتچىلىك بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. چۈنكى يۇقىرالار مىللەتچىلىكى، يۇقىرالار دۆلەتنىڭ ئەزالىق سالاھىيتى ـ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشتىن كەلگەن. يۇقىرالار دۆلىتى ئۇقۇمى فىرانسىيە،ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت سىياسىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، تەسىراتنى غايىۋىلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ.

2 ـ ئىرقى مىللەتچىلىك

ئىرق ئاساسىدا مىللەتكە تەبىر بېرىش. ئىرق ئاۋۋال قانداشلىق ۋە نەسەبداشلىقنى مۇھىم ئامىل قىلىدۇ. ئاھالە توپى بىلەن ئېپى ـ ئەجدادى ئوتتۇرىسىدا، ئورتاق مەدەنىيەتتىن، ئورتاق تىلدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قاراشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، مىللەتنىڭ ئەزالىق سالاھىيتى ئىرسىيەتتىن كەلگەن بولىدۇ. دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغۇچى مىللەت، ئىرق،بىر توپلۇقنىڭ مىللىتى بولغانلىقتىن، دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي توپنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھوقۇقنى ئاساسلانغان تەرتىپ، ھۆكۈمرانلىق ئاساسلىرىغا ئېرىشىدۇ. مىللەت، توپلۇق قاراشلىرى ئىنتايىن قەدىمىيلىككە ئىگە. ئىرق ئېتىبارىدا مىللەتچىلىك ئىنتايىن مۇھىم مىللەتچىلىك شەكلى دەپمۇ قارىلىدۇ، ئادەتتە ئاددىيلاشتۇرۇپ، بەزىدە مىللەتچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

3 ـ رومانتىك مىللەتچىلىك

رومانتىك مىللەتچىلىك رومانتىزملىق غايىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىدراك ۋە ئەقىلچىلىككە قارشى تۇرۇپ، رومانتىك غايىلەرگە ماس كېلىدىغان، ئىرق مەدەنىيەت، ئۆرپ ئادەتلەر تەرەققىياتىنى رومانتىك مىللەتچىلىك ئۇقۇمىغا مەزمۇن قىلىشىدۇ.

4 ـ مەدەنىيەت مىللەتچىلىكى

ئورتاق مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى، مىللەتچىلىككە تەبىر قىلىشىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيتى بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيتىدە كۆپلىگەن پەرقلەر بولىدۇ. مەدەنىيەتلەر ساھەسىدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا مىللەت، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك ئەلالىقىنى، دائىم دېگۇدەك كۆز كۆز قىلىدۇ. ئۆز مەدەنىيتىنى راۋاجلاندۇرۇپ ساقلاپ قېلىشنى، ئۇنى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئاسمىلاتسىيەسىدىن ساقلاپ قېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇستەملىكە ئەللەردە، سىياسىي ئاپتونومىيە ئەمەس بەلكى، مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتكە مەدەنىيەت ئاپتونومىيەسى تەقدىم قىلغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى.

5 ـ دۆلەت مىللەتچىلىكى

دۆلەت دەرىجىلىك مىللەتچىلىك، يۇقرالار مىللەتچىلىكنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا، ئىرق ئېتىبارىدا مىللەتچىلىك بىلەن بىرلىشىپ، سىياسەت بىلەن بىرلىشىپ مىللەت ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلاشنى تەرغىب قىلىدۇ، مەسىلەن ئۇرۇش دەۋرىدە، ئىتالىيەدە، مۇسسلىن: بارلىقىمىز دۆلەت ئۈچۈن ، دۆلەتتىن تاشقىرى ھېچنېمە يوق , دۆلەتكە قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ « دەپ تەرغىب قىلاتتى. لىبىرالىزم بىلەن شەخسنىڭ ئەركىنلىك قاراشلىرى، ئەركىنلىك بىلەن دېموكراتىك پرىنسىپلارنىڭ بىرلىكىدە كىشىلەر، بۇ خىل مىللەتچىلىك بىلەن يۇقىرىقى پرىنسىپلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن چېنىپ قېلىشىنىڭ تاسادىپىلىق ھېس قىلمايتتى. «ياكو بىنچىلار كۇلۇبى» نىڭ قۇرۇلۇشى، ھۆقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فىرانسىيەدە، ھۆكۈمەت كۆپىنچە دۆلەت مىللەتچىلىكنىڭ بۆشۈكى ، دەپ قارىلاتتى

فرانسسكو دەۋرىدىكى ئىسپانىيە ۋە كامالىزم دەۋرىدىكى تۈركىيە دۆلەت مىللەتچىلىكىنىڭ يېقىنقى دەۋر ئۆرنىكى دەپ ئاتىلىدۇ. دۆلەت مىللەتچىلىكى قانداق ۋاقىتتا يولغا قويۇلىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا بىر دۆلەتتە، ھاكىمىيەت ۋە دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى مەسىلىسىدە، بۆلۈنۈش يۈز بەرگەندە، دۆلەت مىللەتچىلىكى دۆلەت تېرورىزىمى بىلەن بىرلىكتە يولغا قويۇلىدۇ، بۇنداق چاغدا مىللەتچىلىك سىياسەت بولىدۇ، ھەربىي ھەرىكەت قىرغىنچىلىق بولىدۇ، بۇ توغرىدا بۆلگۈنچىلىك نېمە دەيدۇ؟ دۆلەت مىللەتچىلىككە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دۆلەت مىللەتچىلىكى دېموكراتىك ئەمەس، دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق دۆلەت ئىكەنلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ، دېيىشىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچى ئاتىلىپ قالغان مىللەتلەر، دۆلەتتە مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا، مىللەتلەر ئۆزئارا مىللەتچىلىك قىلىدىغان بولسا، دۆلەتتە ئەمىنلىك بولمايدۇ، چوقۇم ئىككى مىللەتنىڭ ئىككى دۆلەتكە پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى تىنچ يول بىلەن بېجىرگىنىمىز ياخشى دېيىشىدۇ.

6 ـ دىن ۋە مىللەتچىلىك : ئورتاق دىن، ئېتىقاد بىلەن مىللەتكە تەبىر بېرىشىدۇ. بۇ خىل مىللەتچىلىك ، ئەسەبىي مىللەتچىلىك، مىللەتنى ئىنكار قىلىدىغان، پەقەت دىنى ئېتىقادىنىلا ئېتىراپ قىلىدىغان، مىللەتنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى دىنى رەسمىيەتلەر ئىچىدە غايىب قىلىۋېتىدىغان، ئەمەلىيەتتە بىرلا مىللەتنىڭ مىللەتچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئورتاق دىنغا ئورتاق ئىشەنگۈچىلەرنىلا مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، مىللەتچىلىكنى دىن بىلەن نىقابلايدىغان ئەخمىقانە مىللەتچىلىكتۇر. بۇنداق مىللەتچىلىك، ئايرىم مىللەتنىڭ ئىدراك ۋە ئەقلىنى، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىنكار قىلىدىغان، شوۋىنىزملىق مىللەتچىلىكتۇر، بۇنداق مىللەتچىلىك، رۇسىيەدە، خىتايدا كوممۇنىزم بىلەن نىقابلانغان بولسا، بۇنداق مىللەتچىلىك ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە، پان ئىسلامىزم بىلەن نىقابلانغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسىدە ھۆكۈمەت دىنى ئېتىقادقا ئەمەل قىلغاندىلا، ھوقۇققا ئاساسلانغان تەرتىپ ئورناتقان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلاھىيەتچىلىككە ئاساسلانغان دۆلەتلەرنى، مىللەت ئېتىبارىدا ،دۆلەت دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتكە قارىساق، مەدەنىيەت مىللەتچىلىكى ۋە ئىرق

ئېتىباردا، مىللەتچىلىك كۆپ ھاللاردا، دىنىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە مىللەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. دىن ئومۇمىي يۈزلۈك تەن ئېلىشىنىڭ بەلگىسىدۇر، ئەمما دىن مىللەتچىلىك مۇددىئالىرىنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلمايدۇ. ئىرېلاندىيە مىللەتچىلىكى كاتولىك دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يېقىنقى بىر ئەسىردىن بېرى ئىرېلاندىيە مىللەتچىلىرى كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنراق 18 ـ ئەسىرلەردە، مەسىلەن مىللىتىنىڭ نېمە دەپ سورالغان سوئالغا، ئۇيغۇرلار، قەشقەرلىك خوتەنلىك تۇرپانلىق دەپ جاۋاب بەرگەن دەۋرلەردە ياۋروپادا نۇرغۇنلىغان مىللەتچىلەر خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئىدى. جۇ يىش ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ئىرىق بىلەن مەدەنىيەتنى مىللەتكە تەرىبىر بېرىشىنىڭ ئاساسى قىلىپ كەلگەن بولسا، ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ھىندىستان مىللەتچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلمىسى، ھىندى دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى.

7 ـ مۇستەقىللىق ئىزدىگەن مۇستەملىكە ئەللەردىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

مۇستەملىكە مىللەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ، مىللەت ئېتىباردا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنمۇ، مىللەتچىلىك غايىب بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە مىللەتچىلىك، دۆلەت ئىچىدە سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا، سىياسىي پىروگراممىلارنىڭ تۈزۈلۈشىدە، كىشىلەرگە رىغبەت ئاتا قىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆچىگە ئايلىنىدۇ. مىللەتچىلەر ۋە مىللەتچى سىياسىيونلارنى بۇنداق چاغلاردا دۆلەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دەپ تەسۋىرلەشكە توغرا كېلىدۇ. دۆلەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مىللەتچىلىك پائالىيەتلىرى، 1 ـ مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، كىرىزىس يۈز بەرگەندە، دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان ھەرىكەتتە تەييار تۇرىدۇ. 2 ـ دۆلەتنى تەن ئېلىش جەھەتتە، مەدەنىيەت كونسېرۋاتىپلىقنى تەكىتلەپ، چەتنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقىدۇ. 3 ـ مىللەتنىڭ ھاياتلىق ماكانىدا، باشقا مىللەتنى بولۇپمۇ كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈپ كىرىشىنى چەكلەيدۇ. ھەتتا بەزى دۆلەتلەردە چەكلەش ئىرقىي تازىلاشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋەقەلەرمۇ يۈز بەرگەن. 4 ـ سىياسىي جەھەتتە مەنسۇپ بولمىسىمۇ ئۆزىگە مەنسۇپ

دەپ، ھېسابلىغان تىررىتورىيەلەرنى يۇتۇۋېلىش خىتايدەك زوراۋان مىللەتلەرنىڭ قىلمىشى بولۇپ كەلگەن. بەشىنچى، ئىقتىسادىي مىللەتچىلىك ئىقتىسادنى قوغداش ، ئەركىن سودا، تاموژنا باج كېلىشىمگە قارشى تۇرۇش، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتتە بار مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى، بەلكى مۇشۇ مەزمۇندا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇستەملىكە مىللەتلەرچۇ؟ ئۇيغۇردەك مۇستەملىكە بولۇپ قالغان مىللەتلەر، يەر ئاستى بايلىقى، نېفىت، گازى تۇرۇپ ئۆزلىرى ئاچالمايدىغان ئۇيغۇردەك مۇستەملىكە مىللەتلەر، قولىدىن كەلگەن ئۇسۇل چارىنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىقتىسادى سىياسەتلىرىگە، ئۇيغۇرستاننى ئېچىش، نېفىت ۋە گازنى ئىچكىرى خىتايغا ھەقسىز يۆتكەپ كېتىشكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مىللەتچىلىك بىلەن قارشى تۇرۇش نۆۋەتتە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى. 8 ـ مىللەتچىلىك ۋە ئاشقۇنلۇق : مۇقىم ،ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان مىللەت ئېتىبارلىق دۆلەتلەردە ئادەتتىكى تۇرمۇشقا مىللەتچىلىك كۆپ جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، مىللەتچىلىك يوشۇرۇن بولىدۇكى، ئانچە ئاشكارا بولۇپ كەتمەيدۇ. بەزى دۆلەتلەردە باشقا ئىرق ئېتىبارىدا، مىللەتلەرنى چەتكە قاققۇچىلار، كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنى مىللەتچىلەر دەپ ئاتىۋالىدۇ. رۇسىيەدە تاقىر باشلار پارتىيەسى، گېرمانىيەدە يوشۇرۇن ناتسىستلار پارتىيەسى ئەنە شۇنداق مىللەتچىلەردۇر. ئەگەر مىللەتچىلىك ئاشقۇن پاشىستىك مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا، ئاشقۇنلۇق، رادىكالىزىم مانا مۇشۇنداق چاغدا ئېغىزغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئاددىي ھالدا، فاشىزمنى مىللەتچىلىكنىڭ ئاشقۇن شەكلى ۋە رادىكالىزىملىق شەكلى دەۋېلىش، تازا ئەقىلغا سىغمايدىغان پىكىردۇر. فاشىزم ئادەتتىكى مەنىسىدىن قارىغاندا ،ئىتالىيەدە ئىرق ئېتىبارىدا مىللەتچىلىك بىلەن دۆلەت مىللەتچىلىكى بىرىكىپ، ناتسىزىمغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئىزىمنى يەنە بىر تەرەپتىن ستالىنىزىم دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ستالىن ۋە مىللەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ستالىننىڭ مىللەتنىڭ ئېنىق كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەبىرلىرىنى، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشلەتكەن. ستالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋرلەردە، يۇقىرىقى تەبىرنى سوۋېتلەر جۇمھۇرىيىتىدىكى

ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر، ئۆز ئارا كۆچەپ تەرغىب قىلىپ، مىللەتنى يەنى سوتسىيالىزىمچە مىللەتنى تەن ئېلىشقا ئىلھام بېرىلگەن. شۇنداق بولغاندىمۇ ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلىرى يەنە ئوخشاشلا ئىنكار قىلىنغان. رۇسلاشتۇرۇش داۋاملىق يولغا قويۇلۇۋەرگەن.

## 9 ـ ئىرقچىلىق

مىللەتچىلەر ھە دېگەندە مېنىڭ دۆلىتىم ئۇ دۆلەتتىن ئەلا دەيدىغان، پىكىرلەرنى داۋراڭ قىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن كۆپلىگەن مىللەتچىلەردە شۇنداق كۆزقاراشلار بولىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىدە، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىرقچىلىق تىندىسىلىرى بولىدۇ. ئىرقچىلىق 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، مىللەتچىلىكنى بازارغا سالىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىك بولۇپ كەلگەن. مىللەتچىلىك بىلەن پاشىزىم 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇشۇنداق قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. ناتسىسىزمچىلارنىڭ ئىدىيەسى ئىرقچىلىق ئىدىيەلەرگە ماسلىشالايدىغان ئىدىيە، ناتسىستلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى سىياسەتلىرى ئىرقچىلىق ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئىرق يوقىتىش سىياسىتى، جۈملىدىن جۇيىش لارنى قىرغىن قىلىشى، 1945 ـ يىلدىن كېيىن، ئىرقچىلىق ۋە ئىرقلار مىللەتچىلىكنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن يەنىلا قانداقلا بولمىسۇن، ئىرقچىلىق مىللەتچىلىككە تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئىرق تازىلاش كۆپ ھاللاردا ئىرىقچىلىق بىلەن مىللەتچىلىك ئىككى ئىدىيەنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلمەكتە. دۆلەت مىللەت ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كېرەك دەيدىغان تەلىمات مىللەتچىلىكنىڭ ، مىللەتچىلەرنىڭ ئەگگۈشتىرى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر چېگرا ئىچىدىكى مىللەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگەندىمۇ ، ختاي مۇستەملىكچىلىرىدەك ۋەھشىي دۆلەتلەر، ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندەك مېنىڭ قىلغاندەك دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ مەسىلەن رۇسلار چېچەنلەرنى قىرغىن قىلغاندەك،... يېقىندىن بېرىكى ئېرىق ئېتىبارىدا قىرغىنچىلىق قىلىش يۇگوسلاۋىيەدە يۈز بەردى، بۇنداق قىرغىنچىلىق 2009 ـ يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە يۈز بەردى. ئىرىقچىلىق بىردۆلەتنىڭ ئىچىدە، ئىرقلار ئارا ئۆچمەنلىككە قارىتىلغان بولسا، مىللەتچىلىك تاجاۋۇز

قىلىنغان دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ، تاجاۋۇزچى مىللەتكە مىللەتچىلىك بىلەن قارشى تۇرۇشى بۇ ئەلۋەتتە، ئىنقىلابىي ھەرىكەتتۇر. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ئىرىقچىلىق بىلەن مىللەتچىلىك بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئىرىقچىلىق بىر دۆلەتتىكى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان بولسا، مىللەتچىلىك تاجاۋۇزچىلارغا قارىتىلغان بولىدۇ.

## ئون بىرىنچى باب مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى مىللەتچىلىكنى ئەيىبلەش

مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاۋۋال مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سىياسىتى، يەنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق يولغا قويۇلغان سىياسەتتۇر. مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك قىلىشىغا يول قويىدۇكى، ھەرگىز مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك قىلىشىغا يول قويمايدۇ. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ماددا، ئەينى چاغدا سابىق سوۋېتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىغىمۇ، ھازىرقى خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مىللەتچىلىك ئەگەر بۇ ئىزىم ئىدېئولوگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، سىستېمىلاشقان نەزەرىيىۋى قورال بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ نەزەرىيەنىڭ تەشەببۇسلىرى، جەمىيەتنىڭ بولۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشىدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا، ئاساسەن دېڭىزدەك چوڭ دۆلەتلەر ئۆزئارا بىرلىشىپ رايون خاراكتېرلىك ئايرىم مىللەتلەرنىڭ، مۇستەقىل بولۇپ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرغان. چوڭ دۆلەتلەر ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرغان. رايون خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئىنقىلاب، قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق دۆلەت قۇرغان بولسا، چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيە ساھەسى بويىچە ئارىلىشىپ، قۇرۇلغان دۆلەتلەرنى ئاغدۇرغان ياكى مۇنقەرز قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالغان. ياكى، ئۆزلىرىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ پىكرلەرگە باشقا تېرىتورىيەلەردىن مىسال ئىزدەپ يۈرمەي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئۇيغۇرىستاننى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە بولىدىغۇ،

مىللەتچىلىك بەزى چاغدا باستۇرۇشقا بەزى چاغدا قوراللىق زوراۋانلىققا دۇچ كېلىدۇ. بەزى ھاللاردا ئالدامچىلىقنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئالدىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كۆپ ھاللاردا مىللەتچىلىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ پۈخادىن چىققۇدەك باش كۆتۈرەلمەيدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. غەرب دۇنياسىدىمۇ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ خىلمۇ خىل ئىپادىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. يىگىرمىنچى ئەسىردە باش كۆتۈرگەن ئىسلام مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قوللاق سالساڭ، مىللەتچىلىك تەرەققىيپەرۋەر ئىسلام دىنىنىڭ تەبلىغ ھەرىكەتلىرىدە، قارشى تۇرىدىغان ئىزىمغا، تەشەببۇس قىلمايدىغان نەزەرىيەگە ئايلىنىپ قالغان. ئىسلام دۇنياسىدا ئايرىم دۆلەتلەردە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلار دەل مىللەتچىلىكنى دىن بىلەن نىقاپلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى بازارغا سالىدىغان مىللەتچىلەر ئىدى.

سىياسىي ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ مىللەتچىلىككە تەشكىللەيدىغان ھەرىكەتلىرى، بەزى چاغلاردا ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىققا تەشكىللەيدىغان ھەرىكەت بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن 2009 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاڭ لىچۈئەنگە قارشى ھەرىكەت تەشكىللىگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ھەرىكىتى، نەق مەيداندا ئۇيغۇرغا قارشى زوراۋانلىق قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ زوراۋانلىق قىلىش ھەرىكىتىنى، مىللەتئارازىملىق تەشەببۇس بىلەن بىر يەردە قويۇشقا بولاتتى. بۈگۈن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسەتۋازلىرى مىللەتچىلىكنى ئەيىبلىگەن بولسا خىتاينىڭ مۇستەبىتىزىملىق مۇستەملىكچىلىك، قان تېمىپ تۇرىدىغان مىللەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كىم ئەيىبلەيدۇ؟، مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى بىر خىل ئىدىيە، ئىدىيە ئۆزى ئۇچۇنلا ئىدىيە ئەمەس بەلكى كىشىلەر ھېسسىياتى جەھەتتىن ئوڭايلا ماسلىشالايدىغان ۋە ئوڭايلا قوبۇل قىلالايدىغان بىرخىل ئىدىيە سۈپىتىدە، باشقىلار ئوتتۇرىسىدا تەشۋىق قىلىنىدىغان بولسا، مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ،بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر ئارا توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئىچىنىك قىرغىنچىلىققا سەۋەبكار بولىدۇ. دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غەربتىكى كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ پايدىلىنىش

قورالغا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرىدىغان خىتاي سىياسەتۋازلىرى يەنە نېمىشقا ئۆزلىرى مىللەتچىلىك قىلىدۇ؟ سىياسىي ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىپ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇستەبىت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسلىرى نېمىشقا بۇ يەردە بىرىيەردىن چىقىپ قالىدى ؟

تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ، ۋاقىتلىق مۇستەملىكە قىلىنغان ئەللەردە مىللەتچىلىك، قانۇنغا پىسەنت قىلماي ئەخلاق قائىدە يوسۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى سۈپىتىدە، كىشىلەر ئارىسىدا بىر- بىرىنى چۈشىنىشنىڭ، بىر- بىرىگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ قائىدە نىزامى، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ كىشىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىد، كىشىلەرگە يۈكلەيدىغان مەسۇلىيەتنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن. مۇنداق ئېيتقاندا مىللەتچىلىك مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ قولىدا، يات مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا بارلىقىنى ئۆلچەيدەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نەزىرىدە مىللەتچىلىك، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ئاسمىلاتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ پىلانىدا دۆلەت سىياسىتىگە ئايلىنىدىغان بولسا، سەرخىللارنى دۆلەتكە كېرەك كادىرلارنى تەربىيىلەشنىڭ، ئارمىيە قوماندانلارنى تەربىيىلەشنىڭ ۋە كادىرلارنى ئۆستۈرۈشنىڭ، ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، خۇجىنتاۋ، 1989 - يىلى ئۈچىنچى ئايدا تىبەت خەلقىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىرىدە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان، خىتايغا تۆتىنچى ئەۋلاد رەھبەر بولسىمۇ بولىدىغان ئىزباسار قىلىپ تەيىنلىنىپ، 10 يىل 1 ئاي سېكرىتار بولدى. 2009 - يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ، تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بارغان نامايىشنى باستۇرۇپ، ۋاڭ لې چۈئەن مەركەزگە يۆتكەپ كېتىلىپ، سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا مۇئاۋىن رەھبەر بولدى. نۆۋەتتە خىتايدا مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى ۋەھشىلىك ۋە زوراۋانلىق بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇننىمۇ ئۆزلىرى كۆزگە ئىلمايدىغان، چۆرۈپ تاشلايدىغان بىر دەۋرگە كىردى.

سىياسىي ئەركىنلىك تەرەپتارلىرى مىللەتچىلىككە نېمە ئۈچۈن قارشى

تۇرىدۇ؟ ئۇلار بىرىنچىدىن مىللەت مەسىلىسى، مىللىي مەسىلە بىر دۆلەت ئىچىدە مەۋجۇت بولمايدۇ، قانۇن ھەممە مىللەتنىڭ ئەمەس بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ دېيىشىدۇ. گراژدانلىق، پۇقرالىق سالاھىيىتى ئىچىدە مىللەت ئۇقۇمىنى يوقىتىپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، ھەممىمىز ئامېرىكىلىق ھەممىمىز گېرمانىيىلىك دەيدىغان بىر دۆلەت،بىر خىللا گراژدان كۆز قارىشى بويىچە دۆلەتنىڭ مىللەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتمەسلىكىنى، دۆلەت يەنە باشقا كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولۇشىدۇ. كېلىپ كۆردۇقكى، ئامېرىكىدەك گېرمانىيەدەك دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن مىللەتلەر، ھېچقاچان توپلىشىپ ، ئايرىلىپ، ئايرىم تېررىتورىيەنى ئىگىلەپ ئولتۇرغان ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ گراژدانىلا بولىدىكەن ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئىختىيارى، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى ئىختىيارى، رايۇن ئاتلاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشمۇ ئىختىيارىي بولىدۇ. بىر بۈيۈك قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشايدۇ، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ، لېكىن ئامېرىكا بۇ دۆلەتنىڭ ئەكسىچە، خىتايدەك ئاساسلىق مىللەتنىڭ مىللەتچىلىكىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان بەزىبىر دۆلەتلەردە، بىر پۈتۈن دۆلەت چۈشەنچىسىگە توغرا كەلگەندە، سىياسىي ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىمۇ مۇستەبىت مۇستەملىكچىلەرمۇ ئوخشاشلا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ، پۈتۈنلۈكىنى ساقلىماقچى بولىدۇ. كىشىلەرگە سىر ئەمەسكى يېقىنغىچە، ماركس ۋە ماركسىزمچىلارمۇ مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگەمىدى، دەيدىغان مۇنازىرىلەرمۇ بولۇپ ئۆتكەن، بەزى سولچىلار ۋە ماركسىزمچىلار گەرچە مۇئەييەن تارىخىي دەۋرلەردە، مىللەتچىلىكنىڭ ئىلغارلىقىدىن گۇمانلانسىمۇ، ئەمما مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەتكە قاقمايتتى، 19 ـ ئەسىردە ماركسىزمچىلار مىللەتچىلىككە پۈتۈنلەي قارشى تۇرۇپ، ئىنتېرناتسىئونالىزمنى پرولتارىياتچىلىقنى، دۇنيا ئىنقىلابىنى كوممۇنىزم ، سوتسىيالىزمنى تەشەببۇس قىلغانلىرىدا، ئىككىلەنمەستىن مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغان، ئومۇمەن ئالغاندا ماركسىنىڭ مىللەت قارشى،

شاۋىنىزىمغا باراۋەر بولۇپ، پرولتارىيات ئىنقىلابىنى تەكىتلىگەندە، مىللىي دۆلەتچىلىكنى تەكىتلىمەي، دۇنيا ئىنقىلابىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، دۇنياۋى ھۆكۈمەتتىن، مىللەتلەرنى يوقىتىشتىن بىشارەت بەرگەن. ياۋروپادا ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇرۇق سۆز ئىبارىلەرگە گۈزەل ئارزۇلارغا تايانغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئىتتىپاق قەغەز يۈزىدە ئەمەس بەلكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئىنقىلابىي تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، كونا زۇلۇم سىستېمىنى ئۆچ كۆرۈپ، قاتتىق تۇۋۇلاش ، زۇلۇمغا ئۇچرىغان بارلىق مىللەتلەرگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈشنى قاتتىق تۇۋۇلاش... ، ياۋروپادا بىر مىللەت يەنىلا زۇلۇمنىڭ ئاستىدا ياشايدىكەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بەخت، سائادەتى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئۆل- كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بارايلى ، ۋەھاكازا، «مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدا، ختايچە نەشرى،» ماركسنىڭ مىللەتچىلىك، مىللەتلەر توغرىسىدا مۇشۇنداق سۆزلىگەن ئالجوقا سۆزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا نىمە دېگەنلىكىنى ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەن ھازىرغىچە ئوقۇغان ماركسنىڭ ئەسەرلىرىدە، ياكى مىللەتچىلىككە ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرىدىغان ياكى مىللىي مۇستەقىللىققا ئات سۆز ئىبارىلەرنى دېگۈدەك ئۇچراتمىدىم. غەرب دۇنياسىدا مىللەتچىلىكنىڭ ئورنىنى باسىدىغان كەڭ تارقالغان ئىدېئولوگىيە، دۇنياۋىلىق ياكى ئىنتېرناتسىئونالىزىمچىلىقتۇر، لېكىن بۇ يەردە دۇنياۋىلىق بىلەن ئىنتېرناتسىئونالىزىمنى ئارلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئىنتېرناتسىئونالىزم تەبىر بويىچە دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىندۇ، ئىنتېرناتسىئونالىزىم ئىرق ئېتىبارىدا دۇنياۋىلىق، ئىرىق ئېتىبارىدا مىللەتچىلىكتىن ۋاز كېچىدىغان بىرخىل پرىنسىپ بۇلۇپ ، مىللەتنىڭ ئەزالىرى باشقا بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن، تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندا، مىللىي تەن ئېلىشتىن ۋاز كېچىشنى، ساداقەتمەنلىكتىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ بەلكى مۇشۇنداق تەشەببۇس قىلىش ھازىرقى دۇنيادا، ئامېرىكىدىلا ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن. لېكىن باشقا دۆلەتلەردە مۇمكىن ئەمەس.

ماركسىزم بىلەن نىقاپلانغان خىتاي مىللەتچىلەرگە كەلسەك، ماركسىنىڭ مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىنى، ئۇ يەردىن بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ ئۇيغۇرلارغا تەدبىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان**62** يىل مابەينىدە، دەسلەپتە ئەكسىل ئىنقىلابچىغا زەربە بېرىش جىنايەت تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» جىنايەت تۈرىمۇ بار ئىدى، **1957** - يىلىغا كەلگەندە < يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش » جىنايەت تۈرى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. **1980** - يىللاردىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جىنايەت تۈرى، ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. خىتايلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان جىنايەت تۈرلىرى بويىچە ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىرىنى، ئۇيغۇرنىڭ مىللەتچىلىرىنى جازالاپ تۈرمىلەرگە تاشلاپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنى، چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكىگە قارشى ئۇيغۇرنىڭ مىللەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى چەكلىمەكچى بولدى. مىللەتچىلىك ۋە مىللەت ئېتىبارلىق دۆلەتلەردە، ئەڭ كەڭ بەلكى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئىزىملارنىڭ بىرى پان ئىسلامىزىمدۇر. پان ئىسلامىزىم، رادىكال ئىسلامىزمدىن كەلگەن، رادىكال ئىسلامىزىمچىلار ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى بارلىق مەۋجۇتلۇقنى ئىنكار قىلىپ، دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىۋېلىپ، ئىسلامىزىمچى كىشىلەرگە نىسبەتەن دۆلەت قۇرۇشتىن ئېيتقاندا، يەر شارىدا پەقەت بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش، بۇ ئادەتتە پان ئىسلامىزىم پان ئەرەبىزىم دەپمۇ ئاتىلاتتى. تارىخنىڭ قايسىبىر دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر ئىسلامىزىمچىلاردىن كىمدۇربىرلىرى، يۇقىرىقىدەك پان ئىسلامىزمغا ئىشىنىپمۇ يۈرۈشكەن، پان ئىسلامىزىمنىڭ ماھىيەتلىك، لوگىكىلىق مېغىزى ئەمەلىيەتتە ئەرەب مىللەتچىلىكى، پان ئەرەبىزىمچىلىك ئىدى. **19** - ئەسىرنىڭ **95** - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا، **20** - ئەسىرنىڭ **30** - يىللىرىدا ئۇيغۇرىستانغا سىڭىپ كىرگەن، بەلكى، پان تۈركىزىم بىلەن بىللە سىڭىپ كىرگەن پان ئىسلامىزىم، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېك مىللەتچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئىسلامىزىم، تۈركىزىم بىلەن ئالدايدىغان مەنىۋى زەھەرلىك قۇرالغا ئايلانغان، **1933** - يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە قۇرۇلغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت، ئۇيغۇرىستان نامىدا قۇرۇلغاندا تۈركىيەدىن

يېتىپ كەلگەن. «ماجىرا پەرەستلەر»، ۋە ستالىننىڭ قەشقەرگە يەرلەشتۈرگەن ئۆزبېكلىرى، زىرىپ قارا ھاجى، سېيتۋالدىجان قۇربېشى قاتارلىق ئۆزبېكلەر سابىت داموللامنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرۇپ ،< ئۇيغۇرستان» دەپ قۇرۇلغان دۆلەت نامىنى، شەرقىي تۈركىستان دەيدىغان بىر دۆلەت نامغا ئۆزگەرتىشكە مۇۋاپپەق بولغان، تۇتۇلغاندا زىرىپ قارى ھاجى بىلەن سابىت داموللاملار بىرلا ۋاقىتتا تۇتۇپ، سابىت داموللام شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزبېك، زىرىپ قارا ھاجى ستالىننىڭ ياردىمى ئارقىلىق شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ، كوممۇنىست خىتايلار كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ ھېچقانداق خېيىمخەتەرگە ئۇچرىماي 1958 - يىلى غۇلجىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى، ئۇ ئۆزبېك قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا قاتناشقان ئەمەسمىدى،

## ئون ئىككىنچى باب ، خىتايدا مىللەتچىلىكنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىشى

شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىلا خىتايدا كۆتۈرۈلگەن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ، ئىقتىسادىي ياكى مەدەنىيەت ئاساسىمۇ يوق خىتاي مىللەتچىلىكى ، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - ،90 - يىللىرىغا يېتىپ كەلگەندە ، يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ياۋرو ئاسىيادا روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى كوممۇنىزم مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشى خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى ، خىتايدا مىللەتچىلىكنىڭ كۆتۈرۈلۈشى. تيەنەنمېندە يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىغا قارىمۇ قارشى بولۇپ، مىللەتچىلىك جۇڭگودا ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ پىكىر ئېقىمى ۋە سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغان بولسا، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش خەلق ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ۋە پۇقرالارنىڭ تەلىپى بولۇپ قالغان. زىيالىيلارنى ئاساس قىلغان جۇڭگو جەمئىيىتى ، لىبېرالىزمغا سېغىنغان بولسا ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش تەھدىتى ئاستىدا قالغان مىللەتچى ھاكىمىيەت خىتايدا مىللەتچىلىككە تايانغان. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ۋە باشقۇرۇشقا قارشى نارازىلىق ، شۇ چاغدا خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ياراشتۇرغىلى

بولمايدىغان زىددىيىتى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق زىددىيەتلەر خىتايدا سىياسىي دېموكراتىيە بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى زادى نېمە؟ ، دەيدىغان سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى ، ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىك تۈزۈم توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىغان خىتاي زىيالىيلىرى ، مىللەتچىلىككە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق بىر سوئال بولدى، مىللەتچىلىك خىتايدا تۈزۈمنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلدىمۇ، مىللەتچىلىك خىتايدا دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان زەخمەت يەتكۈزدىمۇ ، مىللەتچىلىك خىتايدا كىشىلىك ھوقۇق، ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا نەزىرىيەسىگە يۆلىنىشلىك بولدىمۇ، پىكىرلەر مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتى. خىتاينىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا مىللەتچىلىك بىلەن ئەركىنلىك ، لىبېرالىزمنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت، ئىنتايىن نازۇك مۇناسىۋەت بولۇپ قالغان، مەيلى مىللەتچىلىك ياكى مەيلى لىبرالىزم بولسۇن ئەينى چاغدا ، لياڭ چىچاۋ، خۇشىدەك خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا يەرلەشكەن مىللەتچىلىك ، خىتاي مىللىتىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈپ ھەم زامانىۋىلىشىشنىڭ داغدام يولىغا ئېلىپ چىققان ھەم خىتاي زىيالىيلىرى مىللەتچى ۋە لىبېرالىست بولۇپ يېتىشىپ چىققان. پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنى يادرولۇق مەزمۇن قىلغان «شۇشۇ قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ، باي ۋە قۇدرەتلىك خىتاي دۆلىتى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ ، جۇڭخۇئا مىنگو ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىققان ، سۇن جۇڭشەننىڭ 3 مەسىلەك سىياسىتىدە ، مىللەتچىلىكنى خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ، خىتاينىڭ لىبېرالىستلىرى ياپونغا قارشى تۇرۇش بىلەن دېموكراتىيەنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ ، دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن ھەرىكىتىنى ھالاكەتچىلىكتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندۇرغانىدى. بىراق خىتاينىڭ ئۆزگىرىپ تۇرغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىدا ، مىللەتچىلىك ھەرىكىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسا ، لىبېرالىزم ئەركىنلىك ھەرىكىتى بىر قەدەمنىمۇ باسالمىدى. 3 مەسىلەك ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان سۇن جۇڭشەننىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ، جۇڭگونى دېموكراتىك، سوتسىيالىستىك تۈسكە ئىگە مىللەتنىڭ بىر دۆلىتى

قىلىپ قورۇپ چىقىشنى نىشان قىلاتتى. جياڭ جېيشىنىڭ ئامېرىكىغا تايىنىپ ئاز تولا مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەيلى سۇن جۇڭسەن مەيلى كېيىنكى ماۋزېدۇڭ بولسۇن سىياسەت بەلگىلىگەندە كىرىمىل سارىيىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىسا بولمايتتى. شۇڭا سۇن جۇڭشەن مىللەتچىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندىمۇ ، سوتسىيالىستىك دەيدىغان ئۇقۇمنى تەكرارلىمىسا بولمايتتى. سۇن جۇڭشەندىن كېيىنكى خىتايىنىڭ داھىسى جاڭ جىيېشى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا سۇن جۇڭشەننىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ئۇنىڭ لىبىرالىزىملىق ئىدىيىسىنى يەنە ئۇنىڭ سوتسىيالىزملىق ئىدىيىسىدىن ئايرىۋەتكەن. خىتايىنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى جاڭ جىشيەنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتكە خاسلىق ئىچىدە بىر دۆلەت قۇرۇشنىڭ تارىخي ۋەزىپىسىنى تاماملىغان بولسىمۇ لېكىن بۇ دۆلەت ئوخشاشلا سوتسىيالىزمغا ۋە لىبېرالىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ قالدى. بۇ دۆلەت سوتسىيالىزم مەسىلىسىدە روسىيەنى ستالىننى مەنسىتمەي لىبىرالىزىم ئەركىنلىك مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا سەل قارىغان پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك بىر دۆلەت ھېسابلىنامتى؟ ئۇنىڭ كەينىدىنلا خىتايدا ئوتتۇرىغا چىققان كوممۇنىستىك پارتىيە ھەرقايسى پارتىيە گورۇھلاردىن ئاكتىپراق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بازارغا سېلىپ مىللەتچىلىك بىلەن ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاشنى ئۈنۈملۈك قورالغا ئايلاندۇرۇپ ، جۇڭگو ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغاندا كوممۇنىست خىتايىنىڭ قولىدا مىللەتچىلىك ، ئاسىيا تىنىچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا پۈرسەتكە ئېرىشىپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، خىتايىنىڭ كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇشى جەريانىدا ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە مەيدانى مۇستەھكەم خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مەيداندىن چېنىپ قالدىغان گومىنداڭ پارتىيىسىنى مەغلۇب قىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە خىتايدا غەلبە قىلغاندىن كېيىن ئەركىنلىك لىبىرالىزىمدىن يىراقلىشىپ كەتكەن گومىنداڭ پارتىيىسىدىن بەتەرەك، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ ئەركىنلىكنىلىك، لىبىرالىزم دەيدىغان ئۇقۇملارنى ۋەيلۇن دوزاخقا تاشلىۋەتتى. پارتىيەنىڭ مەنپەئەتى، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى دەيدىغان مەنپەئەت ئۇقۇملىرى

، كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى خىتايدا ھەر كۈنى تەكرارلايدىغان سىياسەتكە ئايلىنىپ شەخسنىڭ مەنپەئەتى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ھەر ۋاقىت قۇربان قىلىشقا بولىدىغان ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بۇرژۇئاچە پىكىر ئېقىمى بولۇپ قالدى. خىتاينىڭ لىبېرالىستلىرى خىتاي مىللەتچىلىكى لىبېرالىزمنى ئاساس قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېگىنى مىللەتچىلىك ئەركىنلىكنى ، ئەركىنلىك مىللەتچىلىكنى چەتكە قاقماسلىقى كېرەك ، دېگەنلىكى ئىدى ئەكسىچە بولغاندا مىللەتچىلىك ، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك ،باراۋەرلىك، دېموكراتىيە تىنچلىق ، ئەقلىيلىق ۋە ئەقىلچىلىك قاتارلىق ئەركىنلىك توغرىسىدىكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ چەك چېگرالىرىدىن ھالقىپ كەتكەندە ، ئېچكى سىياسەتتە مىللەتچىلىك ئوڭايلا مۇستەبىتلىكلەرنىڭ سىياسى غەرەزلىرىگە ماسلىشىپ قالاتتى ، بۇنداق چاغدا مىللەتچىلىك بىر خىل مەنىۋى قورال بولۇپلا قالماستىن بەلكى ناھايىتى ئاسانلا باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش بىلەن شوۋىنىزم، ئىرقچىلىق، فاشىزم تەرەپكە ئېغىپ كېتىدىغان خاھىشتىن ساقلىنالمايتتى. خىتاينىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي كۈچلىرى گومىنداڭ، كوممۇنىستىك پارتىيە يۇقارقى لىبېرالىستلارنىڭ تەشەببۇسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ مىللەتچىلىكنى بايراق قىلىپ، لىبېرالىزم، ئەركىنلىكتىن يىراقلىشىپ ھەتتا مىللەتچىلىك بىلەن ئەركىنلىك چاقرىقلىرىنى بىسىپ خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئىنتايىن زور ئوڭۇشسىزلىق ئېلىپ كەلدى. گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە 2 خىل سىياسىي كۈچنىڭ مىللەتچىلىك بىلەن بىسىم قىلىشى ئاستىدا خىتاي يۇقرالىرىنىڭ ئايرىم زىيالىيلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەگە ئىزدىنىشى چوكۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنى ئۈلگە قىلىپ ھازىرقى زامانىنىڭ دېموكراتىك ئېقىمغا كىرىش تەلەپلىرىنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. جۇڭگولۇقلار ۋە 2 سىياسىي پارتىيە مەجبۇرى روسىيەنى ئۈلگە قىلىدىغان توۋۇق يولغا كىرىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۆگىنىدىغىنى غەربنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى - توغرا نىشانلىق دېموكراتىك ئېقىم بولماستىن بەلكى ئاساسلىق ئېقىم ھېسابلانمايدىغان لېكىن غەربكە قارشى غەربنىڭ يەنە بىرئېقىمى _ ماركسىزم - لېنىنىزم سوۋېت روسىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى خىتاي گومىنداڭىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرىدىغان

ئىزىم، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئۆگىنىشكە تەسىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىزىم بولۇپ قالدى. خىتاينىڭ بەزى زىيالىيلىرى غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ خىتايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى سوۋېتلەر روسىيەسىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى جۇڭگونى غىدىقلاپ زامانىۋىلىشىشقا تۈرتكە بولدى، دېيىشىدۇ. مىللەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ تىزگىنلىشىدە قالغان جۇڭگولۇق سىياسەتۋازلار «غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى» بىلەن بىرگە يەنە شۇ غەربنىڭ ئەركىنلىك دېموكراتىك تۈزۈمنى سېلىشتۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن دېموكراتىيە ئوتتۇرىسىدىكى قىممەتنىڭ پەرقلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى غەربنىڭ ئاتالمىش تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش مىللەتچىلىك ئارزۇلىرىنى قانائەتكە ئىگە قىلسىمۇ ،لېكىن تەرەققىي قىلىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن غەربنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلىرى بىلەن غەربنىڭ ئەركىنلىك چاقىرىقلىرى سىياسەتۋاز خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايتتى. دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خىتاي زىيالىيلىرى « كېسەل ھالەتلىك مىللەتچىلىك» يەنى غالجىر مىللەتچىلىك » دەيدىغان ئۇقۇملارنى « دۆلەت قاشقىسى» دەيدىغان ئۇقۇم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، خىتاينىڭ تۆتىنچى مايدىن بۇيانقى يېقىنقى زامان تارىخىدا 2 خىل روھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كېسەل ھالەتلىك مىللەتچىلىكنى پۇقرالارنىڭ چاقىرىقىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى.

## ئون ئۇچىنچى باب ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى خىتاي مىللەتچىلىكى

خىتاي مىللىتى ياپونغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئازادلىققا ۋە مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ، چەتئەللىك تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇشنى بەلگە قىلغان خىتاي مىللەتچىلىكى تارىخىي ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي پۇقرالىرى لىبىرالىزمنى بوغۇپ تاشلاشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ مىللەتچىلىك مەستخۇشلۇقىدا خىتايدا دېموكراتىيىلىشىش ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە زىيان زەخمەتلەر ئېلىپ كەلدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكانى بىرىنچى دەرىجىلىك

دۈشمەن دەپ بېكىتتى. ئارقىدىنلا خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى ئامېرىكا پەرەس زىيالىيلارنى، ئامېرىكا پەرەس لىبېرالىزمچىلارنى بىر بىرلەپ يوقاتتى. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەزى كونا زىيالىيلىرىمىزنى ئامېرىكىغا باغلانغان ئۇنسۇر دەپ رەھىمسىز كۈرەش قىلدى. ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى خىتاي كوممۇنىستلىرى مىللەتچىلىك بىلەن ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ ، خىتايدا غەربكە قارشى كەيپىيات ، ئامېرىكىغا قارشى ھېسسىياتنى قوزغىتىپ لىبېرالىزمنىڭ خىتاي پۇقرالىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تازىلىدى ياكى ئاجىزلاشتۇردى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ سەكسىنىنچى يىللىرىدىن بۇرۇنقى پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە غەربنىڭ ئەركىنلىك مۇئەممالىرىغا ۋە دېموكراتىيىسىگە ئىزدىش بىلەن غەربكە قۇل بولۇش ئوخشاش مەنىدە كېلەتتى. خىتايدا پارتىيە ۋە دۆلەت خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ھېسسىياتى ۋە مىللەتچىلىك كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ < ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش» نامىدا ئەركىنلىك دېموكراتىيە ئىدىيىلىرىنى چەتكە قاققان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىيتقاندا خىتاي پۇقرالىرى ،ھەتتا خىتاي زىيالىيلىرىمۇ دېموكراتىيە, ئەركىنلىك دېگەننىڭ ئۇقۇملاشقان مەنىسىنى كىتابلارنى ئوقۇپ بىلىۋالسىمۇ ، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خىتايدا ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق كۆرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلمەيتتى. دېموكراتىيەنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىنى ھەل قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان زېمىن پەرق بار ئىدى. گەرچە خىتاي زىيالىيلىرى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتكەندىمۇ ، يالغۇز خىتاينىڭ پارتىيە ۋە دۆلىتى يول قويمىدىلا ئەمەس ئەڭ مۇھىمى خىتاينىڭ مىللەتچىلىكى دېموكراتىيىنىڭ خىتايدا يولغا قويۇلۇشىغا قارشى تۇراتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئەسەبىيلىك يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ سەكسىنىنچى يىللىرىدا يولغا قويۇلغان مەنۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەر دائىم مىللەتچىلىكنىڭ باشقا قىياپەتتە باشقا بىر خىل ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خىتاي پارتىيىسىنىڭ سىياستى بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ تارىخى دەلىلى بولۇپ قالدى.

ئىسلاھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىگە كەلگەندە ، خىتايدا لىبىرالىزم

ئانچە مۇنچە تىرىلگەندەك بولدى. مەسىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە «دوكلات ئەدەبىياتى» «جاراھەت ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، «سىنىپ مۇدىرى» ماۋزۇلۇق ھېكايىلەر يېزىلىپ، جەمىيەتكە قارىتىپ «باللارنى قۇتقۇلدۇرۇڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭدىن 60 يىللار ئىلگىرى خىتاينىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچى لۇشۇن « دورا » ،«سەۋدايى خاتىرىسى » ماۋزۇلۇق ئەسەرلىرىدە « ئادەملەرنى قۇتقۇزۇڭلار، فېئوداللىق جەمىيەت ئادەملەرنى يەپ كەتتى » دەپ توۋلىغان بولسا 60 يىلدىن كېيىن يازغۇچى ليۇ شىن ئوۋ « سىنىپ مۇدىرى » ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە «باللارنى قۇتۇلدۇرۇڭلار فېئودال سوتسىيالىزم باللارنى يەپ كەتتى » دەپ توۋلاپ نېمە ئۆزگىرىش بولدى، تارىختا يازغۇچىلىرىمىز ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇڭلار فېئودالىزم ئادەملەرنى يەپ كەتتى ، دېگەن بولسا ئەمدىلىكتە يازغۇچىلىرىمىز « فېئودال سوتسىيالىزم باللارنى يەپ كەتتى »دەپ جەمىيەتكە قارىتىپ توۋلىغان بولدى دېيىشتى. بۇ دېگەنلىك گومىنداڭ پارتىيىسىغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن ستالىنىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ماركسىزمنى توۋلاپ ، تاتلىق ۋەدە بېرىپ، ئىزىم، پىرىنسىپلارنى پەردەزلەپ ،خىتاي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ خىتايغا دېموكراتىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمىدى، دېگەنلىك ئىدى. بۇ خىتاي يازغۇچىلار ، خىتاي جەمىيىتى فېئودال مىللەتچىلىك بىلەن بوغۇلۇپ قالدى، دېمەكچى بولدى. بۇنداق تىرىلىش قانداقتۇر بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسى سۈپىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىش بىلەن خاراكتېرلەنمەي جەمىيەتنىڭ قالاق كۈچلىرى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قالاق ئىدىيىلىرى بويىچە خىتايلار نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىش، نېمىنى ئىختىيار قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈش بىلەن خاراكتېرلەندى. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمىيەتنىڭ ئەخلاقى ئىزىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنداق ئىدىيىۋى ھالەتكە يولۇققان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە مىللەت تۇيغۇسى، مىللەت ئېڭى دېگەن ھادىسىلەر گويا ئۆزىنى دالدىغا ئالغاندەك بىرخىل كەيپىيات شەكىللەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق كەيپىياتتىن تازا ئوبدان پايدىلاندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا خىتاي پۇقرالىرى « يېشىل مەدەنىيەت » كە ئىنتىلگەندەك بولدى. ئىشىك تاقىۋېلىش، ئىدىيىدە بېكىنمىچىلىك

قىلىش داۋاملىق تەنقىد قىلىندى. لىبېرالىزملىق روھ ئېچىۋېتىشكە يۈزلەنسە، مىللەتچىلىك ھەدەپ كۆكىزى مەدەنىيىتىنى داۋراڭ قىلىشقا ، « ئۆيلىنىش، قايتا ئۆيلىنىشنى » تەرغىپ قىلىشقا يۈزلىنىپ ، نەزىرىيە ساھەسىدە يېڭىچە رايىشلىق ۋە كونىچە رايىشلىق دەيدىغان ئۇقۇملارنى ياساپ چىقىشقا ئۇلگۈردى. «قايتا ئۆيلۈنۈش » مەدەنىيەت ۋە تارىخ ساھەسىدە قايتا ئۆيلىنىش نەزەرىيە ساھەسىدە قوغلىشىدىغان مودا بولۇپ قالغان. غەربكە يېقىنلىشىش، غەربتىن ئۆگىنىش جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەنىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ سەكسىنىنچى يىللىرى ئامېرىكا، ختاي 2 دۆلەت ئۆزئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان يىللار ئىدى. دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى نىشان قىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جاۋ زىياڭ ،خۇ ياۋ باڭ قاتارلىق ختاي سىياسەتۋازلىرىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق كۈنتەرتىپكە كەلگەن. 13 ـ قۇرۇلتايمۇ دەل مۇشۇ يىللاردا ئېچىلغان. (خۇ ياۋ باڭ ختايلارنىڭ ئۇيغۇرستاندىن، تىبەتتىن چېكىنىشكە ئائىت 6 ماددىلىق سىياسەت ئېلان قىلغان.) لېكىن غەربنى ئۈلگە قىلغان دېموكراتىك سىياسىي كەيپىيات قىينچىلىق، توسالغۇ ،جاپا مۇشەققەت ئىچىدە قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلنى بېسىپ ئۆتۈپ،1989 ـ يىلى تيەنەنمېن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان بولدى. ختاي مىللەتچىلىكى ئاخىرى دېموكراتىك تەلەپلەرنى قورال كۈچى بىلەن باستۇردىغان ياكوبىنچە دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ يولىنى تاللاپ ئالدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىش = كىرزىس، تەرتىپ ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇش =يەنە كىرزىس، سابىق سوۋېتلەردە شەرق ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن پەيدا بولغان قورقۇش ھالەتلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ روسىيەنىڭ پارچىلىنىشىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ختاي ھۆكۈمىتى، ختاينىڭ ئىستىخىيىلىك لېكىن يېتەكچى ئىدىيە ئورنىدا كۆتۈرۈلگەن مىللەتچىلىك خا ھىشىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇراجىئەت قىلىپ ، ختاي پۇقرالىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. تىبەت ئۇيغۇردەك مىللەتلەرنىڭ ختاي مىللەتچىلىكىنىڭ زەربە بېرىدىغان، باستۇرىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ختايدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيىسى جۇڭگو رېئاللىقىنىڭ سىياسىي ماكانىدا غەربنىڭ « تىنىچ يول بىلەن ئۆزگەرتىشكە قارشى» ،

«غەربنىڭ خىتاينى پارچىلىشىغا قارشى» تۇرىدىغان بەلگىلەنگەن دۆلەت سىياسىتىگە ئايلىنىپ ، « بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش »، « مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش » سىياسىي ھەرىكىتىنى قوزغاپ تۇرۇپ يەنە « سىياسىي ھەرىكەت قوزغىمايمىز» دەپ داۋراڭ سېلىپ پۇقرالارنى قايمۇقتۇرۇش بەدىلىگە مىللەتچىلىك خىتايدا يەنە غالىپ كەلدى.

نۆۋەتتە جۇڭگو لىبېرالىستلىرىنىڭ قارىشىچە زامانىمىزدىكى خىتاي مىللەتچىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك دۆلەت ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ قالدى. مىللەتچىلىك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھوقۇقنى قانۇنلۇق ھوقۇق خاراكتېرىگە ئىگە قىلىشىنىڭ ۋە شۇ ھوقۇقنى مۇستەھكەملەشنىڭ قورالىغا ئايلاندى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك 20 – ئەسىرنىڭ ت90 – يىللىرىدا مىللەتچىلىك خىتايدا باشقىچە باش كۆتۈردى. قارىغاندا مىللەتچى خىتاي ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەندە نىشانلىق ئىدېئولوگىيىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبىئى بولۇپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. . 1991 – يىلى 11 – ئايلاردا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرنىڭ تارىخچىسى ،مۇتەپەككۇرى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۈچ كىتابى» نى تەنقىد قىلىش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى بەلگە قىلغان رايون خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەت قوزغاشنىڭ ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىكى ،يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش باھانىسىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ يوشۇرغىلى بولمايدىغان بېشارىتى بولۇپ قالغان. لېكىن خىتاي مىللەت شائىرلىرىنىڭ نەزىرىدە يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ توقسىنىنچى يىللىرىدا كۆتۈرۈلگەن مىللەتچىلىك بىلەن خىتاينىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆتۈرۈلگەن خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ مەنبەلىك ئاساسلىرى جەھەتتە ئاسمان زېمىن پەرقى بار ئىدى. خىتاينىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆتۈرۈلگەن خىتاي مىللەتچىلىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن جاراھەتلەنگەن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ۋەتەنپەرۋەرلىككە بىرلىشىپ كەتكەن مىللەتچىلىك ھېسابلانسا ، نۆۋەتتىكى خىتاي مىللەتچىلىكى ھوقۇقنى مۇستەھكەملەش، پۇقرالارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ياۋروپا ۋە روسىيەدە گۇمران بولغان ماركسىزم ئەپسانىلىرىنىڭ جۇڭگوچە ماركسىزمغا كۆرسەتكەن بۆسۈش خاراكتېرلىك زەربە بېرىشىدىن كېيىن پەيدا بولغان مەنىۋىيەتتىكى

بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان ۋە ختاي جەمىيىتىگە يېتەكچى ئىدىيە بولالايدىغان ، ئۇيغۇر تىبەتلەرنى يالغاچ مىللەتچىلىك بىلەن باستۇرالايدىغان مىللەتچىلىك ئىدى. ناھايىتى ئېنىقكى پۇقرالار ياكى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ھەر قانداق ئېھتىياجى تۆپەيلى ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ،سىياسىي ساھەدە ختاي غەربتىن ھەر قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق يەنە شۇنداق تەكرار ئېھتىياجلار تۆپەيلى غەرب بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغان ئەمەس بەلكى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى تۆپەيلى، ختاي مىللەتچىلىكى دېموكراتىك غەرب بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. ختايدا مىللەتچىلىك بەزىدە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلەتتى. لېكىن ختاي كوممۇنىستلىرى مىللەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنىڭ ئېڭىنى چالغىتىپ تۇرسا ،تىزگىنلەپ تۇرسا ، مىللەتچىلىكنى سىياسىي ھەرىكەتلەر قوزغاشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىغا ئايلاندۇرۇۋالسا ، بەزىدە چەتەل كارخانىلىرىنىڭ ماددىي مەنىۋى كۈچىگە تايىنىپ ئۆلارغا خۇشامەت قىلىپ چەتەل كارخانىچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېىست ئېكسپىلاتسىيە قىلىپ، نورمىدىن تاشقىرى پايدا ئېرىشىپ چەتئەللىككە سوۋغا تەقدىم قىلاتتى ۋە ختاينىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە چەتەلدىن ياردەم ئېلىشقا بېقىناتتى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ختاي مىللەتچىلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇنداق بولغان ئىدىكى سىياسەت ،ئىقتىساد، پەن تېخنىكا جەھەتلەردە بارلىق نەتىجىلەر غەربلىششىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىلغاندى. ئاتوم تېخنىكىسى ختايغا نەدىن كېلەتتى، يەنە باشقا تېخنىكا نەتىجىلىرى ياپونىيەدىن ، فرانسىيەدىن، روسىيەدىن كەلدى. قىسقىسى غەربتىن كەلدى ئەمما ختايدا ئىدىئولوگىيەلىك مىللەتچىلىك غەربكە قارشى تۇرۇشنىڭ ۋە غەربنى زومگەرلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلەيدىغان تاشقى سىياسەتنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىندى. بۇ خىل مىللەتچىلىك دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ختاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن ختاي توپتوغرا 22 يىلغىچە ئامېرىكا بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتالمىدى. « كاپىتالىزم »، « بۇرژۇئازىيە» دەيدىغان ئۇقۇملارنى

پۈچەكلەشتۈرۈپ ، سەپسەتىگە ئايلاندۇرۇپ ، جىنايەتلەر بىلەن غەرب دۇنياسى ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنى ئەيىبلەپ خىتاي بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ھەر قانداق مۇناسىۋەتلەرنى بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىشىك تاقىۋېلىپ، ئىقتىساد ،سودا تىجارەتنىڭ پۈرسىتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەلەپلىرى پەقەت ئۇيغۇرىستان بىلەن تىبەتنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىپ قاندۇرۇشقىلا مەركەزلەشتۈرۈلدى.

غالجىرلاشقان خىتاي مىللەتچىلىكى بىلەن خىتاي ھەربىي كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە رايون دائىرىسىدە كۈچلۈك دۆلەت سىياستى ، زومىگەرلىك سىياستى يۈرگۈزمەكچى بولدى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 1969 - يىللىرى شەرقتە مانجۇرىيە ، غەربتە مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندىن سابىق سوۋېتلەرگە ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزدى. جەنۇبىي ۋېيتنامغا ھەربىي تاجاۋۇز قىلدى. كامبودژانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى ، بۇ جەھەتتە موڭغۇلنى ،تىبەتنى، ئۇيغۇرنى يوقىتىش نۆۋەتتە خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ كېڭەيتىلگەن، زورايتىلغان پروگرامما خاراكتېرلىك سىياستىگە ئايلىنىپ بولدى

## ئون تۆتىنچى باب شەخسنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللەتنىڭ خاراكتېرى

روھىيەتشۇناس فىروم « بىر جەمىيەتتە ئىجتىمائىيلاشقان گۇرۇپپىلارنىڭ روھىيەتلىكى ئىنكاسىنى تەكشۇرگەندە... بۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلغان ئىدۇق. بىراق بىز ھەر قايسى شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قىزىقمىغان. بىزنىڭ قىزىققىنىمىز بۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسى ئىدى. بۇنداق خاراكتېرنى ئىجتىمائىي خاراكتېر دەپ ئاتايمىز » دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنداقتا شەخسنىڭ خاراكتېرى بىلەن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق نېمە ۋە پەرق نېمە بولىدۇ؟ پەلسەپەدە ئومۇمىيلىق ۋە ئايرىملىق دەيدىغان بىر جۈپ كاتېگورىيە بار. ئايرىملىق ئومۇمىيلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇملىقنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ

ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ ئوخشاشلىقىدۇر. ئومۇمىيلىق ۋە ئايرىملىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن بىر قاتاردا پەلسەپەدە (فىلوسوفىيەدە) خۇسۇسىيلىق تۇغرىسىدا چۈشەنچىلەرمۇ پەيدا بولدى. خۇسۇسىيلىق، ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنى بىر بىرى بىلەن باغلىغۇچى بىر ھالقىدۇر. خۇسۇسىيلىق ئايرىملىققا نىسبەتەن ئومۇمىيلىقتۇر، ئومۇمىيلىققا نىسبەتەن بولسا ئايرىملىقتۇر. مەسىلەن بۇغداي (ئۆسۈملۈك ئىچىدە ئايرىملىقتۇر) ئاشلىق تېرىلغۇلىرى _خۇسۇسىيلىقتۇر. ئۆسۈملۈك ئومۇمىيلىقتۇر. خۇسۇسىيلىق بولغان ئاشلىق تېرىلغۇلىرى بۇغدايغا نىسبەتەن ئومۇمىيلىقتۇر. لېكىن ئۆسۈملۈككە نىسبەتەن ئايرىملىقتۇر.

مەدەنىيەت،تىل، دىن بىر مىللەتنى مىللەت قىلىپ تۇرىدىغان تۈپكى ئالاھىدىلىك بولغاندىن باشقا ، مىللەتنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەتلىك خاراكتېرىنى ، مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى مىللەتنى ساقلاپ تۇرغۇچى، مىللەتنى قوغداپ تۇرغۇچى ، مىللەتنى ھەقىقىي مەنىدىكى مىللەتكە ئايلاندۇرغۇچى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچتۇر. دىنىغا ئىشىنىپلا 5 ۋاق ناماز ئوقۇپ ئوڭدا ياتقىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت يارىتىپلا ناخشا توۋلاش، ئۇسۇل ئويناش بىلەنلا ياشىغىلى بولمايدۇ. بىر خىل تىلدا سۆزلىشىپلا ھايۋاندىن پەرقلەندىم دېگىلى بولمايدۇ. شۇ مەدەنىيەت، شۇ تىل،شۇ تۇرمۇش مۇھىتىدا يېتىلگەن ئادەمنىڭ بىر خىل خاراكتېرى بولۇشى كېرەك. ھازىرغىچە ئۇيغۇرنىڭ بۇ خاراكتېرى زادى قانداق خاراكتېر بولۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى؟ ئۇ بۇ خاراكتېرىنى ھەر قانداق سورۇندا ئىپادىلىشى كېرەك. مەسىلەن ،بۇنداق خاراكتېرلىق كىشىلەر، مىللەت تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ئىككىلەنمەي ئۇرۇشقا ، ئالدىنقى سەپكە چىقىدۇ. مىللەت مۇستەملىكە بولۇپ قالغاندا ئۆزىنى ھەر قانداق چاغدا مىللەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان بىر جەڭچى دەپ ئويلايدۇ ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، ھەمىشە شۇ يولدىلا ماڭىدۇ. مانا بۇ ، خاراكتېرى بار ئادەمنىڭ ھەر قانداق سورۇندا ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەندە ئالدىراڭغۇلۇق تەنتەكلىك بىلەن ئىپادىلىمەي ئەقلىنىڭ يېتەكلىشىدە ئىپادىلىشى لازىم بولىدۇ.

پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان خاراكتېرى پسىخولوگ فروم نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا « ئىجتىمائىي خاراكتېر شەخسنىڭ خاراكتېرىغا ئوخشاش ئانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمايدۇ» شەخسنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلغاندا بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى ، يەنى ئۇ خاراكتېرنىڭ ئۆزگە خاس قۇرۇلما ئارقىلىق ئۇ ياكى بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئىجتىمائىي خاراكتېر قىسمەن ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇخاراكتېر مۇئەييەن توپلۇق(مىللەتتە) كۆپلىگەن ئادەملەر خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ نېگىزلىك مەركىزى بولۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي خاراكتېر بىر توپلۇق ياكى بىر مىللەت كىشىلىرىگە خاس بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ۋە نېگىزلىك ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئاساسىدا يېتىلىپ چىققان. پسىخولوگ فروم بۇ يەردە ئومۇمىي مىللەتكە خاس بولغان خاراكتېرنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ، ھەرىكەت، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرىدە ئەكس ئەتكەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئومۇمىيلىق ئىچىدە ئايرىملىقنىڭ، ئايرىملىق ئىچىدە ئومۇمىيلىقنىڭ ئىپادە تاپىدىغانلىقىنى روھىيەت تەتقىقاتى ساھاسىدە ئېچىپ بەرگەن.

مۇئەييەن ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر قەيەردىن كەلگەن؟ « پەرقلەرنى تاسادىپىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان» ئاۋۋال ئادەمنىڭ ياشاش ئۇسۇلى شەخس بىلەن شەخسنىڭ بىر بىرىگە ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم ئۇمۇمىي مەدەنىيەت ئىچىدە ئوخشاش ياشىغاندىن باشقا لېكىن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پەرقلىقمۇ ياشايدۇ. بۇنداق ئەھۋال« ئىجتىمائىي خاراكتېرنىڭ نېگىزلىك نۇقتىلىرىدا پەرق پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى 2 ياقلىملىقتا 2 خىل مەزمۇنغا ئىگە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئادەملەر خاراكتېرىنىڭ بىر تەرىپى مىللەتچىلىك خاراكتېرى يەنە بىر تەرىپى دىنى ئېتىقاد بىلەن تۇگەللەنگەن خاراكتېردۇر. سىياسىي ئاڭ، مىللەت ئېڭى، مىللەتچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدىغان، دىنىي ئاڭ ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپمۇ دىنىي تەرەپكە كۆپرەك ئېتىبار

بېرىدىغان خاراكتېردۇر. مۇشۇ يەردە مېنى كىشىلەر نىمە دەپ تىللاپ كەتسە مەيلىكى، ئۇيغۇرلار دىنغا ھېسسىي ،ھېسسىيات لىق ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنىغا ئەقلىي ئېتىقاد قىلىشنىڭ چېكىنى، پەرقىنى ھازىرغىچە ئايرىۋالالمىغان مىللەتتۇر. مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ، بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش ئەھۋالىنى چۈشەنمەكچى بولغان كىشى ، ئىجتىمائىي خاراكتېردىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇقۇم ئارقىلىق قول سېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئېھتىياج» ، ئادەمنىڭ ئېھتىياجى مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ ھەرىكەتچان ھالىتىگە ھەرىكەتچان ماسلىششى كېرەك بولىدۇ ياكى بىر ئادەم مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ ھەرىكەتچان ھالىتىگە قارشى ھەرىكەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ياكى قارشى ھەرىكەت بىلەن ماسلىشىدۇ. ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى مۇشۇنداق جەرياندا شەكىللىنىدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرىمۇ مۇشۇ جەريان ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. پسىخلوگ فىروم « ئەركىنلىكتىن قېچىش» ماۋزۇلۇق كىتابىدا «خاراكتېر ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ،سەزگۈ ۋە ھەددى ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ ئاجايىپ توغرا ئېيتقان. پسىخولوگ يەنە ،«تەپەككۇرىمىزغا تازا ئايدىڭ بولماسلىقتىن ئېيتقاندا، مۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلار ، تەپەككۇر نوقۇل، ساپ ھالدا بىر خىل ئەقىل پاراسەتنىڭ ھەددى ھەرىكىتى، سالاھىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى روھىيەتلىك قۇرۇلما بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ، دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن قاراپ كەلدۇق. لېكىن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ئېتىكا، ئەخلاق، پەلسەپە، سىياسەت ، روھى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلغانسېرى، ئىش ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ » ، بىز سىياسەت توغرىسىدا ، ئەخلاق توغرىسىدا ،پەلسەپە دۇنيا قاراشقا كەلگەندە قانداق تەپەككۇر قىلىمىز؟ مەسىلەن ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە بولۇپ قالدى. قايسى مىللەتكە مۇستەملىكە بولۇپ قالدى، خىتاي مىللىتىگە مۇستەملىكە بولۇپ قالدى. بۇ جۈملىدىكى پىكىر تەپەككۇر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقتىمۇ ياكى ئۇيغۇرنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشى شۇنداق مۇستەملىكە تۇرمۇشىمۇ، زادى نىمە؟ تەپەككۇرمۇ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئاساسىدا تەپەككۇر قىلىدىغان تەپەككۇرغۇ! مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىشنى ئادەمنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدىكەن. «بۇنداق تەپەككۇر ئىدىيىدە ، تەپەككۇر پائالىيىتىدە ساپ لوگىكىلىق پىكىر

قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، تەپەككۇرنىڭ خاراكتېرى ئەڭ مۇھىمى تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ سالاھىيەت خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. «مۇستەملىكىنى مۇستەملىكىچىلىك دەپ تونۇش، قۇللۇقنى - قۇل بولدۇق دەپ تونۇش، بەزىلەر، «كومپارتىيە بىزنى ئازاد قىلدى» دەپ تۇرغاندەك تونۇماسلىق... تەپەككۇر قىلىشنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ خاراكتېرى بىلەن سالاھىيىتى بەلگىلەيدىكەن. سىستېمىلىق تەلىمات، بىر خىل نەزەرىيىۋى سىستېما، ئاددىي بىر ئۇقۇم ، مەسىلەن، مۇھەببەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، قۇربان بېرىش قاتارلىق ئۇقۇملار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ جەريانى دەل تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ سالاھىيەت خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ھەر خىل ، ھەر شەكىللىك ئۇقۇملار، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم، تەسىرات شەكلىدە ئەمەس ئىلمى يېزىلغان تەلىمات ۋە ماقالىلار ھېسسىياتنى مەنبە قىلىدىكەن. بۇ خىل ھېسسىيات مەنبەئى يەنە ھەربىر شەخسنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدا يىلتىز تارتقان. بۇ يەردە پسىخولوگ فرۇمنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانساق تەپەككۇرنىڭ مەنبەئى ھېسسىيات دېيىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى گەرچە ئىجتىمائىيلاشقان خاراكتېر دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مىللەتنىڭ ئومۇملاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ خاراكتېر دەيدۇ، پەيلاسوپ گېگىل ، «خاراكتېر دەل ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دۇنيا تارىخىدا پەيدا بۇلۇش،پائالىيەت قىلىش شەكلى،ئۇسۇلى ۋە قوللانغان مەيدانىدۇر» ، مىللى روھنىڭ ئۆسۈپ، ئۇلغۇيىشىغا ياردەم قىلىدىغان ئۇ خىل تەبىئەت دەل جۇغراپىيىلىك ئاساستۇر. روھ ياكى مىللەت روھى مۇشۇنداق تەبىئەت ئىچىدە يارىلىدۇ... بۇ تەبئىي پەرقلەر ئالاھىدە مۇمكىنلىك دەپ قارىلىشى كېرەك. بىز ئېيتىۋاتقان مىللەت روھى مۇشۇنداق مۇمكىنچىلىك ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. « جۇغراپىيىلىك ئاساس » بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل مۇمكىنلىكتۇر. بىر مىللەتنىڭ ھاياتى بىر خىل نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ. چۈنكى مىللەت پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى مىللەتنىڭ پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتۇر. مىللەت روھى، بىر خىل زۆرۈر بولغان داۋاملاشقان ھەرقايسى باشقۇرۇش باسقۇچلاردىكى ھەر خىل پرىنسىپ بىردىنبىر بولسىمۇ، ئومۇملاشقان مىللەت

روهىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى، بۇ ئامىللارغا تايىنىپ، ئومۇملاشقان« روھ» تارىختا ئۆزىنى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تاماملىيالايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىدىغان ئومۇمىي بىر گەۋدىگە بەلكى مىللەتنىڭ گەۋدىسىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئۇنداقتا روھنىڭ ياكى مىللەت روھنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى دىگەندە گېگېل نىمىنى كۆزدە تۇتقاندۇ؟ بىزنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىمىز بۇ يەردە پەقەت مىللەتنىڭ روھغا باغلىق ئىدىيەلەردۇر. دۇنيا تارىخى دىگىنىمىزدە ھەر قانداق بارلىق، پۈتۈنلەي دىگۈدەك، مىللەت ھەتتا مىللەت روھى ئىدىيىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايمىز. ئوخشاشلا بىز ئۆتمۈشنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۆتمۈشنىڭ زامانى قانچە ئۇزاقلارغا سۈرۈلگەندىمۇ ، بىز پەقەت ھازىرقى نەرسىنى تەتقىق قىلساقلا كۇپايە بولىدۇ. چۈنكى پەلسەپە ھەقىقەتنى تەتقىق قىلىشقا ئېتىبار بەرگەندە. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەبەدى ھازىرقى نەرسىنى تەتقىق قىلىدۇ » (گېگىل ،تارىخ پەلسەپەسى)

مىللەت روھى توغرىسىدا بايانلىرىمىز مىللەت مەنپەئىتىگە ، تەپەككۇرىمىزنىڭ شەكىللىرىمۇ مىللەت مەنپەئىتىگە ، مىللەت مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق كۈرەشلىرىمىزمۇ مىللەت مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا بىز شۇغۇللىنىدىغان سىياسەتمۇ بىۋاستە مىللەت مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ شەخسنىڭ ئازادلىقىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. مىللەت مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماي تۇرۇپ شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ مەنپەئەت تىلغا ئېلىنغان يەردە شەخسنىڭمۇ، مىللەتنىڭمۇ بىردىنبىر مەنپەئەتى، تارتقۇزۇپ قويۇشقا ، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان بىردىنبىر مەنپەئەت ھوقۇق مەنپەئەتىدۇر. دۇئا تىلاۋەت بىلەن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، يىلىنىپ يالۋۇرۇش بىلەن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ ، تەلەپ ـ تىلەمچىلىك بىلەن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ ، مەيلى قوراللىق كۈرەش شەكلى بولسۇن مەيلى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش شەكلى بولسۇن ، ھوقۇق پەقەت كۆرەش قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ھەم بۇ كۈرەشنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدىغان مىللەتچىلىك ھەم بۇ كۈرەشنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدىغان مىللەتچىلىك خىتاي مىللەتچىلىكىگە قارشى

قويۇلدىغان ،ختاي مىللەتچىلىكى بىلەن رىقابەتكە چۈشىدىغان مىللەتچىلىك ، ئىلىم پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش، ھوقۇق ۋە ھوقۇقسىزلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىستېمال بۇيۇملىرى تەقسىماتى ، ھوقۇق تەقسىماتى قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە ، مەنپەئەت بارلىكى يەردە رىقابەت ۋە كۈرەش بولىدۇ. بۇنىڭسىز مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. مەنپەئەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ تېگى تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەڭ، ھوقۇق ئۈچۈن بولىدىغان كۆرەشتۇر دېيىلىدىغان بولسا ، بۇ كۈرەشنىڭ شەكلى، ۋاستىسى يەنىلا مىللەتچىلىكتۇر. شۇڭا مىللەتچىلىك مىللەتكە ئەزا بولغان ھەربىر ئادەم خاراكتېرىنىڭ پىكرىنى سالمىقىنى ئىگىلىشى كېرەك دېيىلىدىغان بولسا ، مەيدان ۋە سورۇنغا قاراپ ئەقلىي مىللەتچىلىك بىلەن رادىكال مىللەتچىلىكنى پەرقلەندۈرۈپ يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز تۆۋەندە مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا يەنە كەڭ كۆلەمدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئون بەشىنچى باب: مىللەتچىلىك ۋە ھوقۇقچىلىق

بىز يۇقىرىدا مىللەتچىلىك، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ، ئادەمنىڭ خاراكتېرى، سىياسەت ۋە ھوقۇقچىلىق قاتارلىق ئۇقۇم ۋە ھادىسىلارنى مىللەت مەنپەئەتىگە باغلاپ قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ھوقۇق نېمە؟ ھوقۇققا ئېرىشىش خاھىشى مەنپەئەت قوغلىشىشنىڭ مەھسۇلىمۇ ياكى ئىنسانىي ھەۋەسنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ئىنساننىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز ئارزۇ ھەۋەسلىرىنىڭ ئىچىدە « ھوقۇق ئارزۇسى ۋە شان شەرەپ ئارزۇسى » ئەڭ دەسلەپكى پەيتىنى ۋە ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئەڭ ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل ئارزۇ بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ئىككى خىل ئارزۇنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇيۈك ھوقۇققا ئېرىشكەن كىشىنى بۇيۈك شان شەرەپكە ئېرىشكەن كىشى دېگىلى بولمىغاندەك، بۇيۈك شان شەرەپكە ئېرىشكەن كىشىنىمۇ بۇيۈك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كىشى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما شان شەرەپكە ئېرىشمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئاددى ئۇسۇلى ھوقۇققا ئېرىشىش بولىدىغان بولسا ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا شان شەرەپكە ئېرىشىش

ئارزۇلىرىنىڭ ھاسىلاتى ھېسابلانغان ھەددى ھەرىكەت بىلەن ھوقۇقىا ئېرىشىش ئارزۇلىرىدىن پەيدا بولغان ھەددى ھەرىكەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولىدۇ. ( روسسېل)

پىكرىمىزنى ئاددىي مىسال بىلەن باشلايلى ، ئۆزىمىزنى ئۇيغۇرنى - مىسالغا ئالايلى، مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ يۈرمەيلى. خېنىمنى خېنىم قىلغان بازار بېشىنىڭ ئوت يېشى دېگەندەك ، ھازىرقى زامان چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانساق مىللەتنى مىللەت قىلغان ھوقۇق ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق گەپ يوق. ھوقۇقلۇق مىللەت ئارتۇقچىلىققا ئىگە مىللەت ، ھوقۇقى يوق مىللەت كۆزگە ئىلىنمايدىغان، كەمسىتىلىدىغان مىللەت دەيدىغان مۇشۇنداق كۆز قاراشلار ئالدىدا ھوقۇقسىز مىللەتكە ھېچكىم ھوقۇق بەرمەيدۇ. ھوقۇقلۇق مىللەت ھوقۇقنىڭ بىر قىسمىنى ھوقۇقسىز مىللەتكە تەقسىم قىلىپ بەرمەيدۇ. ھوقۇقسىز مىللەت بۇ ، دۆلەت كۆچى يوق مىللەت دېگەنلىكتۇر. ئاددىيلاشتۇرغاندا ھوقۇقسىز مىللەت دۆلىتى يوق مىللەت دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتى يوقلۇقى، شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ھوقۇقسىز بولۇپ تۇرغانلىقى، تىل قىسىنچىلىقى بولۇپ تۇرغانلىقى ھەممە كىشىگە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە ئايان بولغان پاكىتتۇر. بۇنداق ھالەتتە ھەر بىر ئۇيغۇر ياكى ئەقلىگە ئىگە ئىجتىمائىي ئاڭ كىرگەن ھەربىر ئۇيغۇر ھوقۇق ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇيغۇر خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىكەن، بۇنىڭغا قارشى ھەر بىر ئۇيغۇر نېمە قىلىش كېرەك؟ ھەر بىر ئۇيغۇر شۇنداق سوئال قويۇپ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە مىللەت ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىكى پىلانغا قويغانمۇ... ياكى سىياسەتكە ئارلاشمايمىز، « كۆڭۈلنى پروگراممىلايمىز، جان باقمىز» دەيدىغان كىچىككە كىرىپ قالغانمۇ ؟

ھەربىر ئۇيغۇر خىتايغا قارشى كۆرەشنى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەقسەت غايە دەپ ئۆز ئالدىغا قويغان بولسا بۇ كۆرەشنىڭ شەكلى نېمە بولۇشى كېرەك؟ دىنىي كۆرەش ، خىتايغا قارشى دىنىي كۆرەش قىلىشى كېرەكمۇ؟ بارلىق بەندە خۇدانىڭ بەندىسى دەيدىغان تەلىمات بويىچە خىتايغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، خىتايمۇ خۇدانىڭ

بەندىسى دە! ، دەيدىغان كۆز قاراشلار بىلەن ئۇتتۇرغا چىقىدىغان كىشىلەرمۇ بولامدىغاندۇ؟ ھەممىمىز دېموكراتىك تۈزۈمدە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ ئوخشاش ياشايمىز دېسە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بەلكى بۇنداق مۇمكىنلىك ئىشقا ئېششى مۇمكىن. لېكىن خىتايدەك ، كۆبادەك دۆلەتلەردە بۇنداق مۇمكىنلىكنىڭ رويابقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق جەمىيەتتە ھۆكۈمران مىللەت كىم دېگەن سوئال چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قايسى مىللەت ھۆكۈمران بولسا بۇنداق دۆلەتتە شۇ مىللەت ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۈگۈن ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى دەل مۇشۇنداق مۇستەملىكى بولۇش ۋە مۇستەملىكە قىلىش مۇناسىۋىتىدۇر. بۇنداق دۆلەتتە يا قانۇننى ئېغىزغا ئالغىلى يا ئەخلاقنى تەكىتلىگىلى بولمايدۇ ، يا سىياسەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بىرسى ئۇيغۇر خورلىنىش ئورنىدا ، بىرسى خىتاي مىللىتى خورلاش ئورنۇدا ئىككى قۇتۇپتا تۇرغان بولىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، سىنىپلا مۇرەسسەچىلىكى » نى تەكىتلەش ئارقىلىقمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ. مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە بولۇش مۇناسىۋەتلىرىدە زىددىيەتنىڭ ۋە بىر ـ بىرىگە كۆرەشنىڭ شەكلى پەقەت ۋە پەقەت مۇرەسسەسىز مىللەتچىلىك بولۇدۇكى ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولمايدۇ. پەقەت مىللەتچىلىك كۈرەش ئارقىلىق ھوقۇقسىز مىللەتنى ھۇقۇقچىلىقنىڭ داغدام يولىغا ئېلىپ چىقالايدۇ. مىللەتچىلىكنىڭ لوگىكىلىق مېغىزى ، سەن ئەمەس مەن. مەن ئۇيغۇر سەن خىتاي ، « مەن ئۇيغۇر سەن خىتاي» دەيدىغان ئاڭقىرىش ۋە پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەتلىك ئاڭغا ياندىشقان مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت باسقۇچلۇق لېكىن ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتنى تەشكىللىيەلەيدىغانلا بولسا ، مانا بۇ ھەرىكەتنى ھوقۇقچىلىق ھەرىكىتى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى كونكرېت ئادەم ئەمەس ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇقلۇق قاتلامغا ، ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ۋە ئىمتىيازلىق تەبىقىلىرىگە قارىتىلغاندا ، ھاكىم مىللەتنىڭ كەڭ پۇقرالار قاتلىمىنى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە نىشان قىلىشتىن ساقلانغاندا ، ئاندىن مۇستەملىكە مىللەتنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى غەلبىگە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

كۆرەشنىڭ شەكىللىرى خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى دىنىي ئېتىقاد بىلەن چەكلەش ،دىنىي ئېتىقادى بىلەن خىتاي مىللىتىگە قارشى تۇرۇش، دىن ئارقىلىق دىنسىز خىتايدىن چەك چېگرا ئايرىش بەندىچىلىك تەلىماتى ۋە ئوخشاش ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولسا ، ئۇنداقتا مىللەتنىڭ شان شەرىپىنى ، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ، مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مىللەتنىڭ دىنى ئېتىقادىنى قوغداش نۇقۇل مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئېشىپ قالىدۇ. بىزنىڭ بۇ قۇرلىرىمىزنى ئوقۇۋاتقان كىشىلەر دىنى ئايرىمچىلىق قىلدى ، دەپ ئويلاپ قالماسلىقى لازىم. ھازىر ئۇيغۇرىستاندا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدىغۇ !؟

مىللەتنىڭ شان شەرىپىنى قوغداش، ھوقۇقىنى قوغداش خىتاينىڭ مەۋجۇت مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ، ھەر جەھەتتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت ھالىتىگە ئارىلىششىمۇ ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كۆز قاراشقا ئىگە ئادەملەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەر ئاتىلىش كېرەك. نۇرغۇن قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مىسالى تارىختا شۇنداق بولغان ئىدىكى،كۈچ ۋە ھوقۇق بۇ دۆلەتلەرگە مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان. بۈگۈنمۇ خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى ۋە بۇ ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە قارشى تۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دىيىلىشى كېرەك. ماركىستىن كېيىنكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ،بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئەمەلىيىتى، تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاتالمىش سىنىپي كۈرەش ۋە سىنىپي توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەندى. فاشىزم، كوممۇنىزىم، پان تۈركىزم، پان سىلاۋىيانىزم، پان ئىسلامىزم،پان ئەرەبىزم دەيدىغان ئىزىملارنىڭ تارىختىكى ئىپادىلىنىشى قارىماققا مىللەت مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ تار رامكىسىغا چۈشۈپ قالمىغاندەك، ھەرقايسى شەكىللەردە ئىرق ئايرىمايدىغان ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنۈشىمۇ ، مىللەتچىلىك نىشانى ئۆزگۈرۈپ كەتكەندە كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن تېگى- تەكتىنى

سوۋېتلار ئىتتىپاقى، بۇ ئىزىملار مىللەتچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھەر قانداق دۆلەتتە ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن مىللەتچىلىكنى ئاشكارا بازارغا سېلىش ئوخشايغا توختىمايدىغان ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن ئەڭ ياخشى چارە شۇ ئىدىكى خىتايدا مىللەتچىلىكنى، « دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى » « پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى» «كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى» دەيدىغان كەمپۈت قەغىزىگە ئوراپ تۇرۇپ مىللەتچىلىكنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدىلاتتى. بۇنداق قىلمىغاندا ھەقىقىي مەنىدىكى خىتايچە مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالمايتتى. يالىڭاچ مىللەتچىلىك بىلەن يالىڭاچ ھوقۇق، يالىڭاچ ھوقۇق بىلەن يالىڭاچ سىياسەت ( بۇ يەردىكى يالىڭاچ ئۇقۇمى قانۇننىڭ چەكلىمىسىدىن خالاس بولغان غالجىر سىياسەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن ئىز دېرەكسىز غايىب قىلىۋېتىش، تۈيۈقسىز قولغا ئېلىش دېگەندەك... ئىختىيارىي قورال ئىشلىتىش دېگەندەك ) پۇخرانىڭ قوللىشىغا قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئېرىشەلمىگەن ھالەتتە ئەنە شۇنداق ھوقۇق خىتاي دۆلىتىدەك دۆلەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك يولغا باشلايدىغان شاۋىنىزىملىق،مىللىي ئىرقىزىملىق،ئۇلگارخىيلىك(ئۆز ئالدىغا) سىياسەتنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى. بۇنداق چاغدا مەزلۇم مىللەت ئۇيغۇرنىڭ، تىبەتنىڭ، موڭغۇلنىڭ سەرخىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ،مىللەتچىلىك بىلەن ھوقۇقچىلىق ھەركىتىنى بىرلەشتۈرۈپ خىتاينىڭ شوۋىنىزملىقى سىياسىتىگە ، ئۇلگارخىيلىك سىياسىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشى زامانىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا، مىللەتنىڭ ھوقۇقچىلىق ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ قالاتتى.

## ئون ئالتىنچى باب: يېڭى ۋە كونا مىللەتچىلىك

دۇنيا تارىخىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پارتىلىغان ئۇرۇشلار، دىنى ئېتىقاد پەرقىدىن پەيدا بولغان توقۇنۇشلاردىن كېلىپ چىقاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا روناق تاپقان مىللەتلەر كۆچكە تولغاندا دۇنياغا ۋە رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇلىرىنىڭ ئوتىدا يېنىپ ئۇرۇش قوزغايتتى. مۇستەملىكىچىلىك تارىخىنى تارىخنىڭ بەك ئۇزاق باسقۇچلىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كەلسىمۇ

مەيلى ئاتىللا مەيلى چىڭگىزخاننىڭ مەيلى ناپالېئوننىڭ ،مەيلى ئوسمانلىنىڭ ،مەيلى نۇرخاچىنىڭ، مەيلى رىم پاپىلىرىنىڭ يۇرۇشلىرى ئىستىلاھ قىلىش دەپ تارىخقا پۈتۈلگەندىكى ، « مۇستەملىكى قىلىش » دەپ تىلغا ئېلىنمىغان. مۇستەملىكىچىلىك ، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇستەملىكە ئۇرۇشلىرى توققۇزىنچى ئەسىردە تازا ئەۋجىگە چىقتى ھەتتا بۇنداق ئۇرۇشلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ خالىي بولالمىدى. ئۇيغۇرنىڭ سەركە ئوغلى ياقۇپ بەگ مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مۇستەملىكە قىلىش سىياسىتىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇيغۇرنىڭ سەركىلىرى سابىت داموللام، ئابدۇنىياز كامالىلار خىتاي مىللەتارىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەتجان قاسىمى، غېنى باتۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ ، ئۇيغۇرىستاندا دۆلەت قۇرغان بولدى. دىنىي ئېتىقاد ئۇرۇشلىرى ئاخىرلىشىپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قوزغالغۇچە ، غەرب دۇنياسىنىڭ ئەقىلدىمانلىرى، ئەخلاق ئەنەنىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھوقۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان دۆلەت سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل كۈچىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار 3 قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ قايسى ئەنەنىسىگە تايانـدى. پەقەت قۇران كەرىم ھەدىستە قەيت قىلىنغان ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپ دۆلەت قۇردى دۆلەت باشقۇردى. ئۇنداق بولمىغاندا تۇڭگانلارنى دىنىي قېرىنداشىمىز دەپ ئىنقىلابىي ئىتتىپاقلىققا چاقىرىپ كەلمىگەن بولاتتى. ئۆزبېكلەرنى دىنى قېرىنداشىمىز دەپ چاغلاپ، قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ تەرتىپىگە ئېلىپ كىرمىگەن بولاتتى. چۈنكى دۆلەت قۇرغۇچى ئاكا بىرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى دىندىن كەلگەن ، دۇنيا قارشى، جەمىيەت قاراشلىرىمۇ دىنىي ئەقىدىلەرگە چەمبەرچاس باغلانغان. بىر نەپەر تۇڭگان ، بىر نەپەر ئۆزبېك،بىر نەپەرباۋرۇم قازاق دىنىي ئاكىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشلا دىنىي قېرىنداش ئىدى. بىراق شۇ قازاق، تۇڭگان، شۇ ئۆزبېك، شۇ قىرغىز ئۇيغۇرنى دىنى قېرىنداشىمىز دېگەنمۇ يوق. بۈگۈنگىچە بىر ئۇيغۇر تېخى بۇ نۇقتىنى ئويلاپ كۆرگىنى يوق. 2005 ـ يىلى قىرغىزلار قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان ئۆزبېكلەرنى قىرغىن قىلدى. ئەندىجان ئوبلاستىدا تاجىك كەرىموپ ئۇيغۇرلارنى، ئۆزبېكلەرنى

قىرغىن قىلدى. 1937 ـ يىلى ستالىننىڭ قىرغىزلاردىن تەشكىللىگەن بىر بىرگادا ئەسكەر ئارقىلىق « ك.گ.ب » نىڭ تەربىيە كۆرگەن جاسۇسى قىرغىز ئىسھاق بەگنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇيغۇرنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ يېڭىلا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر پىدائىيلارنى ،ئۇيغۇر قوراللىقلىرىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ، تانكىلار بىلەن قىرغىن قىلدى. ئۇيغۇرىستانغا خىتاي شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قارار تاپقۇزدى. بۇ قىرغىزلارنىڭ ئەخلاقى، دىنى ئېتىقادى نېمە ئىدى؟ بۇ قىرغىزلار ئۇيغۇرلار بىزنىڭ دىنىي قېرىندىشىمىز دېمىدىغۇ ! ئەمەلىيەتتە سىياسەت ساھەسىدە دىنىي قېرىنداشلىق، ئېتنىك قېرىنداشلىق دەيدىغان ئۇقۇم بولمايتتى. كىشىلەر ھەيران قالىدىغان بىر تەرەپ شۇكى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ بىر كۆچ ـ دۇنياۋى دىنىي ئېتىقادچىلىق، دۇنياۋى ئادىمگەرچىلىك ، ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق ،دۇنياۋىلىق ، دۆلەت چېگرالىرىدىن، مىللەت چېگرالىرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل خىيالىي ۋە مەنىۋى كۆچقا ئېتىدا قىلىشى، شۇنداق خىيالىي كۆچكە سادىق بولۇپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە، ئۆزى قۇرغان دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلىدە تولا رومانتىك بولۇپ كەتكەن بۇ ئۇيغۇر ئادەملەر مىللەتچىلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن قىلچە خەۋەردار بولمىغان، بۇ ئادەملەر ئېتىدائى جەمىيەتنىڭ قالدۇقلىرى، پىكىر قىلىش ئېتىدائىلىقىنىڭ ئالامانلىرى ھېسابلىناتتى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىنچى قىرىقىنچى يىللىرىدا ئىنقىلابنىڭ ھوقۇقىنى ، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يات مىللەتنىلەرنىڭ قىرغىز ـ ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرىچۇ؟ بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ستالىننىڭ سۇيىقەستىدە ، شېڭ شىسەينىڭ پىلانىدا خىتاينىڭ تۈرمىسىدە يەنە خىتاينىڭ مەخپىي سۇيىقەستلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بىزنىڭ بۇ سەترىلەرگە تەقدىم قىلغان مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىمىز ھەرگىز خەلقنى خەلققە، مىللەتنى مىللەتكە مىللەتچىلىك بىلەن قۇتراتقان دەپ ،چۈشىنەلمەسلىكى كېرەك. لېكىن ھەر قانداق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ ياشىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى كېرەك ،دېمەكچىمىز.

ئۇيغـۇرلار باشـقا مىللـەت ۋە باشـقا دۆلەتلەرگـە ئاڭلىـق ياكـى ئاڭسـىز ھالـدا دىنىـي ئەقىدىچىلىـك بويىچـە دۆلـەت قانۇنىدىـن تاشقىرى بىـر كۆچىنىـڭ تۈرتكىسـى بىلـەن مۇئامىلـە قىلمـاي ، بەلكـى پەقـەت دۆلەتنىـڭ دىپلوماتىـك پائالىيەتچـان كۆچـى بىلـەن ھەرىكـەت قىلىشـقا توغـرا كېلەتتـى. چۈنكـى دۆلـەت بىلـەن دۆلەتنىـڭ مۇناسـىۋەتلىرىدە ھەدېگەنـدە بىـر بىرىگـە دىنىـي ئەقىدىچىلىـك بىلـەن مۇئامىلـە قىلىنمايدىغـۇ. بىـراق ھەرقايىسـى دۆلەتلەرنىـڭ تاشـقى سىياسـىتى بىلـەن بىـردەك بولغـان مىللەتچىلىـك يۈزىرىقىـدەك مۇئامىلـە قىلىشـنىڭ جەريانلىرىغـا ئـاز تـولا سـىڭىپ كەتكـەن بولـدۇ. ئۇنـداق بولمىغاندا ھازىرقـى زامانـدا تەكرارلىنىـپ تۇرىدىغـان دۆلـەت مەنپەئەتـى دېگـەن ئۇقۇمنـى قانـداق چۈشـەندۈرىمىز ؟ ئۇيغـۇرلار شـۇ زامانـدا دۆلـەت قۇرغانـدا ئۇيغۇرلارغـا ھېسداشـلىق قىلىدىغـان ھەتتـا ئاغزاكـى بولسـىمۇ ئۇيغۇرلارنـى قوللايدىغـان بىـر دۆلـەت ئوتتۇرغـاچ چىقمىغانـدى. ئـۇ چاغلاردا ھازىرقى پاكىسـتان ، ھىندىسـتان مۇسـتەملىكە ئـدى. ئافغانىسـتان تەھدىـت ئىچىـدە تۇراتتـى. دۆلـەت قۇرغـان ئۇيغۇرلارنىـڭ ئەتراپىـدا دېگـۈدەك بىـر مـۇ دۆلـەت يـوق. ئۇيغـۇر پەقـەت چـار روسـىيە ،ھىندىسـتاندىكى ئەنگلىيـە ، مانجـۇ خاندانلىقىدىـن ئىبـارەت ئـۈچ جاھانگىـر دۆلەتلەرنىـڭ قورشـاۋدا قالغـان. شـۇڭا ئۇيغـۇرلار تاشـقى جەھەتتە ھېچ ئىـش قىلالمىغاندىمـۇ ھېچبولمىغانـدا مىللەتنىـڭ ئىچكى قىسـمىدا بولسـىمۇ سـاپ مىللەتچىلىكنـى ئىدىيـۋى سىسـتېمىغا ئايلانـدۇرۇپ ، راۋاجلانـدۇرۇپ، تارىخىـي سىياسـىي ھەرىكەتلىرىگـە يېتەكچـى ئىدىيـە قىلىشـى كېـرەك ئەمەسـمىدى ،... ھـەي ،ھـەي زامـان ! تاشـنىڭ ئۈسـتىدە گـۈل ئۈندۈرگىلـى بولامـدۇ ؟

19 ـ ، 20 ـ ئەسـىر ئىچىـدە ئەنەنىـۋى مىللەتچىلىـك ياكـى كونـا مىللەتچىلىـك باشـتا ئېيتقانـدەك مۇسـتەملىكچىلىككە قارشـى ئـۇرۇش قوزغـاپ ، ئەنەنىـۋى مىللەتچىلىـك باشـقا يـات مىللەتنىـڭ ھۆكۈمرانلىقىنـى ئاغـدۇرۇپ تاشـلاپ،مىللەتنى شـۇ مىللەتنىـڭ دۆلىتىگـە ئىگـە قىلىشـنى كۆزلەيتتـى. شـۇ دەۋرلـەردە بـۇ نىشـان مۇسـتەملىكى بولـۇپ قالغـان مىللەتنىـڭ نىشـانى بولۇپـلا قالماسـتىن دۆلـەت قۇرغـان دۆلىتىنـى سـاقلاپ تۇرالغـان مىللەتلەرنىڭمـۇ توغـرا نىشـانى شـۇ ئـدى. مىللەتنىـڭ ھـەر بىـر ئەزاسـىنى ئائىلىنـى بىرلىـك قىلغاندەك بىرلىـك قىلىـپ بىـر دۆلەتنىـڭ ئىچىـدە بىرلەشـتۈرەتتى. دۇنيـادا قانچـە

مۇستەملىكە مىللەت مەيلى ئۆزۈش ئارقىلىق مەيلى باشقا يوللار ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇپ،ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ھىمايە قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىگە ئىگە قىلىپ ، شۇنداق دۆلەتتە ياشاشنى شۇنچە ئۈمىد قىلسا، يەنە قانچىلىغان مىللەتچىلەر ئۆز مىللىتىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ماكانى، ئورنى بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى.

مىللەتنىڭ مۇتلەق ساپلىقى مۇتلەق مىللەت ئەمەلىقى ، مۇتلەق قانداشلىقنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا يەنە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىر ۋەتەندە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىششقا توغرا كەلگەندە ، ئەينى مىللەت ئۆزىلا تىل بىرلىكى، مەدەنىيەت بىرلىكى، ئەنەنە ئۆرپ ئادەت بىرلىكىنى مۇتلەق ئىشقا ئاشۇرۇپ مىللەتنىڭ ساپلىقىنى قوغداشقا بولاتتى. بۈگۈنچۈ، ئۇيغۇرىستاندا خىتاي مىللەتچىلىرى قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويۇش ،مەكتەپلەرنى ، مەھەللىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ، پائالىيەتلەرنى كوللىكتىپلاشتۇرۇش ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىپ ئوقۇتۇش، بىنالاردا ئارىلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلىشىش ، ئۇيغۇرنىڭ مىللى بازارلىرىنى قۇرۇش، مىللىي مۇراسىم ۋە مىللىي ئادەتلەرنى چەكلەش، بۇرۇت قويۇش ياغلىق ئارتىشنى چەكلەش ، ھىجاب بىلەن يۈرۈشنى چەكلەش قاتارلىق ئۇسۇل ۋاستىلىرىنى دىكتاتۇر كۈچ بىلەن مىللەتلەرنى بىر - بىرگە سىڭدۈرۈۋېتىدىغان خىتايچە ئىستىراتىگىيلىك سىياسەتنى ئۇيغۇرلارغا تېڭىپ ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىشنى ئاپ ئاشكارا يولغا قويغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ، دىنىي ئېتىقادنى كۈچەيتىپ كىيىم كېچەكنى تېخمۇ مىللىيلاشتۇرۇپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۈرۈش ۋاستىلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان قارمۇقارشى ۋاستىلەرنى تەييارلاپ ئوتتۇرىغا چىقالىغانلىقى ، خىتاينىڭ خىتايچە ئاسىملاتسىيە سىياسىتىگە بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ مىللەتچىلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى ـ مىللەتچىلىكىنىڭ، دىنىي ئېتىقادچىلىقىنىڭ يەنە بۇ مىللەتنىڭ ئېڭى ۋە ھەرىكىتىدە نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى.

بىر مىللەت ئىككىنچى بىر ھۆكۈمران مىللەتنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يەككە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەنەنىۋى كونا مىللەتچىلىك، بۈگۈن دۇنياۋى مىللەتچىلىكنىڭ يۈلىنىش خائىشى

بىلەن بىرلەشمىسە بولمايدىغان بىر باسقۇچقا كېلىپ قالدى. مەسىلەن، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى، تىبەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىشى يالغۇز خىتاينىڭلا ئىشى بولماي قالدى. بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ياكى مۇستەملىكى بولۇپ قېلىشى ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىلا يۈز بېرىدىغان تارىخىي ۋەقە بولۇش جەريانىدىن ھالقىپ چىقىپ كۆپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەسىر دائىرە بۆلۈشۈۋېلىش جەريانىدا بىر بىرىنى قوللاش، بىر ـ بىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش ، دۆلەتلەر ئارا مەنپەئەت مەسىلىسىدە بىر بىرىگە يول قويۇش ، بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىككىنچى بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى قوللايدىغان بۇ ئىش دۆلەت مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىگە قارشى تۇرىدىغان بۇ ئىش ،بىر خىل مەنپەئەت ياكى بىرخىل مۇستەملىكى مىللەت مەسىلىسىدە دۆلەتلەر ئۆز ئارا دوستلىشىدىغان ياكى دۈشمەنلىشىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالاقىدار بولۇپ قالىدىغان بۇ ئىش ؛ مىللەت ۋە مۇستەملىكە ئەللەر مەسىلىسى، خىتاي ۋە رۇسىيەدەك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىگىز بۇرۇن يالىشىپ سىياسىي تەقسىماتچىلىق قىلىشىغا باغلىق بولۇپ قالغانلىقتىن ، ئۇيغۇر تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىمۇ نوقۇل خىتايغا قارشى تۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتتى. مەسىلەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم روسىيەگە قارشى تۇرۇشى ھەم خىتايغا قارشى تۇرۇشى كېرەك بولۇپ قالدى. پۈتكۈل يىگىرمىنچى ئەسىر 20 ـ ، 19 ـ ئەسىر ئىچىدە روسىيە ئۇيغۇننىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇردى. ھەتتا بۈگۈنگىچە شۇنداق قارشى تۇردى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكى خىتايغا قارشى تۇرىدىغان مىللەتچىلىك بولۇپلا قالماستىن رۇس مىللەتچىلىرىگىمۇ قارشى تۇرىدىغان دۇنياغا يۈزلەنگەن مىللەتچىلىك بولۇشى كېرەك. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى پۈتكۈل غەرب دۇنياسى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ تىبەت مەسىلىسىنى شۇ دەرىجىگە ئېلىپ كەلگەندە بىرلا رۇسىيە دالاي لاما نىڭ زىيارەت قىلىپ روسىيە تەۋەسىگە كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمىدى. بىر مىللەت مەسىلىنىڭ خەلقارا مەسىلىگە ئايلىنىشى ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چىقتى.

19 ـ ئەسىردە مىللەتچىلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئېيتقاندا سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ھېسابلىناتتى. سىياسىي تەرەققىياتنىڭ

ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ھېسابلىناتتى. «بۈگۈن مىللەتچىلىك مىللەتچىلەشكەن دۇنياۋىلىق بولۇپ، بۇنىڭدا پەقەت بىر نۇقتا 19 ـ ئەسىردىكىگە ئوخشاش مىللەت مەنپەئەتى سىياسىي سادىقلىقى ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەم بولۇپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا يېتىپ كەلگەندە مىللەتچىلەشكەن دۇنياۋىلىقتىن ئېيتقاندا دۆلەت دۇنياۋى بۇرۇچنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى _ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى پۈتكۈل دۇنيا بولۇپ ھېسابلاندى؛ مىللەتچىلەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بىر مىللەت بىر دۆلەت قۇرۇش ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تەلىپى يوق. ئەمما بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مىللەتچىلەشكەن دۇنياۋىلىق بىر مىللەت، بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىرىنى باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە تېڭىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. « ( خانىش مۇرگىنتەن ) ئۇيغۇرلار قىممەت قاراشلىرىنى دۇنياغا تېڭىشى كېرەك ئەمەس ، دۇنيا مېنىڭ ئەركىنلىكىمنى مېنىڭ دۆلىتىمنى، مېنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقۇمنى، تارىختا قۇرغان دۆلىتىمنى قايتۇرۇپ بەر دېيىشى كېرەك بولىدى، ئۇيغۇرلار بۈگۈن دۇنيا سىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇڭدا مېنىڭ ھەققىم بار،سېنىڭ ئەركىنلىكىڭدە مېنىڭ ھەققىم بار، مېنىڭ ھەققىمنى قايتۇرۇپ بەر ! دېيىشلىرى كېرەك بولىدى

## ئون يەتتىنچى باب: مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ئىنسان ئاۋۋال شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىشى لازىم

مىللەتچىلىك بىر خىل ئۇقۇم ، مىللەتپەرۋەرلىك يەنە بىر خىل ئۇقۇم بولۇشى كېرەك. بۇ خۇددى سىياسەت ساھەسىدە سىياسەتۋازلىق بىر خىل ئۇقۇم، سىياسىيئونلۇق بىر يەنە خىل ئۇقۇم بولغاندەك بىر ئىش.

مىللەتچىلىك، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش دېيىلىدىغان بولسا بۇنداق سۆيۈش ئابستراكىت سۆيۈش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھەرگىز كونكرېت سۆيۈش بولۇپ ئىپادىلەنمەيدۇ. مىللەتنى ئابستراكىت سۆيۈش مىللەتنى سۆيۈشنى ئومۇملاشتۇرغان سۆيۈشتۇر. مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى نېمە، مىللەتنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك ؛ مۇستەملىكە شارائىتتا

مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئورنى، ئومۇمىي ئەھۋالى قانداق بولۇشى كېرەك ، مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلغاندا مىللەتنىڭ خەلقارا ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە مىللەتچىلەر ۋە ئىنقىلابچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىدۇر.

مىللەتپەرۋەرلىك _كونكرېت ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ تۇرمۇشىغا، ئىقتىسادى ئەھۋالىغا، جەمىيەتتە تۇتقان ئورنىغا كۆڭۈل بۆلۈش،مېھرىبانلىق ,ئادىمگەرچىلىك، خەير ـ ساخاۋەت يېتىم ـ يېسىرلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، جەمىيەتنىڭ ئەخلاقى ئالدىدا ھەممە ئادەم مەسئۇل بولۇش، مىللەتكە ئەزا بولغان ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش ۋە كۆيۈنۈش ، مانا بۇ مىللەتپەرۋەرلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مەزمۇنلاردۇر.

مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن مىللەتچى، سىياسىيون خۇسۇسىيلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ئۆزىنى مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولغاندا، بۇنداق ئادەمدىن سىياسىيون يېتىشىپ چىقىدۇكى، سىياسەتۋاز بۇنداق ئادەمنىڭ يېنىغىمۇ كېلەلمەيدۇ. سىياسەتۋاز ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن مۇۋاپىق دەرىجىدە بولسىمۇ كېچەلمەيدىغان ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەم ھىلەمىكىرلىك بولىدۇ. يالغانچى، ئالدامچى بولىدۇ. پۇرسەتپەرەست ، سۇيىقەستچى بولىدۇ. چەتەلدىكى تىپىك ۋارىيانتى ھازىر ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ داغدام يولىغا قاپقان قۇرۇپ ھە دەپ بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. دادىسىمۇ تارىختا شۇنداق قىلغانىدى. ئەمما ۋەتەن دەپ تۇغۇلغان ئادەملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانداق توغرا ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ

بىز بۇنداق كىشىلەرگە تەلەپ قويالايمىز ۋە ئۆز ئارا تەلەپ قويۇشالايمىز. بۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگەندە شەخسىيەتچىلىكتىن مۇۋاپىق دەرىجىدە ۋاز كېچىپ تازىلانغان ۋىجدان ، تازىلانغان قەلب، تازىلانغان ھېسيات، تازىلانغان ئەقلىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇيغۇر مىللەتچىسى بولۇشنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يۈكلىگەندە ئۇلاردىن شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، پەقەت ئاللاھ، مىللەت ئۈچۈن ياراتقان ,پەقەت مىللەت ئۈچۈن يارالغان ئادەملەرگىلا

شۇنداق تەلەپ قويالايمىز.

ئادەتتە ئادەملەر «ئۆزىنى سۆيگەنلىك مەنپەئەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ئۆزىنى سۆيگەنلىكتۇر» دېيىشىدۇ. بۇ توغرىدا پىسخولوگ فروم «بۇ خىل كۆز قاراش مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ماهىيىتىنى بۇرمىلاشقا باراۋەردۇر. مەنپەئەتپەرەسلىك ئۆزىنى سۆيگەنلىك بولماي قالماستىن ، ئەكسىچە دەل ئۆزىنى سۆيۈش روھى كەم بولغانلىقتىن مەنپەئەتپەرەسلىك پەيدا بولىدۇ. مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن ئۆزىنى سۆيۈش ھەرگىز بىر ئىش ئەمەس » دەپ، قارايدۇ. مەنپەئەتپەرەست ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلالمايدۇ. مىللىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلسۇن. شۇڭا بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئىقتىدارىمۇ بولمايدۇ. ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئىقتىدارى يوق ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىغاندا ئىنتايىن ئاجىز،تايىنشۋىلىشقا ئامراق، تاشقى بىر نەرسىگە ياكى بىر ئادەمگە يۆلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ساقلاپ تۇرالايدىغان ۋە باشقىلارغا تايىنىپ تىك تۇرالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇنداق ئادەم مىللىتىگە قانداق ياردەم بەرسۇن؛ بۇنداق ئادەم ئىنتايىن قورقۇنچاق كېلىدۇ. بىغەيرى ئارزۇلارغا بېرىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنلا باشقىلارغا ھەدەپ چېقىمچىلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىدىغان كىشىلەر، ئامېرىكىدەك دېموكراتىك دۆلەتتىمۇ،ختايدەك مۇستەبىت دۆلەتتىمۇ پەسكەش ئەخلاق بىلەن ياشايدىغان كىشىلەردۇر.

پىسخلوگ فروم، مەنپەئەتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى بار كۈچى بىلەن تەكىتلىگەن. ئۆزىگە كۆيۈنۈش بىلەن باشقىلارغا كۆيۈنۈش بىردەك بولىدۇ. ئادەم ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى ئىشقا ئاشۇرالىغاندىلا ئاندىن باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنۈشكە قارىمۇقارشى بولۇپ قالىدىغىنى ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئەمەس بەلكى مەنپەئەتپەرەسلىكتۇر. باشقىلارغا كۆيۈنۈش بىلەن ئۆزىگە كۆيۈنۈش ھەرگىز، ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاش دېگەنلىك ئەمەس،دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بارلىق كىشىلەرگە كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئوخشاشلا ئۆزىگە كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەمدۇر. مەسىلەن ، كۆيۈنۈش ئادەم بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ بىرخىل ئەخلاقىدۇر. ئۇنداقتا ئۆزىگە كۆيۈنۈشمۇ مۇقەررەر بىر خىل ئەخلاقتۇر.

چۈنكى مەنمۇ، ئۇمۇ، سەنمۇ، ھەممىمىز ئادەم. دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئادەم ئۆزىنى ئادەمنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىدىغان نەزىرىيە بولمايدۇ. ئۇ ئادەمگە كۆيۈنۈش ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى، بەخت سائادىتى ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۇ ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىمىزگە كۆيۈنۈشنىڭ ئىقتىدارى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۆزىنىڭ بەخت سائادىتى ئۆسۈپ-يېتىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىسقىسى ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئىقتىدارىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مىللەتپەرۋەرلىكمۇ دەل مۇشۇنداق زېمىندا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

پسىخولوگ فىروم، ئۆزىنى سۆيۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، شەخسىيەتچىلىكنىمۇ تەكىتلىگەن. شەخسىيەتچىلىك، ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىگە خاس بولغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىقتىدارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر، دەپ كۆرسەتكەن. فىروم شەخسىيەتچىلىك بىلەن مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئوخشاش مەنىدە چۈشۈنۈشكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تىلغا ئالغان شەخسىيەتچىلىك ،ماددىي مەنپەئەتكە، ھوقۇق ۋە شان شەرەپكە مۇۋاپىق ئېرىشىشنى كۆزدە تۇتقان شەخسىيەتچىلىكتۇر. بۇنداق شەخسىيەتچىلىك مۇئەييەن دۆلەتتە ئەخلاق بىلەن ھوقۇقنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە ئادەم تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى ئەمگەك ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. شەخسىيەتچىلىككە مۇئامىلە قىلغاندا سۇبيېكتىپ مەنىدە چۈشەنمەي ئوبيېكتىپ ماددىي مەنپەئەت مەنىسىدە چۈشىنىشىمىز كېرەك. ماددىي مەنپەئەتنى سۇبيېكتىپ جەريان دەپ چۈشەنمەسلىكىمىز كېرەك. بىز يۇقىرىدائاۋۋال «شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىش» دەپ ماۋزۇ قويۇۋالغاندۇق. ىشەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىش جاندىن ۋاز كېچىش، ھاياتلىقتىن ۋاز كېچىش، نورمال تۇرمۇش ھايات كەچۈرۈش ۋاستىلىرىدىن ۋاز كېچىش، ماددىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش ياكى شۇ خىل ھاياتلىققا كېرەك بولغان ماددى ۋە مەنىۋى ھادىسىلەردىن بىراقلا ۋازكېچىپ مىللەتچى بولىمەن دەپ ساپايى چېلىپ كوچىغا چىقىۋېلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. گېزى كەلگەندە ۋەتەن ئۈچۈن تۆكۈشكە توغرا كەلگەندە يۇقىرىقى شەخسىيەتكە تەئەللۇق مەنپەئەت ئامىللىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ۋاقتى سائىتى يېتىپ كېلىپ مىللەتنىڭ مەنپەئىتى، ۋەتەننىڭ

مەنپەئەتـى تەھدىتكـە دۇچ كەلگەنـدە، قەھرىمانىنـىڭ پائالىيىتـى تاللاشـقا دۇچ كەلگەنـدە ئىككىلىنـىپ ئولتۇرۇشـنىڭ قـارارى يـوق دېگەنلىكتـۇر.

## ئون سەككىزىنچى باب: مىللەت مەسلىسى ئىككىنچى بىر خىل ئېتىقاد مەسلىسى ئەمەسمۇ.

پسـخولوگ فـروم ئېتىقـاد بولمىسا بولمايـدۇ دەپ كۆرسـەتكەن. ئىنسـانىنىڭ ئېتىقـادى بولمىسـا مەنـىۋى تۈۋرۈكـى بولمايدۇ. دىنى ئېتىقادتىن باشـقا ئىنسـانىنىڭ يەنـە ۋەتەنپەرۋەرلىكـگـە خـاس ئېتىقـادى بولۇشـى لازىـم. دىنـي ئېتىقـادى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلـىك ئېتىقادىنـى بىر ـ بىرىدىـن ئايرىۋېتىشـكە بولمايدىغـان مۇقەددەس بىـر مەقسـەتنىڭ ئىككـى تەرىپىـدۇر. بـۇ ئېتىقـاد ئىنسـانىنىڭ ۋەتـەن ئېتىقـادى ۋە مىللـەت ئېتىقادىـدۇر. ئېتىقـاد قانـداق پەيـدا بولـىدۇ؟ «ئېتىقـاد ئىنسـان قەلبىنـى ۋە روھىنـى مۇقىملاشتۇرۇشـتىن پەيـدا بولـىدۇ. ئېتىقادسـىزلىق قەلـب ۋە روھنـى ئىنـكار قىلىشـتىن پەيـدا بولـىدۇ» پسـخولوگ پـروم. (ئەركىنلىكتىـن قېچىـش). ئېتىقـاد روھنـى، قەلبنـى مۇقىملاشـتۇرۇش ئۈچـۈن ئـاۋۋال ئىنسـانىنىڭ روھـى تايىنىدىغـان، ئىنسـانىنىڭ قەلبـى تايىنىدىغـان نىشـانىنى مۇقىملاشتۇرۇشـقا، ئىنسـان قەلبىنـىڭ شـۇ نىشـانىنى مۇقىملاشتۇرۇشـىغا توغـرا كېلـىدۇ. ئۇيغـۇر ئىنسـان قەلبىـدە ئـاۋۋال مۇقىملاشـتۇرىدىغان مۇقـەددەس نىشـان مىللـەت ئۇيغـۇر مىللىتـى سـەن شـۇ، مـەن شـۇ، ئـۇ شـۇ دېگەنلىكتـۇر. سانىسـىزلىغان مـەن، سـەن، ئۇنىـڭ قوشۇلۇشـىدىن بىـر تـىل ئارقىلـىق بىـر بىرىگـە باغلىنىشـىدىن بىـر مەدەنىيـەت ئارقىلـىق ئۆسـۈپ يېتىلـىش تۇپرىقىغـا ئىگـە بولۇشـىدىن ، بىردىـن ئارقىلـىق مەنـىۋى تۈۋرۈككـە ئىگـە بولۇشـىدىن بـۇ مىللـەت ئۇيغـۇر، بـۇ مىللەتكـە ئـەزا بولغـان ھـەر بىـر ئۇيغۇرنـىڭ پەخىرلىنـىش ئوبيېكتـى، سۆيىنىش ئوبيېكتـى، كۆيۈنـۈش ئوبيېكتـى، قوغـداش ئوبيېكتـى پەقـەت شـۇ مىللەتنـىڭ مەنپەئىتىنـى كۆزلـەپ ياشاشـقا مۇمكىنلىـك بېرىدىغـان ئوبيېكت بولالايدۇ. شۇڭا مىللـەت ئۇيغـۇر، ھەربىـر ئۇيغۇرنـىڭ ئىككىنچـى خىـل ئېتىقـاد ئوبيېكتى بولۇشـقا مۇناسـىپ ئوبيېكتتـۇر. يەنـە باشـقا مەنىدىـن ئېيتقانـدا مىللـەت بـۇ ئىنسـانىنىڭ ۋەتىنىـدۇر. ئېتىقـاد ئىنسـان روھىنـىڭ ۋە خاراكتېرىنـىڭ بىـر ئالاھىدىلىكـى

بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپى غەيرىي ئەقلىي ھېسسى بولسا يەنە بىر تەرىپى ئەقلى بولىدۇ. غەيرى ئەقلىي ئېتىقاد ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىپ ئادەتتىكى نوپۇزغا ئەگىشىۋالىدۇ. نوپۇزنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ھېس قىلغانلىرىنى ئۆزىمىنىڭ ھېس قىلىشى ۋە ئۆزىمىنىڭ تەجرىبىسى دەپ قارىۋالىدۇ. ئۇ چوقۇنۇشقا ئوبيېكت قىلىۋالغان ئوبيېكتنىڭ نوپۇزى زوراۋانلىق، پۇل، دوللار، مال - مۈلۈك ،ئىمتىياز، شان شەرەپ، غەيرىي ئەقلى پىكىر قىلغۇچىلار چوقۇنىدىغان نوپۇز بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىر مىللەت ئۆچۈن بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن ياخشى ياماننى پەرقلەندۈرۈشتىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئېغىر بىرپاجىئەدۇر. ئەگەر يۇقىرىقىدەك نوپۇزغا ئىگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىياسەت ۋە ئىنقىلاپ ساھەسىدە، غەيرىي ئەقلىي، ھېسسىي پىكىر قىلغۇچىلار يۇقىرىقىدەك ھادىسىلەرگە ۋە شۇنداق نوپۇزغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىۋېرىدىغان بولسا مۇقەررەركى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەگەشكۈچىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ساختىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئومۇمىي رېئاللىق ھەقىقەت بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئاتالمىش نوپۇزغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ، ئاتىلىپ قالغانلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەي، ئۇ چوقۇنغان نوپۇزنىڭ ئاتالمىش خىسلەتلىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەت بولۇپ كۆرۈنىۋەرسە، ئادەم ھەق - ناھەقنى ئايرىمىسا پاجىئە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ھاياتلىق چەكسىز داۋاملىشىش جەريانىدا ياخشى بىلەن ياماننىڭ ئورنى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ھەق بىلەن ناھەقنىڭمۇ ئورنى ئالمىشىپ تۇرىدۇ، بۇ زاماندا ھەقىقەت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەر باشقا بىر زاماندا غەيرى ھەقىقەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىر زاماندا ياخشى دەپ سۈپەتلەنگەن ھادىسىلەر يەنە باشقا بىر زاماندا« يامان» ھادىسە ھە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئىنساننىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ، پەقەت ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرگە ئوبيېكتىپ توغرا باھا بېرىشتىن كېلىدۇ خالاس.

ئەقلىي ئېتىقاد ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ئىنسان سالاھيىتىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ ئۆزلۈكنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۆزلىكنى مۇقىملاشتۇرۇش بىر ئادەمنىڭ مۇستەقىل پائالىيەت قىلىش، پىكىر قىلىش ،ئىجادىي پائالىيەت قىلىش، ئەركىن تەپەككۇر قىلىش

ئالاھىدىلىكلىرى، ئەڭ مۇھىمى مىللەتنىڭ ئارزۇ خاھىشىغا مۇناسىپ بولغان مۇقەددەس پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىشنى بەلگە قىلىدۇ. بۇنداق ئېتىراپ قىلىش بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەندە ئۇ مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولىدۇ.

بۇنداق ئەقلچىلىك تۆۋەندىكىدەك 3 خىل بۇ مەزمۇنغا ئىگە؛ بىرىنچى، ئەقىلگە ئېتىبار بېرىش، كۆپلىگەن كىشىلەر ھەقىقەت ياكى غەيرىي ھەقىقەت دەپ تونۇغان نەرسىلەرنى ئەقلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئوبيېكتىپ ھۆكۈم قىلىشنى ئۆلچەم قىلىپ، ھەقىقەت ياكى غەيرى ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئايرىيدۇ. ئىككىنچى؛ باشقىلارغا ئىشىنىش، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئىشىنىشنى توغرا چۈشەنمەي، قارشى تەرەپنىڭ ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ توغرا چۈشەنمەي، قارامىلىق، قوپاللىق، قارا قورساقلىق بىلەن قارشى تەرەپكە مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرگە يولۇققاندا، ياندۇرۇپ بۇنداق كىشىلەرگە ياۋۇزلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. ئۈچىنچى: ئۆزلۈككە ئىشىنىش، ئۆزلۈكتە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىدا ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش ۋە باشقىلارغىمۇ ئىشىنىش.

پىسخىلوگ پروم ، ئۆزىنى سۆيۈشنى مەدھىيىلەپ،« ئۆزىنى سۆيۈش ئىنسانشۇناسلىق ئەخلاق ئېتىكا نەزەرىيىسىدە ئەڭ يۇكسەك ئەخلاق مىزانىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئۆزىنى سۆيۈش بىلەن باشقىلارغا كۆيۈنۈش ئىككىسى بىر نەرسە دەپ كۆرسەتكەن. پىسخولوگ فروم، بۇ يەردە بەك رومانتىك بولۇپ كەتكەنمۇ نىمە؟

ئۆزىگە كۆيۈنۈشنى ھەر قانداق ئادەم ئورۇنلاپ كېتەلەيدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنۈشنچۇ؟ بۇنداق كۆيۈنۈشنى ھەر قانداق ئادەم ھەرقانداق زاماندا ئورۇنلاپ كېتەلەمدۇ؟ كۆيۈنۈش ئاغزاكى ھېسسىي ياكى ئەقلىي، مەنىۋىيەت ساھەسىدە كۆيۈنۈش بولۇپلا چەكلىنىدىغان بولسا بۇنىڭ ئەھمىيىتى نىمە ، كۆيىنىش ماددىي بەھرىمەنلىككە ئىگە قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بولسا بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ماددى خەيرىخاھلىق قىلىشىمۇ چەكلىك بولىدىغۇ؟! باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك، پىسخولوگ

فـروم ئېيتقانـدەك ئۆزگـە قانچىلىـك دەرىجىـدە كۆيۈنگـەن ئـادەم باشـقىلارغىمۇ كۆيۈنۈشـنى شـۇ دەرىجىگـە يەتكـۈزۈش كېـرەك. ئۇنـداق بولىدىغـان بولسـا مىللەتچىلىك ئۇشبۇ يەردىن باشـلىنامدىكىنە! ئۆزگە كۆيۈنۈش مىللەتكە كۆيۈنۈش، مىللەتكـە كۆيۈنۈش نۆۋەتتـە ئۆزگە كۆيۈنۈش بولۇپ ھېسـابلىنامدىكىنە! نەزەرىيە ئېتىـكا ساھەسـىدە بۇنـداق پىكىرلەرنـى توغـرا چۈشىنىشـكە بولىـدۇ. بۇنـداق پىكىرلەرنـى تەكىتلـەش پرىنسـىپلىق تەكىتلـەش بولـۇپ ھېسـابلىنىدۇ. لېكـىن رېئاللىـق ، بىـز ياشـاۋاتقان تۇرمـۇش تامامـەن بۇنىڭ ئەكسـىچە. پايـدا - زىيان مەنپەئـەت مەسىلىسـىدە مىللەتلـەر، ئادەملـەر ئارىسـىدا توقۇنـۇش بولىـدۇ. شـان شـەرەپ مەسىلىسـىدە ھەسـەت بولىدۇ، كۆرەلمەسـلىك بولىدۇ. شەخسـى مەنپەئەت بىلـەن ئومۇمـي مىللەتنىـڭ مەنپەئـەت مۇناسـىۋىتىنى توغـرا ھـەل قىلالىغـان ئـادەم دۇنيـا تارىخـىدا بـەك ئـاز كۆرۈلگـەن، شـۇڭا بىـر ئىشـنى يەنـە شـۇ بىـر كىشـىنىڭ باشـقا ئېلىـپ چىقىشـىغا سېلىشـتۇرغاندا بىـر ئىشـنى كۆپچىلىـك بىلەن بىللـە باشـقا ئېلىـپ چىقـش بەسـى مۇشـكۈلدۇر. ختـاي جەمىيىتىـدە ختاينىـڭ مۇستەملىكىسـى ئۇيغـۇر جەمىيىتـىدە ئادەمنىـڭ ئۆزگـە كۆيۈنۈشـنىمۇ باشـقىلارغا كۆيۈنۈشـنىمۇ ئىشـقا ئاشۇرالىشـى بۇمۇ ئوخشاشـلا بەسـى مۇشـكۈلدۇر. مۇستەملىكە مىللـەت ئەزالىرىنىـڭ 18 ى ئىنقىلابچـى بولسـا 19 ى خائىـن بولىدىكـەن. ختاي جەمىيىتـىدە بىـر ئـادەم بىلـەن ئىككىنچـى بىـر ئادەمنىـڭ جەمىيەتتـە تۇتقـان ئورنـى قارىماققـا ئـادەم بىلـەن ئادەمنىـڭ جەمىيەتتـە تۇتقـان ئورنىغـا ئوخشـاش بولـۇپ كۆرۈنسـىمۇ ئەمەلىيەتتـە ختاينىـڭ مۇسـتەبىتىزىملىق سىياسـىتى ئـادەم بىلـەن ئادەمنىـڭ مۇناسـىۋىتىنى بـۇرە بىلـەن ئىتنىـڭ مۇناسـىۋىتىگە ئايلانـدۇرۇپ ئىنسـان تەبىئىتىنـى ئىنسـانىدىن يىراقلاشـتۇرۇپ، ياتلاشـتۇرۇپ ئـادەم بىلـەن ئادەمنىـڭ ئـۆز ئارا مۇناسـىۋەتلىرىنى بىـر بىرىدىن پايدىلىنىشـنىلا بىلىدىغان لېكىن ئادىمـى سـەزگۈدىن، مېھرىبانلىقتىـن ياخشـى يامـان كۆڭلـەردە، يېقىـن يىراقلىقتىن ھېسداشـلىق قىلىشـتىن تامامـەن ئايرىلغـان، ياتلاشـقان سـوغۇق مۇناسـىۋەتلەر چەمبىرىكـى ھاسـىل قىلىشـقا زورلايـدۇ. ختاينىـڭ نۆۋەتتـە ئۇيغۇرلارنىـڭ ئىچكى قىسـمىغا قاراتقان سىياسـىتى ئەنە شـۇنداق سىياسـەت. مەسـىلەن ھازىر ۋەتەندە« سىياسـي جىنايـەت» بىلـەن ئۆلـۈم جازاسـى بېرىلگـەن ئۇيغۇرنىـڭ قەھرىمانلىرى شـېھىت بولـۇپ ئائىلاھنىـڭ دەرگاھىغـا سـەپەر قىلـدى. بىـراق ئۆلارنىڭ بـالا

چاقىلىرىچۇ ، كىشىلەر ئۆلارنىڭ تىوي تۆكۈن نەزىر چىراغلىرىغا كەلمەسمىش، كىشىلەرگە يولدا ئۇچراپ قالسا كىشىلەر بۇ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سالام قىلماسمىش، ۋەتەن سىرتىدىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر ئۇچۇن سىياسىي پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى چەتكە قېقىپ ئۆي - پەتە مەھەللە كويلاردا بېرىش - كېلىش قىلماسمىش،قىز بەرمەسمىش ئوغۇل ئالماسمىش، ئالدى - بەرگى قىلماسمىش، ئۆلۈم يېتىم بولسا سالام ساھەت قىلماسمىش. دېمەك بۇ ھادىسىلەر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىنقىلابچىلارنى يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىلىك ئۇسۇلى بولماي نېمە ؟

بىز باشتا « ھېس تۇيغۇدىكى ئېتىقاد» ، «ئەقلى ئېتىقاد » دەيدىغان ئۇقۇملارنى دوست تۇتۇپ كەلدۇق. دىنىي ئېتىقادىدىن باشقا ئادەملەردە يەنە مەلۇم ئېتىقاد بولۇشى لازىم دېگەندە، مىللەتچىلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك بولۇشى كېرەك دېگەن سەزگۈگە كەلدۇق. يۇقىرىدىكى بىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىغا نەزەر ئاغدۇردۇڭلار بولغاي ! مۇشۇ خەلق ئارىسىدا بىز مىللەتچىلىكنى ئەلۋەتتە رادىكال ئەمەس ئەقلىي مىللەتچىلىكنى قانداق تەكىتلەيمىز، مىللەتپەرۋەرلىكنى قانداق تەكىتلەيمىز، بىر بىرىمىزگە كۆيۈنۈشنى قانداق تەكىتلەيمىز. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا سىياسىي پائالىيەت ھەرىكەتلەرنى قانداق تەشكىللەيمىز. بۇ ئادەملەرنى لۇت قەۋمىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاتساق بولارمۇ..

## ئون توققۇزىنچى باب: مىللەتچىلىك سانائەتلىششىنىڭ مەھسۇلىمۇ ؟

ئاۋۋالقى بىر قانچە ئەسىرلەردە مىللەتچىلىكنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئېتىراپ قىلىنغاندى. لېكىن بۇ ھادىسىنى توغرا بىر تەرەپتىن بايان قىلغاندا تەتقىقاتچىلار، « مىللەتچىلىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر قاتلامىدىكى نېگىزلىك قىزغىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان مىللەت دۆلەت ۋە ئائىلىگە ئوخشاش زامان تەرتىپى يوق ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئىنسان تەبىئىتى دېگەن نېمە؟ ياخشىلىق ،يامانلىق، كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش ھېسداشلىق قىلىش، مۇھەببەت - نەپرەت مېھربانلىق، ئادىمگەرچىلىك ، ئىنسانىيەتچىلىك ئېتىقاد، تەربىيىلىنىش،

جامائەت بولۇپ ياشاش ئۆستەكلىرى، ئەركىنلىككە، بايلىققا ئىنتىلىش، بەخىت قوغلىشىش، ئادالەتپەرۋەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، ياۋۇزلۇق، سەممىيەت، ئەخلاقلىق، ئەخلاقسىزلىق، ئاچكۆزلۈك ۋە ساداقەت قاتارلىق سۈپەتلەر ئادەم خاراكتېرىگە باغلىق بۇ خىل مەنىۋى هادىسىلەر ئادەم تەبىئىتىنى تەشكىللەيدىغان هادىسىلەردۇر. بىر تەرەپكە ئادىمگەرچىلىك قىلالايدىغان ئادەم يەنە بىر تەرەپكە ۋەھشىيلىكمۇ قىلالايدىغان ئادەمدۇر. قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلالايدىغان ئادەم ئوخشاشلا قانۇنغا رىئايە قىلالايدىغان ئادەمدۇر. بىر ئادەمگە ھېسداشلىق قىلالايدىغان ئادەم يەنە بىر ئادەمگە دۈشمەنلىكمۇ قىلالايدىغان ئادەمدۇر. ئادەم تەبىئىتىنى تەشكىل قىلغان يۇقىرىقى مەنىۋى هادىسىلەر رېئال تۇرمۇشقا باغلىق ھالدا ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ. مەسىلەن، دۈشمەنگە ۋەھشىلىك قىلغان ئادەم ھېچقاچان ئۆز جەمەتىگە ۋەھشىيلىك قىلمايدۇ. ئادەم تەبىئىتى ئەنە شۇنداق ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان مۇرەككەپ تەبىئەتتۇر. ئەنگلىيەلىك سىياسەت پەلسەپىسى خوببىس، « ئادەم تەبىئىتى ۋەھشىيدۇر، شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەست، ۋەھشىي ۋە ئۇرۇشقاقتۇر» دەپمۇ كۆرسەتكەن. ( لۋتەن)

بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە مىللەتچىلىك باش كۆتۈرگەندە كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. مەسىلەن، روسىيە كوممۇنىزم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلمەستىن بۇرۇن مۇستەملىكە قىلىنغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى يوشۇرۇن ھالەتتە ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى. كوممۇنىزمنىڭ مۇستەملىكچىلىك قىرغىنچىلىقى مۇستەملىكە ئەللىرىدە مىللەتچىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمايتتى. ئىمپېرىيە يىمىرىلگۈدى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت قۇرغان مىللەتلەرنىڭ ھالىغا نەزەر ئاغدۇرساق بىرسى تور بېتىگە چىقىپ، ئۆز تارىخىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىسا، بىرسى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. بىر مىللەتلا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. مىللەتچىلىك ئويغانغان ھامان، ھەر قانداق ئىزىمغا بويسۇنمايتتى. مىللەتچىلىك پەقەت ئۆزىلا بىر ئىزىم بولۇپ قالاتتى. روسىيەلىك مۇستەملىكچىلەر ھەم خىتاي مۇستەملىكچىلىرى « مىللىي مەسىلە تېگى تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپىي

مەھسۇلدۇر» دەيدىغان سەپسەتىلەرنى بازارغا سالغاندىمۇ، سىنىپلارغا پارچىلاپ مىللەت ئۇقۇمىنى، مىللەت كاتېگورىيىسىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغاندىمۇ ھېچقانداق خېرىدار چىقمىغان. كوممۇنىزمچىلار ئىشلەپ چىققان، ئالدامچىلىقنى مەقسەت قىلغان ئىدىئولوگىيە، مىللەتچىلەرنىڭ مىللەتچىلىكى ئالدىدا سەپسەتە ۋە كوممۇنىزمچە يالغانچىلىقمۇ چىنلىقنى يوقاتقان.

مىللەت تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلا بولىدىكەن، مەيلى بۇرژۇئازىيە دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسۇن زۇلۇم سىتەم چەكلىك بولاتتى. بىراق بىر مىللەتكە ئىككىنچى بىر مىللەت مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، زۇلۇم سىتەم چەكلىك بولمايتتى بەلكى چەكسىز بولاتتى. سانائەت دەۋرىگە كىرگەندە مىللەتچىلىك باش كۆتۈرىدۇ، دېگەندە كىشىلەر ئېھتىمال مىللىي مۇستەملىكچىلىكنى كۆزدە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مىللىي مۇستەملىكچىلىك دەۋرىدىكى سانائەتلىشىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن مۇستەملىكى شارائىتىدا ھۆكۈمران مىللەت ھەرگىز مۇستەملىكە مىللەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمايدۇ. مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن قەد كۆتۈرۈشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئېزىلگۈچى مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مىللىي بۇرژۇئازىيە باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ. چىقالىغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئەزگۈچى مىللەت خىتاينىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە مىللىتىگە زۇلۇم _ سىتەم سالمايدۇ. چۈنكى مۇستەملىكە قىلىنغان ئىكەن مىللەت مۇستەملىكە قىلغۇچىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى « جۇڭخۇئا مىللىتى» دەيدىغان ياسالما مىللەت تەۋەلىكىنى ، ھەرگىز تەن ئالمايدۇ. ھامان ئۆزىنى مۇستەملىكە بىز دەپ چاغلايدۇ. مەسىلەن ، ئۇيغۇردەك مىللەتلەر...

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مىللەتچىلىك سانائەت دەۋرىنىڭ ھاسىلاتى دەپ قارايدۇ ؟ تاۋار ۋە ماددىغا چوقۇنۇش بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە يەنى ئېغىزدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دەۋىلىپ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگوچە كاپىتالىزم دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بەلكى كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يىرىك دەۋرى كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مۇستەملىكچى خىتاي جەمىيىتىدە

ئېكسپلاتسىيەلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئايرىباشلاش خىتايدا ، هازىرقى زامان دۆلەت كاپىتالىزمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆزگىچە خاس مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ھەممىگە مەلۇم تاۋار ئايرىباشلاش ۋە ئايرىباشلاشقا مۇناسىپ كېلىدىغان سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىلا بار ئىش ئىدى. لېكىن بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئالاقىۋەتلىرى كۆپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، مۇستەملىكە ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا تاۋار ئالماشتۇرۇش كۆپ جەھەتتىن بىر جەمئىيەتتە ماددىي ئالماشتۇرۇشنى كونترول قىلىش شەكلى ھېسابلىناتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا بىر خىل تاۋار شەكلى، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاندا (تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تاۋار ئالماشتۇرۇش ) پۇقرالارنىڭ بارلىق تۇرمۇش شەكىللىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر جەمئىيەتتە ، ئالاقىدار جەمئىيەتتىكى بارلىق سۇبيېكتىپ ھادىسىلەر سۈپەت جەھەتتىن ماددىيلاشقان شەكىللەرگە ئىگە بولاتتى.

مۇستەملىكە جەمئىيەتتە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئورنى ئوخشاش بولاتتىمۇ ؟ ھوقۇقى مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنى قەيەردە بولسا ، ھەربىر ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئايرىباشلاش جەريانىدا تۇتقان ئورنىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولاتتى. ناۋادا تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن تاۋار ئايرىباشلىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ، بىر ئادەم ھەم ئىشلەپچىقارغۇچى ھەم ئايرىباشلىغۇچى بولىدىغان بولسا ، مۇستەملىكە جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار نېمە ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە نېمىنى ئايرىۋاشلايدۇ؟ خىتايلارچۇ؟ خىتايلار ئىشلەپچىقارغان تاۋار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارنى تەڭ قىممەتتە ئايرىباشلىغىلى بولامدۇ؟ مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان بىر كىلوگرام ئاشلىقنى خىتايلار ئىشلەپچىقارغان بىر مېتىر ئادىداس بىلەن تەڭ قىممەتتە ئايرىباشلىغىلى بولامدۇ ؟ ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە پۈتكۈل قۇرۇلمىسى، بۇ پەيتتە ئىشلەپچىقىرىش، مەھسۇلاتنىڭ ئايرىباشلاش قىممىتىگە قارىتىلماستىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ياكى تاۋارنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىگىلا قارىتىلغان

بولىدۇ. بۇ يەردە «تاۋارنىڭ ئىشلىتىش قىممىتى ئىستىمال قىممىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋاقىتتىلا، ئۇ ئىشلىتىش قىممىتى ئەمەس ئايرىۋاشلاش قىممىتى بولۇپ تاۋارغا ئايلانغان بولىدۇ » بۇ يەردە ھوقۇق، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تۇتقان ئورنى، ئايرىباشلاش جەريانىدا تۇتقان ئورنى، ئىستېمال قىلىش جەريانىدا تۇتقان ئورنى، مال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىش جەريانىدا تۇتقان ئورنى ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تەڭ قىممەتتە ئايرىباشلاش جەريانىدا ياكى تەڭسىز قىممەتتە ئايرىباشلاشقا مەجبۇر بولۇش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت، بىر نەپەر خىتاي ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن بىر نەپەر ئۇيغۇر ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي جەمىيەتتە تۇتقان ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى « مەلۇم سەۋىيىدە تۇرغان مۇۋازىنەتلەشتۈرۈش كۈچى، يەنە باشقا سەۋىيىدە تۇرغان، مۇۋازىنەتلەشتۈرۈش كۈچىنى بۇزغۇچى كۈچ بولۇپ قالىدۇ. ئۆز ئارا مەھلىيا قىلىش، ئۆزگىرىپ تۇرغان ئايرىۋاشلاش جەريانىنىڭ ھاسىلاتىدۇر. ئايرىباشلاش غەيرىي مۇۋازىنەتلىك ھوقۇق ئارقىلىق، مۇۋازىنەتلەشتۈرۈشكە ئىلىپ بارىدۇ. قانۇنلۇق بولۇش ھوقۇقنى ئادىللىق بىلەن ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈسىمۇ، لېكىن قارشىلىق كۆرسىتىش - ئادىل بولمىغان ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېرلىك مۇۋازىنەتنى پەيدا قىلغاندىن باشقا ، ئۇ يەنە ئوخشاشلا غەيرىي تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. (ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئايرىباشلاش ۋە ھوقۇق، خىتايچە نەشرى) مانا بۇ خىتاي ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇيغۇر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بازاردا ئىلىپ بارىدىغان تاۋار ئايرىۋاشلاشنىڭ جەريانىدۇر. بۇ جەرياننى ھوقۇقلۇق خىتاي تېزگىنلەپ تۇرىدۇكى، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەردۇر. ئۇنداقتا ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ دېھقان بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. خىتاي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ،ئىشچى بولۇشقا مۇۋاپپەق بولىدۇ. يېقىندا مەلۇم تور بەتتە بىر سەترە ماقالە ئېلان قىلىندى. قاشتېشى ساتقۇچى بىر ئۇيغۇر يىگىت بىلەن كۆمۈر كاندا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر نەپەر خىتاينىڭ ئوتتۇرىسىدا دىئالوگ باشلاندى.... يىللىق مائاشىڭ قانچە، 200 يۈئەندىن كۆپرەك ، بۇنداق ھېسابلىغاندا ئايلىق

مائاشنىڭ 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولامدۇ ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق... بۇنداق مائاش ئالىدىغانلار بەك جىق ، بەزىدە ئايلاپ شۇ يەردە يېتىپ قوپۇپ ئىشلەيدىغان تېخنىكلارنىڭ يىللىق مۇكاپات پۇلى 200 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە... بۇ چاغدا مەن تەگسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدۇم. ئىچىمگە غايەت زور بىر توپ قۇرت كىرىۋالغاندەك ئارامسىزلىنىپ كەتتىم. زۇۋانىمنىڭ ئۆچكەنلىكىنى سەزگەن بۇ بايۋەتچىمۇ ماڭا ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدى.... قادىر ئاللاھقا شۈكۈرلەر ئېيتىپ جىمىپ قالدىم، دېمەك ھېكايە قىلغۇچىنىڭ ھېكايىسىنى، شۇنچىلىك مىسالغا ئالدۇق. بۇ خىتاي ئىشچى قۇمۇلنىڭ سەنتەي خۇ ئۇيغۇرچە نامى ئۇچكۆل كۆمۈركان رايونىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. بۇ كۆمۈركاندا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئىشچى بارمۇ-يوق ، بۇ توغرىدا ئوتتۇرىدا گەپ بولمىدى. 300 مىڭ يۈەندىن مائاش ئالىدىغان كۆمۈركان رايونىدا ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ بولۇشى بۇ يوق گەپ، ئەگەر بار بولسا ئۇمۇ 300 مىڭ يۈەندىن مائاش ئالالامدۇ؟ سانائەتلىشىش دېگەن سۆز ھەر بىر ئادەم كەسپلىشىش ، تېخنىكلىشىش دېگەندىن دېرەك بېرىدىغان بولسا، دېھقان ئۇيغۇرلار، بەلگىلەنگەن يېرىدا دېھقان بولغانلىقتىن جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. خىتايلارنى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتلەشتۈرگەندە جەمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا مەلىكلىك، ئاق ياقىلىق ئىشچى بولۇپ ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە خىتاي جەمىيىتىدە تۇتقان سىياسىي ئورنى پەرقلىق بولغانلىقتىن، ھەر ئىككى مىللەتنىڭ بىر بىرىگە قارشى مىللەتچىلىكى دەل مۇشۇنداق ھالقىلاردا پەيدا بولۇپ رەھىمسىز كۆرەش ئىچىدە، رەھىمسىز توقۇنۇش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ ۋە مىللەتچىلىك ھەر ئىككى مىللەتنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ قورالىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى بىلەن خىتاي مىللەتچىلىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھوقۇق تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان ھالدا مىللى مەنپەئەت بابىدا يۈزمۇيۈز، روبىرو توقۇنۇش مۇھىتىغا كىرىپ قالىدۇ. بىز يۇقىرىدا بىر خىل تاۋار ئايرىۋاشلاش شەكلى بارلىق تۇرمۇش شەكىللىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ،دېگەنىدۇق. بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال تەسىر كۆرسىتىدىغىنى، ئەڭ ئاۋۋال مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى مەسىلە بولۇپ،

ئوتتۇرغا چىقىدىغىنى ھوقۇق مەسىلىسىدۇر. بىر جەمىيەتتە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەملەرنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرى بويىچە تاۋار ئېڭىنىلا پەيدا قىلىدىكەن، ئۇيغىنىشنى ئاۋۋالى ئۆزىنى تونۇشتىن باشلىغان مىللى ئاڭ مەقسەتلىك ئاڭغا ئۆزگىرىپ مىللەتچىلىك مۇستەملىكە جەمىيەتنىڭ كۆندىلىك تەپەككۇر پائالىيىتىگە كىرىپ كېلىدۇ.

ئىنسان بەك ئاجىز. بىر قارىساڭ ئىنساننىڭ يەنە شۇنداق ئىنسان ئالدىدا قەدىر قىممىتى بىر چۈمۈلىنىڭ قىممىتىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى دېگەندە ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ئۇنىڭ قىممىتىدۇر. چۈمۈلىنىڭ قىممىتى تەبىئەتتە ھېچقانداق دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ھەددى ھەرىكىتى جەمىيەتتە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئىنسان شۇنداق ئاجىزكى، ئىنسان ئىنسان بىلەن ئۆز ئارا ھەمكارلاشماي تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدايدىغان كۈچكە يالغۇز ئېرىشەلمەيدۇ. ئىنسان تۇغۇلۇش بىلەنلا ئەركىنلىكنى، ئەركىن ئازادە ياشاشنى ئىستەيدۇ لېكىن ئىنسان ياشاش شارائىتىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەمگەك قىلىدۇ، ئەمگەك شارائىتىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. چۈنكى ، ئىنسان بىر بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىپ تۇرىدىغان ئىنساندۇر. بۇنداق چاغدا ئادەم بىر نوپۇزغا، چېقىلغىلى بولمايدىغان، تەھدىت سالغىلى بولمايدىغان، يالغۇز بىر ئادەم بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، ئادەملەر ھۆرمەت قىلمىسا، ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان، ھەيۋىسىدىن تەپ تارتمىسا بولمايدىغان،بىر كۈچ بىر نوپۇزغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شەخسىيەتچىلىك، ئۆز ئارا زىددىيەت، ئۆچ - ئاداۋەت، مەنپەئەت تالىشىش توقۇنۇشلىرى يۈز بەرگەندە، قوراللىق كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايدىغان چەككە يەتكەندە كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنساننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ، كۈچ بىلەن ھوقۇققا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ كۈچ ،مانا بۇ ھوقۇق، مانا بۇ نوپۇز، مانا بۇ دۆلەتتۇر. ئىنسانلار دەسلەپكى چاغلاردا قەبىلە ، ئايماقلار بويىچە ياشايتتى. قوغدىنىشقا توغرا كەلگەندە قوغدىنىش ئېھتىياجى قەبىلە ئايماقلارنىڭ قوغدىنىش كۈچىدىن ھالقىپ كەتكەندە،

ئادەملەرنىڭ ئۆنىڭدىن زور بولغان كۆچكە ئېھتىياجى چۈشەتتى. ئۆزارا ئۇرۇشۇش، تالاش تارتىشقا چۈشكەندە، دۈشمەننىڭ ياكى دوستىنىڭ ئادەم سانىنىڭ ئاز كۆپلۈكى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنىڭ چېكىنى بەلگىلەيتتى. ئادەم ئۆزىنىڭ ھوقۇقى نېمە ئىدى بىلمەيتتى. كۈچۈم بار دېگەندىمۇ بىر ئادەمنىڭ كۈچى نېمىگە دال بولاتتى. شۇڭا كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، كۈچنى تەشكىللەشكە توغرا كېلەتتى. كۈچ تەشكىللىگەندىن كېيىن مەسىلەن. چەتئەلنىڭ ، ياقا - ياتلارنىڭ تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش، ئۆز- ئارا بىر بىرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى چەكلەش ئۈچۈن،« كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچنى مەلۇم ئادەمگە ياكى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىنى بىر ئىرادىگە ئايلاندۇرىدىغان ئايلاندۇرغان ۋە ئايلاندۇرالايدىغان بىر نەچچە كىشىدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپقا تاپشۇرۇش كېرەك» بولىدۇ ، دەيدۇ جوبىس. بۇ ھۆكۈمنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت دېگەنلىكتۇر بۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق ئادەم شۇنداق دەيدۇكى ، بۇنداق نوپۇزنى بۇنداق كوللېكتىپنى ئېتىراپ قىلمەن. ھوقۇقۇم بارۇ ھۇقۇقۇقا چۈشكەن ئېھتىياجىم ھوقۇقۇمنى ئىشلىتىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەندە ، ۋە ئۆزۈمنىڭ ھوقۇقىدىن كۈچلۈك بىر ھوقۇققا ھاجىتىم چۈشكەندە، كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان ھوقۇق، نوپۇز ۋە كۈچنى ئېتىراپ قىلمەن. شۇنداق بولغاندا ھەر بىر شەخسنىڭ ئىرادىسى ھەر بىر شەخسنىڭ ھوقۇقى، بىر شەخسنىڭ ياكى بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەنگەندە ، پەيدا بولغان كۈچ نوپۇز، ھوقۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سالاھىيەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق سالاھىيەت سىز بىلەن بىز تەكرارلاپ يۈرگەن دۆلەت دېگەن شۇدۇر. دۆلەتنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئەمدى گەپنى سوقراتتىن ئاڭلايلى:

«ئادەملەر تارقاقلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇ چاغلاردا شەھەر دېگەنمۇ يوق ئىدى. ئادەملەر ياۋايى ھايۋانلار تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتەتتى. ئادەملەرنى ھايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا بەك ئاجىز ئىدى پەقەت تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرالىغۇدەكلا ئىقتىدارى بار ئىدى. ھايۋانلار بىلەن ئېلىشقۇدەك كۈچى يوق ئىدى... بىر مەزگىللەر ئۆتكەندىن كېيىن قوغداش ئارزۇلىرىدىن

پەيدا بولغان تىلەكلەر ئادەملەرنى بىر يەرگە ئېلىپ كەلدى ، شەھەرلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلاردا دۆلەت قۇرغۇدەك ، دۆلەت باشقۇرغۇدەك ئىقتىدار يوق ئىدى. لېكىن ئادەملەر ئۆز ئارا بىر بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئۆزارا ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئۆزارا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئەخلاق ئۇندۇرمىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئەخلاق نورمىلىرى شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى».

ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش، ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ يارىتىلىشى دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى باشلانغۇچ دەۋرى دەپ چۈشىنىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تېخى ئادەملەردە ھوقۇق قاراشلىرىمۇ، مەنپەئەت قاراشلىرىمۇ،پايدا - زىيان مەنپەئەت قاراشلىرىمۇ ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا شەكىللەنمىگەن، ئادەملەرنىڭ ئېڭى تەرەققىي قىلىپ ئۇ دەرىجىگە يەتمىگەن، قانۇننىڭ بولۇشى ، كۆچنىڭ تەييارلىنىشى، ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ ئۇمۇملىشىشى قاتارلىق مەنىۋىي ھادىسىلەرنىڭ، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاستا ئاستا ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەمگەك بىلەن جان بېقىشىنىڭ كۈن تەرتىپكە كېلىشى،ئىپتىدائىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ئىستىمالدىن ئېشىپ قېلىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا خىلمۇخىل ئېھتىياجلارنىڭ پەيدا بولۇشى ، بىرسىنىڭ كەلگە ھاجىتى چۈشسە يەنە بىرسىنىڭ خالتىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىشى ،بىرسى تاغاققا ھاجەتمەن بولۇپ قالسا يەنە بىرسىنىڭ سۆزگۆچكە ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشى،دېمەك ئاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەلىرىنىڭ،ماددى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەقسەتلىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۆچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. دېمەك سوقراتنىڭ گېپىچە، ئۆز ئارا سودا تىجارەت يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنى ئۆزارا ئالماشتۇرۇش ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەت پرىنسىپلىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. سودا تىجارەتنىڭ بىر تەرتىپىنىڭ، بىر پرىنسىپىنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم بولدى. ئادەملەردە پايدا زىيان مەنپەئەت ئېڭى پەيدا بولغان ئىكەن ئالدى - بەرگىدە ئادىل بولۇش، ئېلىم - سېتىمدا ئادىل بولۇش، ئۆزارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىپتىدائىي

جەمىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئۆزارا ئادىل بولۇشى، ئۆز ئارا ھۆرمەت ، بارى ـ يوقنى ئۆزارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا يول قويۇش ئادەتلىرى ھازىرقى دەۋردىن ياخشىراقمىتكىن ، دەپ ئويلايمەن. بىراق سوقرات شۇ دەۋردىن باشلاپلا ئادەملەردە ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتنىڭ بولىدىغانلىقنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. « مېنىڭ، سېنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ، ئۇنىڭ ئەمەس دەيدىغان سۆز ئىبارىلەرنى چۈشۈنۈش يېتەرسىز بولغانلىقتىن ( ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلار سەن ئۇ يۇرتلۇق، مەن بۇ يۇرتلۇق دەيدىغان سېلىشتۇرۇشتىن باشقا، سەن خۇنەنلىك ختاي، ئۇ سىچۇئەنلىك ختاي دېيىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ماۋۇ زېمىن ، ماۋۇ تۇپراق مېنىڭ ،سېنىڭ ئەمەس ھوي ختاي دېيىشنىمۇ بىلمەيدىغۇ، دەيمەن) ئادەملەر ئارىسىدا بىردەكلىك بولمايتتى. ئەمما مۇكەممەل ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى يېتەرلىك قامدىيالايدىغان بىر جەمىيەت بەرپا بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن دۆلەت شۇ يەردە پەيدا بولغان. دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن بولغاندىمۇ ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي دەرىجىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى گۈزەل تۇرمۇش، مۇكەممەل تۇرمۇش ۋە شۇ تۇرمۇشنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. شۇ دەۋرلەردە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار تەبىئىي ھالدا قۇرۇلاتتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلەتتى. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى مۇشۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ مۇكەممەل تاماملىنىشى دېيىلگەندىمۇ ،« دۆلەت يەنىلا تەبىئەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقان دۆلەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدۇر. » ، دەيدۇ سوقرات. مەيلى بىر ئادەم ياكى بىر ئائىلە بولسۇن تەرەققىي قىلىپ بىر نۇقتىغا كەلگەندە ، بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەۋەبى ياكى نەتىجىسى ئەڭ مۇكەممەل، ئاقىل، ئاقىلانە بىر چەككە يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. شۇڭا شۇنداق چەكنىڭ ئاخىرقى پەللىسى بولغان دۆلەتنى بۇ يەردە مۇكەممەللەشكەن ئىجتىمائىي گۇرۇپپا دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

سوقرات يەنە مۇنداق دەيدۇ : دۆلەت تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە بارلىققا كەلگەن. تەبىئەتتىن ئېيتقاندا ئىنسان بىر سىياسىي مەخلۇقتۇر. « ئىنسانلا بولىدىكەن بىر تاسادىپىيلىقتىن ئېيتقاندا ئۇ ئىنسان بىر دۆلەتكە تەۋە بولىدۇكى ئىككىنچى بىر دۆلەتكە تەۋە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بىر شەرمەندە. . .

ياكى بىر ھالقىما ئادەم بولمىسىلا. . . »لېكىن ھازىرقى دۇنيادا ئىككى دۆلەت گىراژدانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ پەيدا بولدى.

ئىنسانىيەت، مۇنداق بىر مۇھتىقا يېتىپ كەلگەن، دەپ باشلايدۇ پەيلاسوپ جون لاك، « شۇ چاغدا تەبىئەتتە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچ، ھەربىر ئادەمنىڭ شۇنداق تەبىئىي ھالەتتە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كۈچىدىن ئارتۇق بىر كۈچ تەبىئەتنىڭ كۈچى مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىپتىدائىي ھالەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا يوقالغان بولاتتى. دېمەك جون لاك ئۆزگە قارشى بولۇۋاتقان بىر كۈچكە قارشى تۇرالىغۇدەك بىر كۈچنى ئويلىمىغاندا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىلا ئەمەس ھەتتا ئۆزىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلالمايتتى. دېمەكچىمۇ؟ ،شۇنداق بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، يېڭىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى دېمەكچىمۇ؟

بىراق ئىنسانلاردا يەنە يېڭى بىر كۈچ پەيدا بولۇشى كېرەك ئىدى. پەقەت ئاۋۋال ئېرىشكەن كۈچتىن پايدىلىنىش ياكى بۇ كۈچنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ يەنە يېڭى بىر كۈچ پەيدا قىلىپ تەبىئەتتىن قولۇم - قوشنىلاردىن كېلىدىغان توسقۇنلۇقلارنى يەڭگەندە ئىنسانلار ئۆزارا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايتتى. بۇنداق كۈچنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ بىرلىششىدىن ھاسىل بولاتتى. بىرلەشكەن، بىرلىشەلىگەن ئادەملەر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرالايتتى. مانا بۇ كۈچ ئادەملەرگە كېرەك بولغان كۈچ ئەمەسمىدى.

خىتاينىڭ دۆلەت تەلىماتچىلىرى نېمە دەيدۇ؟ ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرمىغان دەيدۇ. يازغۇچى غۇلام ئوسمان نېمە دەيدۇ؟ ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان. بىزنىڭ يۇقارقى تەبىرىمىزگە ئاساسلانغاندا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاش دەۋرلەرنى، ئوخشاش باسقۇچلارنى ئوخشاش بېسىپ كەلگەن ئىكەن. دېمەك، مىللەتلەرنىڭ دۆلەت

قـۇرۇش تارىخىمۇ ئۆزگـە خاسـلىقنى گەۋدىلەندۈرگەنـدىـن باشـقا دۆلـەت قـۇرۇش ئىنسـانىيەت تارىخـىـدا بـىـر پائالىيـەت سـۈپىتىدە ئوخشـاش بولـىـدۇ. سـوقرات ئادەملەرنـى «سىياسـىي مەخلـۇق» دەپ كۆرسـەتكەندەك، خىتـاي دۆلتـى خـەن دەۋرىـدە خـەن دۆلىتىنـى قۇرغـان بولسـا، ئۇيغۇرلارمـۇ هـون دەۋرىـدە هـۇن دۆلىتىنـى قۇرغـان ئىدى. سىياسـىي جەمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشـى، باشـقا مەقسـەت ئۈچـۈن ئەمـەس، پەقـەت هـەر بىـر ئادەمنىـڭ مەۋجۇتلۇقى،نىـكاھ ئائىلـە بويىچە مەۋجۇتلۇقـى خۇسۇسـىي مەنپەئەتنىـڭ، خۇسۇسـىي ئىگىلىكنىـڭ مەۋجۇتلۇقنـى كاپالەتكـە ئىگـە قىلىدىغـان هاياتلىـق زۆرۈرىيەتلىرىنىـڭ ئېھتىياجـى ۋەجىدىـن هەربىـر ئادەمنىـڭ تەبىئـىي نورمـال« كـۈچ» ئىشـلىتىش دائىرىسـىدىن هالقىـپ كەتكـەن بىـر بۈيـۈك كۈچكـە هاجىتـى چۈشـكەندە ئاندىـن دۆلـەت قۇرۇلغـان ۋە دۆلـەت پەيـدا بولغـان دېيىشـكە بولـىـدۇ.

## يىگىرمىنچى باب : دۆلەت دېگەن نېمە؟

تارىختـا دۆلـەت قورغانـۇ لىكىـن، قۇرغـان دۆلىتىنـى يوقىتىـپ قويغـان ئۇيغـۇردەك كىشـلەر ئوتتۇرىغـا ئېلىـپ چىققـان هازىرقـى زامـان چۈشـەنچىلىرىگە يارىشـا ، دۆلـەت دېگـەن نېمـە؟ دېگـەن سوئالغا قۇدرەتلىك ئارمىيـە، قۇدرەتلىك سـاقچى قوشـۇنلىرى، قانۇن، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت،يەنە باشقا زۆرۈر مۇئەسسەلەرنىڭ تەشـكىلىي بىرلىكـى، دۆلـەت دەپ ئاتىلـىدۇ دەپـلا، يۇقىرىقـى سـوئالغا ئاددىـي جـاۋاب بېرىپـلا قۇتۇلـۇپ كېتىشـكە بولـىـدۇ. دۆلـەت توغرىسـىدا غەربنىـڭ پەيلاسـوپلىرى، ئۇيغۇرلارنىـڭ بۈيـۈك ئالىمـى يۈسـۈپ خـاس هاجىـپ قاتارلىقـلار ئەتراپلىـق توختىلىـپ ئۆتكـەن. بىـز بـۇ يـەردە ئارتۇقچـە نەزىرىيـە، دۆلـەت توغرىسـىدا يەنـە باشـقا پەلسـەپىۋى كاتېگورىيـە ئىجـاد قىلالمايمـز. پەقـەت شـۇ بۈيۈكلەرنىـڭ دۆلـەت تەلىماتىنـى نەقىـل قىلىـپ، شـەرھىيلەپ دۆلەت توغرىسـىدا يۈزەكـى بولسـىمۇ چۈشـەنچە هاسىل قىلىشـقا تىرىشـىمىز.

پەيلاسـوپ گېگـىل « قانـۇن پەلسەپىسـى قائىدىلـىرى» ماۋزۇلـۇق كىتابىـدا دۆلـەت توغرىسـىدا مۇنـداق دەيـدۇ: بىر مىللەت دەسلەپتە ھېچنېمـە بولمىغاندىمۇ تېخـى بىـر دۆلـەت ئەمـەس، دەسـلەپكى ئالامـان قەبىلـە _ ئايمـاق ، چارۋىچـى

مىللەت ھالەتلىرىدىن ھازىرقى ھالەتكە ئۆتۈپ كەلگەندە، مۇنداق ئېيتقاندا ئەقىل ۋە ئىدىيە مىللىي شەكلىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىدۇ» گېگېلنىڭ تەلىماتىنى يەنە شەرئى تەپەككۇر ئارقىلىق يېشىپ بەرسەك: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان شەكىل دۆلەت شەكلىدۇر. مۇئەييەن ئىدىيىنىڭ دۆلەتتىن ئىبارەت شەكىلگە كەلگەنلىكىدۇر. بۇنداق شەكىل بولمىغاندا مىللەت ئېتىكىلىق مەۋجۇتلۇق بولۇپىل يەنىلا تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مىللەت، مىللەتكە كېرەك بولغان ئوبيېكتىپلىقتىن نېرى بولۇپ، باشقىلار ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىنغان بەلگىلىمە يەنى قانۇن ئىچىدە قانۇنلۇق مەۋجۇتلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ بۇنداق مىللەت ھەر قانداق جايدا ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان« ئوبيېكتىپلىق»،« ماددا » دېگەن ئۇقۇملار يەنىلا گېگېلنىڭ قەلىمىدە دۆلەت دېگەن ئۇقۇمغا قارىتىلغان بولۇشى بەرھەق. « مىللەت ئوبيېكتىپ قانۇنلۇق بۇلۇشقا، ئوبيېكتىپ ماددىي گەۋدە ، ئۆزى ئۈچۈن بېكىتىلگەن مۇۋاپىقلىققا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن شۇڭا مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى بۇگۈن ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردەك شەكلەن بولىدۇكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بولمايدۇ» بۇ يەردە دۆلەت « ئوبيېكتىپلىق» «مۇۋاپىقلىق» ، « ماددا » دەپ تەرىپلەنگەن. بۈگۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى خىتايدىن پەرقلىق ھالدا خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق مۇستەقىل ياشايدىغانلىقى خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە تېخى بېسىپ كىرەلمىگەنلىكى تىلىمىزدا مىللەتنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى دەپ، ئاتىلىدىغان بولسا بۇنداق مۇستەقىللىق شەكلەن بولىدۇ، ھەرگىز ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

«ئەقلىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى نىكاھ - ئائىلە ۋە يېزا ئىگىلىكىنى باشلىنىش نوقتىسى قىلىپ، قانۇن بەلگىلىمىلەر ئالدىدا ۋە ئوبيېكتىپ تۈزۈم ئىچىدە پەيدا بولغان، ئەقلىنىڭ بۇ خىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، مەيلى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، مېھرىبانلىقى بولۇپ ئىپادىلەنسۇن ياكى ھوقۇق ياكى قانۇنسىزلىق بولۇپ ئىپادىلەنسۇن، بۇ خىل ھوقۇق ( ئەقلىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى) قەھرىمانىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىدۇر. » (تارىخ پەلسەپەسى) گىگىلنىڭ دۆلەت تەلىماتىنىڭ مېغىزى ھېسابلانغان بۇ ئۇقۇم خىتايدىن

باشقا دۆلەت تەلىماتىنى شەرھلىگۈچىلەرنىڭ شەرھلىرىدە تىلغا ئېلىنغانمۇ ـ يوق ، بۇنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. خىتايچە دۆلەت تەلىماتى نېمە، خىتايلار دەيدۇكى ، « دۆلەت سىنىپنىڭ بىر سىنىپنى ئېزىش قورالى، دۆلەت سىنىپلار كۆرۈشىنىڭ مەھسۇلى، دۆلەت جۇڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ دۆلىتى، دۆلەت پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ دۆلىتى، دۆلەت بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتنىڭ ئېزىش قورالى» دەيدىغان خىتايچە تەلىماتتۇر. خىتايچە دۆلەت تەلىماتىنىڭ ئەكسىچە، گېگېل، ئىنتايىن لوگىكىلىق تەپەككۇر بويىچە ئەقىللا بولىدىكەن، دۆلەت قۇرۇشقا بولىدۇ. نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئېپتىدائىي ئاساسىدۇر. مەيلى ئېپتىدائىي بولسۇن مەيلى ئوتتۇرا ئەسىردە بولسۇن، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىلا بولىدىكەن ، نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىلا بولىدىكەن، ئەقىل بولىدۇ، ئەقىلنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئەقىل بەلگىلىگەن قانۇن، تارىختىن بېرى تېخىچە دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئەھۋالدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆتمۈشتە قازىلار تۈزگەن قانۇن، قانۇن بولۇپ كەلدى. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قازى قۇززاتلار،مۇفتىلار ئىجرا قىلىدىغان قانۇن ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە شۇ قازى قۇززاتلىرى تۇرغۇزۇپ چىققان تۈزۈم ئىچىدە ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى مۇتلەق ھوقۇقلۇق ئەقىل، ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەقلىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى“ قەھرىمانىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى“ بولۇپ كەلدى. دۆلەت ۋە دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرى ئەخلاق ئىدىيىلىرىنىڭ رېئاللىقى بولۇپ ئىپادىلىنىپ كەلدى. ئۆزىنى بىلگەن سوبىستانسىيىلىك ئىرادىنىڭ ئېتىكىلىق روھى، بۇنداق ئېتىكىلىق روھ ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆزىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزى بىلگەننىڭ ھەممىسىنى تاماملاپ كەلدى. بەلكى پەقەت ئۆزى بىلگەننىلا تاماملاپ كەلدى. « دۆلەت ئۆرپى ـ ئادەتلەرنىڭ ئىچىدە بىۋاستە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەككە ئادەملەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدا، بىلىملىرىدە، پائالىيەتلىرىدە ۋاستىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدۇ گېگېل. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا دۆلەت قۇرۇش ھەممە مىللەتكە نېسىپ بولىدىغان پائالىيەتتۇر. تەپەككۇر ئەخلاق ھادىسىلىرىنى تەپەككۇر قىلغاندا ئاۋۋال ئۆزىنى بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئاندىن ئۆزگىلەرنى بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۆزگىنى بىلىش دېگىنىمىزدە ئۇيغۇر بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى بىلىش، ئۇيغۇر بىلەن بىللە ياشاۋاتقان خىتاينى بىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرنى بىلمىگەندە دوستىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن. خىتاينى بىلمىگەندە دۈشمەنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن. ئۇيغۇرغا جەمىيەت تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھوقۇق نېمە؟ خىتايغا جەمىيەت تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھوقۇق نېمە؟ خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇقى جەھەتتىكى پەرقلەر نېمە؟ چۈنكى بىر جەمىيەتنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى تەقسىماتىدا ھوقۇق تەقسىماتى تەقسىمات پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ھەر بىر ئادەم ئىدىيە بىلەن ياشايدۇ. ھالبۇكى رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى بەلگىلەپ تۇرىدۇ مىللەتچىلىك بىلەن تويۇنغان ئىدىلەرنىڭ تەلەپچان ھەرىكىتى دۆلەت شەكلىنى تەلەپ قىلىپ تۇرغانلىقتىن، دۆلەت توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش مىللەتچىلىك ئەخلاقى ئىدىيىلىرىنىڭ رېئاللىقى بولۇپ قېلىشى كېرەك. ياكى دۆلەت قۇرۇشنى ئويلىنىش ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك ئەخلاقى شەرتسىز قوغلىشىدىغان نىشان بولۇشى كېرەك. « دۆلەت قۇرۇشنى ئەخلاقنىڭ رېئاللىقىغا ئايلاندۇرۇش» ، « دۆلەت قۇرۇشنى مىللەتچىلىك ئەخلاقى قوغلىشىدىغان نىشانغا ئايلاندۇرۇش» مىللەت ئېڭىمىزدا ، بىلىم پائالىيەتلىرىمىزدە، ئۆرپ ئادەتلىرىمىزدە ۋاستىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەت ئۇقۇمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىمىزنىڭ دۆلەتتىن ئىبارەت« ماددى»غا ،دۆلەتتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپلىققا ھاجەتمەن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. يەككە ئادەمنىڭ كىملىك ئېڭى دۆلەت ئىچىدە سىياسىي كەيپىيات بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ھەم ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدە، پائالىيەتچان مەقسەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن خېلى زامانلار بۇرۇن سوقرات «ھەربىر ئادەم سىياسىي مەخلۇقتۇر» دەپ كۆرسەتكەندەك، ھەربىر ئادەمنىڭ پائالىيىتى مەقسەتلىك پائالىيەتلا بولىدىكەن، بۇنداق مەقسەت سىياسەتنى بىللە ئېلىپ يۈرگەن بولىدۇ. مەسىلەن، مۇستەملىكە جەمىيەتتە بىر ئادەمنىڭ مۇستەملىكە جەمىيەتكە قارشى مىللەتچى ئىنقىلابچى بولۇشى، بىر ئادەمنىڭ مۇستەملىكە جەمئىيەتنى،مۇستەملىكچى خىتاينى ياقىلاپ خائىن بولۇشى ئوخشاشلا سىياسەتكە

مەنسۇپتۇر. ھەر ئىككى تەرەپ ماھىيەت جەھەتتىن بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنپەئەتنىڭ ھەقدارىرى بولۇپ قالىدۇ. مىللەتچى، ئىنقىلابچى بولغان كىشى مىللىي مەنپەئەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. خائىن بولغان كىشى شەخسىيەتچىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. ئۈچۈنجى بىر يول يوق. بۇنداق ئەركىنلىك،ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەركىنلىكى، مەجبۇرلاشقا دۇچ كەلمىگەن ئەھۋالدا يەنە ئادەم ئۆزى بەلگىلەيدىغان ئەركىنلىكتۇر.

”دۆلەت مۇتلەق ھالدا ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئەقلىي نەرسىدۇر. چۈنكى دۆلەت سوبىستانسىيلىك ئىرادىنىڭ رېئاللىقىدۇر. دۆلەت ئۆستۈرۈلگەن، ئومۇمىيلىققا ئىگە ئالاھىدە ئۆزلۈك ئىچىدا بۇنداق رېئاللىششقا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق سوبىستانسىيلىك بىرلىك مۇتلەق بولۇپ، ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۆزىدىكى مەقسەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۆزىدىكى مەقسەتنىڭ ئىچىدە ئەركىنلىك ئۆزىنىڭ يۇكسەك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولىدۇ ،» دەيدۇ گېگېل. « دۆلەت ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئەقلىي نەرسىدۇر» بۇ نېمە دېگەن گەپ ؟ بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى دۆلەت يەككە ئىرادىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دۆلەت ئومۇمىي مىللەت ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا باشتا ئېيتقاندەك دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى تەبىئىي بولىدۇ.

«دۆلەت ئوبيېكتىپ روھ بولغانلىقتىن، بىر شەخسكە نىسبەتەن دۆلەتنىڭ گىراژدانى بولۇشتىن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت شۇ دۆلەتكە يۇقىرا بولغاندىلا ئوبيېكتىي بولۇشقا، ھەقىقەتچىلىككە ۋە ئەخلاقلىق بولۇشقا ھەقلىق بولىدۇ » دەيدۇ، گېگېل. ئۇنداق بولغاندا دۆلەت قۇرۇشقا مۇۋاپىق بولغان ھەر قانداق مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى شۇ دۆلەت ئىچىدە ئەخلاقلىق بولۇشقا، راستچىل بولۇشقا مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەلەيدىغان ئوبيېكتىپ خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشقا بولىدۇ. « دۆلەت توغرىسىدا گېرمانىيلىك پەيلاسوپ نېتشى نېمە دەيدۇ، « دۆلەت دېگەن ئۇقۇمنىڭ ياكى ئىسمىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مەن بۇ يەردە سىلەرگە بىر نېمە ئېيتىپ بەرمىسەممۇ ئۆزىدىن ئۆزى ئاشكارا بولۇپ تۇرۇپتۇ. يەنى بىر ئۈچۈم ئاق تەنلىك گۆش يېگۈچىلەر، بىر ئۈچۈم بويسۇندۇرغۇچىلار ۋە غەلىبە قىلغۇچىلار ئۇرۇشپەرەست تەشكىلاتلارنى بىر يەرگە توپلاپ ئۆلارنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ فۇنكسىيلىك

رولىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قورقۇنچلۇق تىرناقلىرىنى سوزۇپ ،ئاھالىلەر ئۆلتۈراقلاشقان ئۆلكىلەرگە ۋەھشىيلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ ، سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈپ دۆلەت قۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دۆلەت قۇرۇلۇش قۇرالمىدى. ( گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نېتشى بۇ يەردە كىنايە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك) ئۇلار ھازىرغىچە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. مانا بۇ دۆلەتنىڭ كېلىش مەنبئى ، دەيدۇ. نېتشى بۇ يەردە نېمە دېمەكچى؟ زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەت قۇرالماي ئىشنى تاماملايدۇ، دېمەكچىمۇ. قانداق؟ شۇ زوراۋانلار قانداق دۆلەت قۇرسا دۆلەت قۇرغان ھېسابلىناتتى. پەيلاسوپ گېگېلنىڭ « ئەخلاق، ھوقۇق، ئوبيېكتىپ روھ » بويىچە دۆلەت قۇرۇشنى تەكىتلىشى بىلەن پەيلاسوپنى نېتشىنىڭ زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش تەلىماتىنىڭ سېلىشتۇرمىلىق پەرقى نېمە؟ گېگېل دۆلەت قۇرۇشتا ئەقلىنى، ئوبيېكتىپ روھنى، ئەخلاقنى تەكىتلەيدۇ ، نېتشى زوراۋانلىقنى تەكىتلەيدۇ، دېيىشكە بولامدۇ؟ يەنە قارايلى نېتشى نېمە دەيدۇ ؟ « سەپسەتىچىلەر دۆلەت قۇرۇش كېلىشىم تۈزۈش بىلەن باشلانغان ئىدى دېيىشىدۇ ، مەن ئۇيلايمەن بۇنداق سەپسەتە چوقۇم چۆرۈۋېتىلىشى كېرەك. كىم قوماندانلىق قىلالىسا شۇ كىشى تۇغما خوجايىندۇر. شۇنداق كىشى باتۇرلۇق ۋە كەسكىنلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ سەھنىگە چىقالايدۇ. ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ؟ بۇ كىشىلەر كۆڭلىدە غۇدۇراپ قويىدۇ ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار خۇددى يىتىپ كەلگەن تەقدىردەك، سەۋەبىمۇ يوق، باھانىسىمۇ يوق، ئىشتىن ئاۋۋال ئۇقتۇرۇپمۇ قويمايدۇ. ئىشتىن كېيىن چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمايدۇ. » بۇ پەلسەپەنىڭ سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا دۆلەت قۇرۇش غايىپىنىڭ ئىشىمۇ، پەقەت بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىقمۇ، خۇدانىڭ كارامىتىمۇ ياكى نېمە؟ نېتشى بۇ بىر ئابزاس پەلسەپىسىدىمۇ زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. مۇشۇ تاپتا ئەلاخان سۇلتان سۇلتانلىقنى قىرغىن قىلىپ يوقاتقان روسىيەنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكى خىيالىمدىن كەچتى، سىبىرىيە دالالىرىنى، تاكى تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە تاجاۋۇز قىلىپ بېرىپ بويسۇندۇرۇپ روسىيە زېمىنىغا قوشۇۋالغان مۇراۋيېوپ خىيالىمدىن كەچتى.

ئۇيغۇرلار ئاخىرقى قېتىم قۇرغان دۆلەتنى يوقاتقان ئەنگلىيە ، سابىق سوۋېتلەر، خىتاينىڭ سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقارا ئىتتىپاقى خىيالىمدىن كەچتى. ۋەھاكازا... زوراۋانلىقلا بولىدىكەن دۇنيادا دۆلەت، دۆلەت بولالمايدۇ. دۆلەت دۆلەت بولۇپ قۇرۇلمايدۇ. ئاجىزلار، مەزلۇملار، بىچارە مۇستەملىكە دۆلەتلەر دۆلەت قۇرالمايدۇ. دېمەكچىمۇ،نېمىشقى. نېمىشقى دۆلەتنىڭ كېلىش مەنبەئى توغرىسىدىكى « كېلىشىم ، ئەھدىنامە» تۈزۈش يولى بىلەن دەسلەپكى دەۋرلەردە قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەئىنى ئىزاھلاپ كەلگەن ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ خۇبىس ۋە جون لاك قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ شۇ خىل تەلىماتىنى بۇ يەردە بىر يوللا «سەپسەتە»گە چىقىرىپ « چۆرۈپ تاشلاش»نى تەشەببۇس قىلامدۇ ؟

«ئۇلار چاقماق چاققاندەك ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ، بەك تۈيۇقسىز كېلەتتى. لېكىن كىشىنى قايىل قىلاتتى. ئۇلار غەيرىي بىر ھالدا ئادەتتىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇلار بىر ئادەم سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىششى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمىتى بىر خىل تەبىئىي ئىقتىدارنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. ھەر خىل، ھەر شەكىللىك كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كېتەلمەيدىغان تەسىراتنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەرمۇ دەل شۇلاردۇر»، نېمىشقى بۇ يەردە شۇ تەلقىنلەرنى قىلىپ تۇرغاندا شۇ تاپتا ئۇيغۇرنىڭ سەركەردىسى ياقۇپ بەگ خىيالىمدىن كەچتى، ئەلاخان سۇلتان خىيالىمدىن كەچتى، غېنى باتۇر، ئابدۇنىياز كاماللار... بۇ كىشىلەر ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى. ئەنە شۇنداق قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق تۈيۇقسىز كېلىپ ، تۈيۇقسىز كېتىپ دۆلەت قۇرغۇچىلار ئىدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، نېمە كولپاكوۋسكى، نېمە گومىنداڭ، نېمە كوممۇنىست خىتاي بۇلار باشقا بىر مىللەتقۇ. يات مىللەت ئۆزىدىن باشقا يات بىر مىللەت ياشاۋاتقان زېمىنلارغا، باشقا مىللەتلەر ياشاۋاتقان دۆلەتلەرگە نېمىشقا تاجاۋۇز قىلىدۇ ؟ ئۇ زامانلاردا مەسىلەن، كول پاكۇ ۋىسكى زامانلىرىدا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەتچىلىك، دېموكراتىيە، سىنىپى كۈرەش دەيدىغان ئۇقۇملار يوق ئىدى. پەقەت زوراۋانلىق، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە زوراۋانلىق قىلىشىدىن ئىبارەت زوراۋانلىقلا بار ئىدى. ئۇيغۇرلىرىمىز ئاقكۆڭۈل ئىدى، تەشكىللىنەلمەيتتى، ئىقتىسادىي ئاجىز،

قول سانائەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، ھەربىي قورال ياراغ ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بەرپا قىلالمايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سانائەت بەرپا قىلىش ئۈمىدلىرى بىخلانغان بولسىمۇ لېكىن شارائىت مۇمكىنلىك بەرمەيتتى. يېڭىسارنىڭ تۆمۈرچىلىرى پىچاق ۋە كەكە سوقۇپ چىقىراتتى. تارىخ ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچ سوقۇپ ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىغان. بىراق ئۇيغۇرلاردا مىللەت ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى ئىلغار زامانىۋى مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن ، ئۆزىنىڭ روزىغارىغا ئۆزى، ئۆزىنىڭ مائارىپىغا ئۆزى ئىگە بولالمىغان ئۇيغۇرلاردا مىللەت ئېڭى ئەمەس يەنىلا جىنسىي ئاڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ئەگەر خۇدا ئۇيغۇرلاردا مىللەت ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ كەلگەن دىنىي ئاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىنىي ئاڭ بىلەن مىللەت ئېڭىنىڭ بىرلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان نۇسرەت ئاتا قىلغان بولسا ئىدى ، ئىشىنىمەنكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ياشاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ ، ھەم بارلىقىنى مىللەتچىلىك بىلەن ئۆلچەيدىغان، ھەم بارلىقىنى ئىنسانىي مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر بۈيۈك مىللەتكە، بۈيۈك تارىخ يارىتالايدىغان بىر مىللەتكە ئايلانغان بولاتتى. مىللەت ئېڭى ئويغانمىغان ئۇيغۇرلار تارىخى دەۋرلەردە قانداق ياشىدى؟ « كىمكى ۋەتەن، مىللەت دەپ ياشىسا دوزاخقا كىرىدۇ»، دەپ ياشىدى. قاراڭ بۇ تەشۋىقاتنى، قەيەردىن تېرىۋالغان تەشۋىقات تېزىسى بۇ. بىر ۋەتەنپەرۋەر دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، قەيەرگە ياساپ قويغان دوزاخ ئۇ ؟! ھازىرغىچە خىتايمۇ مۇنداق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. . . مىللىتىمىز ئۇيغۇرنىڭ بىر بۈيۈك ئىسيانكار مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن ،شۇ مىللەتنىڭ شۇنداق ئىسيانكارلىقىدىن قانائەت ھېس قىلمىغان شۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ ئەدىبلىرى تۆۋەندىكىدەك شېئىرلارنى يازدى.

زور بەدەل تۆلەر دىل ئەسلەشكە بىر رەت،
ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتىنى تولغاشلىرىنى.
ئۇنتۇشچۇن بىر ئۆمۈر قىينىلار ئادەم،
ئۇنىڭ كۆك يالقۇنلۇق چوڭقۇر كۆزىنى.

رەستىنى تىنتىرتىپ كېلەر ئۇ گۇس گۇس،
ئۆلگىلى ماڭغاندەك ئۆلتۈرگىلى ھەم.
كۆڭلىكى ۋەرت - ۋەرت يېرتىلىپ تۇرار،
چىڭقالغان بەستىگە چىدالماي ھەردەم.
سەن كىم دەپ سوراشقا بولمايدۇ ئەسلا،
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئانا يەر بېرىدۇ جاۋاب:
ئۇ يۈز يىل بۇرۇنقى پىچاق ئاسقان ئەر.
ۋە يۈز يىل كېيىنكى ئەسلەنگەن ئازاب.

ئەقلى بار ئۇيغۇر بۇ شېئىرنى يادلاپ ئالدىغۇ، دەپ ئويلايمىز. بۇ شېئىردا ئۇيغۇرنىڭ ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئوبرازى يارىتىلغاندىن باشقا، ھازىرقى دەۋردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئوبرازى يارىتىلغان. شېئىردىكى ئۇيغۇر ئادەم «ئۆلگىلى ماڭغان بولسا ۋە ئۆلتۈرگىلى ماڭغان بولسا» بىز ئويلايمىز ، ئۆتمۈشنىڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە بۈگۈننىڭ ئۇيغۇرلىرىمۇ گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نىتشى ئېيتقاندەك زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرغۇچى ئۇيغۇرلارغا ئايلىنالىغان بولاتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب دۆلەت تەلىماتىنىڭ يەنە باشقىچە بايانلىرى

بىز باشتا گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ گېگىلنىڭ دۆلەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ كەلدۇق. گېگېلنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ھۆكۈملىرى بىلەن نىتشى ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىنى قىسقىچە سېلىشتۇرغان بولدۇق. ئەمدى بۇ يەردە گېگىلچە دۆلەت تەلىماتىنىڭ باشقا پەلسەپىۋى بايانلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

گېگېلچە دۆلەت تەلىماتىنىڭ پەلسەپە ئاساسلىرى گېگېلنىڭ «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. گېگېل بۇ كىتابىدا دۆلەت تەلىماتىنى يارىتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تارىخ قاراشلىرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە دۇنيانىڭ ھەقىقىي تارىخى دۆلەتلەر شەكىللەنگەن، دۆلەتلەر قۇرۇلغان ۋە دۆلەت دەپ ئاتالغاندىن كېيىن باشلانغان. دۆلەت دېگەن نېمە ؟ باشتا قىسقىچە

كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك گېگىل دۆلەت توغرىسىدا مۇنداق توختالغان ئىدى«
دۆلەت دېگەنلىك ئەقىل دېگەنلىكتۇر، دۆلەت دېگەنلىك، روھ ياكى ئەخلاقلىق
ئەقىلنىڭ رېئاللىقى دېگەنلىكتۇر.» يەنە باشقا ئابزاسلاردا گېگىل دۆلەت
دېگەن ئۇقۇمغا تەبىر بېرىپ «دۆلەت دېگەن - روھ، چەكلىك مەۋجۇدىيەت
ئىچىدە پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشقان ھالەت» دەپ (تارىخ پەلسەپەسى ماۋزۇلۇق
كىتابىدا) شۇنداق كۆرسەتكەن بولسا، «قانۇننىڭ پەلسەپە قائىدىلىرى»
ماۋزۇلۇق كىتابىدا گېگىل دۆلەت ئۇقۇمىنى بۈيۈكلۈككە كۆتۈرۈپ، «دۆلەت
تەڭرىنىڭ يەر شارىدىكى ئەقلى» دەپ كۆرسەتكەن. دۆلەت قۇرۇشتا تايىنىدىغان
بىردىنبىر ئاساس ئەلۋەتتە ئەقىل بولۇشى كېرەك؛ ئەقىل بولماي تۇرۇپ دۆلەت
قۇرۇش دېگەن بۇ پىلاننى ئەقىل ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ كېلەچەك قۇرۇشنى
قانداق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ؟ ئەقىلدىن باشقا دۆلەت قۇرۇش يەنە
نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ مىللەتنىڭ ئىرادىسىگە، بۇ يەردە ئىرادىسى دېگەننى
مىللەتنىڭ غەيرىتى، شىجائەت ۋە جاسارىتى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.
ئەقىل يۇقىرىقى شىجائەتنى، جاسارەتنى، ئىرادىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندە
ئەقىلدىكى پىكىرلەر ئاندىن ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. ئىرادە شىجائەتنى ئەقىلنىڭ
كۈچى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئاۋۋالقى شەرتلەر مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا،
بۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ دۆلەت قۇرۇشنى خىيالىغمۇ كەلتۈرگىلى
بولمايدۇ. شۇنداق شەرتلەر مەسىلەن ،ئەقىل بىلەن ئىرادىنىڭ مىللەتچىلىك
كۈچىنى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا تەييارلىماي تۇرۇپ قۇرۇلغان دۆلەتلەر ياقۇپ
بەگ دۆلىتى، سابىت داموللا دۆلىتى، ئەخمەتجان قاسىمى دۆلىتى ئارقا
ئارقىدىن ئىچكى شەرتلىرىنى تەييارلىمىغان ئەھۋالدا ئارقا ئارقىدىن مەغلۇپ
بولغان ئىدى. «تارىخ پەلسەپەسى»دە گېگىل، ئەركىنلىكنىڭ ئىشقا ئېششى
_ بۇ دۆلەت » دەپ كۆرسەتكەن. ئەركىنلىك قانداق ئىشقا ئاشىدۇ؟ دۇنيا
تارىخى بىزگە ئەركىنلىك قانداق ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ سوئال قويۇپ يەنە
تارىخ ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ئەركىنلىك بىرى ئۇرۇش، مۇستەملىكىچىلىككە
قارشى ئۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەركىنلىك تىنچ
يول بىلەن توختىماي نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىشقا
ئاشىدۇ، دەپ تەلىم بەرگەن. ئۇيغۇر 63 يىل نامايىش قىلدى، باستۇرۇلدى.

ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۇيغۇرغا ئەمدى قانداق يول قالدى؟ مىنىڭچە پەقەت خىتاينىڭ ئىچكى جەھەتتە ئۆزلىكىدىن يىمىرىلىپ گۇمران بولۇشىدىن باشقا ئۇيغۇرغىمۇ، تىبەتكىمۇ ھېچقانداق بىر يول قالمىدى. بۇ ھەقىقەتنى تارىخ تۇنۇگۇن روسىيەدە ئىسپاتلىدى. بۈگۈن ئەرەب دۇنياسىدا ئىسپاتلىدى. ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن گۇمران بولۇشى بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ ئاجايىپ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ قالدى.

گېگىل مىللەت روھىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، « مىللەت روھى دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسي ۋە دۆلەتنىڭ مەنىۋى ئاساسى» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، چاپچىپ تۇرىدىغان مىللەتكە خاس بىر روھ بولمىسا،ھاسا _ تاياق بىلەن ئاقساپ كېلىپ خىتاي تانكىلىرىنىڭ، خىتاي برونىېۋىكلىرىنىڭ ئالدىنى توسقان تۇرسۇنگۈلنىڭ روھىدەك بىر روھ بولمىسا، ئاپتوماتلىق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزىگە قولنى تىقىپ تۇرۇپ، يوقال بۇ يەردىن بۇ ۋەتەندىن، بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى، يوقال بۇ يەردىن دەيدىغان كۆك مايكىلىق قىزنىڭ روھىدەك بىر روھ بولمىسا ، خىتاينىڭ ئاتقان ئوقى يېغىپ تۇرغاندا كۆكرىكىنى كېرىپ ئالدىغا ئېتىلىپ ، يوقال خىتاي ! دەيدىغان ئىسمى نامەلۇم ھېلىقى 2 نەپەر يىگىتنىڭ روھىدەك روھ بولمىسا دۆلەت قۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ شۇنداق مىللەت روھى بارلىقىنى ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدا ۋە ھازىرقى رېئاللىقىدا كۆپ،كۆرۈپ ئۆتتۇق، پەقەت شارائىت يوق، پەقەت ئۇيغۇرنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت يوق خالاس.

گېگىل،« رېئال دۆلەت ، شۇ دۆلەتنىڭ بارلىق ئالاھىدە ئىشلىرىدا ، ئۇرۇشقا كىرىش ، سىياسي تۈزۈم قاتارلىق ئىشلىرىدا ھەممە، ھەممىسىدە... ، مىللەت روھىنىڭ ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشىدۇ»، دەيدۇ. ئەمما خىتاي سىياسەتۋازلىرى ۋە خىتاينىڭ دۆلەت تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى خىتاي مىللەتچىلىرى گېگېلنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى ئىدىيالىزملىق تەلىمات دەپ تەنقىد قىلىش ئوبىكتىغا ئايلاندۇرۇۋالدۇ. قويساڭچۇ! بىچارە خىتاي مىللەتچىلىرى،... قويساڭچۇ خىتاينىڭ باي قۇشلىرى! گېگېلنىڭ دۆلەت تەلىماتىغا قارشى قويالايدىغان بىر دۆلەت تەلىماتىنى تەبىر بىلەن ئۇقۇملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقالماي، گېگىل تەلىماتىنى ئاغدۇرۇشقا كۈچى يەتمەي، ئىدېئالىست

دەپلا پەشنى قېقىپ كېتىش، بۇ خىتايچە دانالىقنىڭ دۆلەتچىلىك تەلىماتى ساھەسىدىكى ئىپادىسىدۇر.

گېگېلنىڭ دۆلەت تەلىماتىغا قارشى ھالدا جەمىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگەندە، بەزىلەر دۆلەت، سىياسىي تۈزۈم، پۇقرالار جەمىيىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ساھەسى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەيدىغان كۆزقاراشلاردىمۇ بولۇشقان ئىدى. جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى دۆلەت فۇنكسىيىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەندە ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرتىپلىرىنى سىياسەت ئارقىلىق بەلگىلەيدىغان يەنە شۇ دۆلەت بولماي باشقا نېمە ئىدى؟ بۇ نۇقتىنى ماركس، ئەنەنىۋى كۆز قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت بەلگىلىگۈچى ئامىل، پۇقرالار جەمىيىتى بەلگىلەنگۈچى ئامىل دەپ كۆرسەتكەن. خىتايلارنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋىرى يوقمىكەنە!؟ دۆلەتنىڭ رولى نېمە دېگەن مەسىلە بويىچە ،گېگېل، دۆلەت ماسلاشتۇرغۇچى، تەرتىپكە سالغۇچى، زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما خىتاينىڭ مىللەتچى دۆلەت تەلىماتلىرى مۇنداق كۆزقاراشقا قوشۇلمايتتى. خىتاينىڭ دۆلەت قۇرۇش ئەنەنىسىگە ۋە ھازىرقى دۆلەت باشقۇرۇش چارىلىرىگە نەزەر ئاغدۇرساق، دۆلەت ئىچىدە زىددىيەت پەيدا قىلىش، زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەت باشقۇرۇش خىتاينىڭ بىردىنبىر چارىسى ھېسابلىناتتى. گېگېلچە دۆلەت باشقۇرۇش ھازىرقى زامان غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ مۇقىملاشقان بولسا، خىتايچە دۆلەت باشقۇرۇش خىتاي ۋە كوبادەك مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق ياخشى تەشكىللەنگەن بىر دۆلەتتە، پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا ھاجەتمەن بولاتتى. ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلەتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب: مىللەت روھى دېگەن نېمە؟

دۆلەت قۇرۇشنىڭ تەبئىي هالدا مىللەتنىڭ روهىغا باغلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سەترلەرنى يۇقىرىدا ئاز تولا كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ هەرقايسى ئامىللىرى _ ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللىرىنىڭ ئۆزارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختالغاندا، فرانسىيىلىك پەيلاسوپ مونتىسكىيۇ، «مىللەت روهى» دەيدىغان بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان. كېيىنچە گېگىل بۇ ئۇقۇمغا تېخىمۇ ئەتراپلىق تەبىر بېرىپ مۇهىم بىر ئۇقۇمغا ئايلاندۇرغان. مىللەتنىڭ روهى، دەيدۇ گېگېل،« بىر خىل زۆرۈر بولغان ئىزچىل داۋاملاشقان هەر قايسى باسقۇچتىكى هەر خىل پىرىنسىپ، پەقەت بىردىن بىر بولسىمۇ يەنىلا ئومۇمىي روهيەتنىڭ ئامىللىرى، بۇ ئامىللارغا تايىنىپ ئومۇمىي روه تارىختا ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىدىغان ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ. » دەيدۇ. بۈگۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روهى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر مىللەت روهىنىڭ ئىزچىللىقى ئۇيغۇرنى تارىخنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىگە ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرنى چۈشىنىشى يېتەرسىز بولۇپ قالدى. كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىخ يارىتالىدىمۇ؟ تارىخ ياراتتى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخنى يارىتىش جەهەتتە قانداق بىر مىللەتنىڭ كەينىدە قالمىدى.

مۇددىئا مەقسەتلا بولۇپ هەرىكەت بولمىسا تارىخىي هەرىكەت ۋە تارىخ بولامدىكەن ؟ مۇددىئامۇ مىللەت روهىنىڭ مۇددىئاسى، مەقسەتمۇ مىللەت روهىنىڭ مەقسىتى، هەركەتمۇ ئۇيغۇر مىللەت روهىنىڭ هەرىكىتىدۇر. ئىنساننىڭ ئىدىيىسى، قىزغىنلىقى، مۇددىئا مەقسەتلىرى تارىخنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ۋە هەرىكەتنى تارىخقا ئايلاندۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىلدۇر. گېگېل، دۇنيا تارىخى 2 خىل ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى خىل ئامىل ـ ئەقىل؛ ئىككىنچى خىل ئامىل قىزغىنلىق دەپ كۆرسەتكەن. مۇددىئا مەقسەت بەلگىلەنگەنىكەن ئارقىدىنلا هەرىكەت باشلىنىشى كېرەك. مۇددىئا بىلەن هەرىكەت بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان شەكىلدە ۋۇجۇد بولۇپ تۇرۇشى كېرەك.

بۇ يەردە گېگېل پەيلاسوپ مۇنتىسكيۇ ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتكەن مىللەت روهى دېگەن ئۇقۇمنى قانداق بېيىتقان بولدى؟ بۇ ئۇقۇم گىگىلنىڭ دۇنياغا

ۋە تارىختا ئەقىلنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەندە دەلىل كەلتۈرگەن قائىدىلىرىگە باغلىق ئىدى. جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا « دۇنيا روھى، نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن» تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا، دۇنيا روھى ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ روھى بولۇپ ئىپادىلەنگەن. گېگېلنىڭ ئىسپاتلىشىچە « مىللەت روھى» شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي تۈزۈم، ئېتىكا ئەخلاقى، قانۇن - قائىدىسى، ئۆرپ ئادەتلىرى، ئىلىم پەنلىرى ئەدەبىيات سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن، گەۋدىلەنگەن، ئىسپاتلانغان. شۇڭلاشقا مىللەت ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى بىر بىرلىرىگە زەنجىرنىڭ ھالقىسىدەك باغلىنىپ كەتكەن. زەنجىردەك باغلىنىپ بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ كەلگەن. مىللەت ھاياتىنىڭ ئاساسى،ھۇل تېشى ئەلۋەتتە بىز تىلغا ئېلىۋاتقان مىللەت روھى ئىدى. گېگېل مىللەت روھى توغرىسىدا مۇنداق توختالغان ئىدى : بىز ئېتراپ قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر مىللەتنىڭ كونكرېت روھى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم. بەلكى ئۇ شۇنداق روھ بولغانلىقتىن، ئۇنى مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئىدىيە ئارقىلىق چۈشىنىشىمىز لازىم. پەقەت شۇنداق مىللەت روھى بولغاندىلا شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى، نىشانىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇ روھ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش مىللەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مىللەتنىڭ ياراتقان ئەڭ بۈيۈك نەتىجىسى ئۆزىنى بىلىش بولۇپ قالىدۇ. » گېگېلنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ بىز ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئەلۋەتتە ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىمىز. ئېتراپ قىلغاندا مىللىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر بىرلەپ ساناپ بېرىمىز. ئۇيغۇرنىڭ مىللەت روھىغا بېرىپ تاقالغاندا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت روھى مۇشۇ، مۇشۇ ھادىسە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كونكرېت مىللەت روھى بولىدۇ، دېيەلەيمىزمۇ، - يوق؟ مىللىتىمىزنىڭ كونكرېت روھىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويالايدىغان بىردىنبىر ھادىسە، مىللىتىمىز ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىسىدۇر. شۇنداق ئىكەن، مىللىتىمىزنىڭ ئىدىيىسى قانداق پەيدا بولىدۇ ۋە قانداق يوقولۇپ تۇرىدۇ؟ يەنە مىللىتىمىزنىڭ ئىدىيىسى مىللىتىمىزنىڭ ئېڭىدا قانداق ساقلىنىپ تۇرىدۇ؟ مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ شۇنداق ئىدىيە ئىكەنلىكىنى، نېمە

ئارقىلىق، قانداق ئىسپاتلايدۇ ؟ مىللىتىمىز ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى نېمە؟ ئىدىيىمىز قوغلىشىدىغان نىشانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاكى شۇ نىشاننىڭ مەزمۇنى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرى زادى نېمە؟ مىللىتىمىز ئىدىيىسى قوغلىشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نىشان ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشمۇ ياكى دوزاخقا كىرىشلىمۇ؟ مىللىتىمىز پانىي ئالەمنىڭ جەننىتىنى قوغلاشامدۇ، مىللىتىمىز خىتاينىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ھەرگىز ئويلاشامدۇ؟ ئويلىشىدۇ، ئەلۋەتتە ئويلىشىدۇ! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەت روھىنىڭ ۋە مىللەت ئىدىيىسىنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانلىرىدۇر ۋە مىللەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاستىلاردۇر. مىللەتنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىك - مىللەتنىڭ كۈچى بىلەن مىللەت نىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى رېئال، ئەمەلي ئىسپاتلاش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئاۋۋال مىللەت ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ ئىدىيىسى زادى قانداق ئىدىيە؟ خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش « بۇ ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ زامانىمىزدىكى ئىدىيىسىدۇر، مىللەتنىڭ روھى، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويغان كۈندىن باشلاپ رېئاللىقنىڭ ئېچىدە مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغۇچە مىللەتچىلىك ئىرادىسىنى ۋاستە قىلىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك مىللەت روھى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، مىللەتچىلىك ئېڭىنى ھەرىكەتكە يېتەكچى قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ تىلى، دىنى ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئالەم قارشى ، دۆلەت قارىشى پەرقلىق بولىدۇ. سېلىشتۇرغاندا نۆۋەتتە باشقا مىللەتلەرنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تۇتقان ئورنى بىلەن مۇستەملىكە ئۇيغۇرنىڭ تۇتقان ئورنى پەرقلىق بولغانلىقتىن ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ئورنى يوق، مەھكۇم مىللەت ئۇيغۇر دۇنيادا ھوقۇقى يوق مەزلۇم مىللەتتۇر.

ۋەتەنداشلارغا تونۇشلۇق بولغان بىر مىسالنى يەنە ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويايلى. دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن ئەرەبلەر، ئوردۇلار، تۈركلەر ۋە باشقىلار ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا بۇ مىللەتلەر

باشقا باشقا مىللەتلەردۇر. بۇ مىللەتلەر دىنى ئېتىقاد جەھەتتە ئېتىقادى بىر مىللەت بولسىمۇ، لېكىن مىللەت قېرىنداشلىقى جەھەتتە ئۆزئارا ھەر قانداق يېقىنچىلىقى، قانداشلىقى يوق مىللەتلەردۇر. مىللەت روھى بىلەن دىنىي ئېتىقاد روھىنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەرچە قان بىلەن گۆش نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىشقا بولسىمۇ، شۇ تەرەپ ھەممىمىزگە ئايانكى، قان بىلەن گۆش نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدىغان مىللەت روھى بىلەن دىنىي ئېتىقاد روھىنىڭ شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە خاسلىقى بولىدۇ. قان، قان سۈپىتى بىلەن قان بولغانىدەك، گۆش گۆش سۈپىتى بىلەن گۆش بولىدۇ. تۆرۈك ئېتىنىك قۇرۇلمىسى بويىچە تۆرۈك؛ ئوردۇ ئېتىنىك قورۇلمىسى بويىچە ئوردۇ بولىدۇ. ئەرەب ئېتىنىك قۇرۇلمىسى بويىچە ئەرەب بولغاندەك، پارسلار ئېتىنىك قۇرۇلمىسى بويىچە پارس بولىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ھەر قانداق بىر دۆلىتى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى، سىياسى تەلەپلىرى توغرىسىدا ھەرقانداق بىر سىياسىي ئىپادە بىلدۈرگىنى يوق. پەقەت تۈرۈكلەرنىڭ دۆلەت باقانى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ ئۆتتى. شۇڭا نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار تاللاپ ئالىدىغان ئىزىم ئىنتېرناتسىئونالىزم ئەمەس، يان ئىسلامىزم ،يان تۈركىزممۇ ئەمەس، ئەرەبىزىممۇ ئەمەس. ئۇيغۇرلار تاللاپ ئالىدىغان ئىزىم ئۇيغۇرىزىم ۋە مىللەتچىلىكتۇر. تار مىللەتچىلىك دەيدىغان تەبىرى يوق ئۇقۇملارنى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن يات - يات ئاڭلاپ تۇرىمىز. دۇنيادا نەزەرىيە ساھەسىدە ۋە ئەقلىي مەنتىقە ساھەسىدە تار مىللەتچىلىك ۋە كەڭ مىللەتچىلىك دەيدىغان ئۇقۇملار بولغان ئەمەس. پەقەت مىللەتچىلىكلا بولغان خالاس.

ۋەتەن ئىچىدە تور بەتلەردە ، « مىللەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىزمۇ ياكى دىنى ئېتىقادنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىزمۇ؟» دەيدىغان ئىلمىيلىك يوق مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. مېنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى، ئاۋۋىلى مىللەت، ئاندىن كالام - دىنىمىز ئىسلام دېسەك بولىدۇ. ئىسلام دىنى مىلادىيە يەتتىنچى ئەسىرلەردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا يەر شارىدا ئۇيغۇرلار بار ئىدى، مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى ئەسىرلەردە، ئۇيغۇر دېگەن ئىسمىغا ئېرىشىپ ئۇيغۇر مىللىتى، مىللەت بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان.

تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قانداق بىر باسقۇچى ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتنىڭ بىر ھالقىسى بولىدۇ. تەرەققىياتنىڭ بىر باسقۇچى بىلەن يەنە بىر تەرەققىيات باسقۇچى پەرقلىق بولىدۇ. ھەم تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا ھەربىر باسقۇچنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پرىنسىپى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ 3 قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇشى ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ باسقۇچ دەپ ئاتىلىپ ئاتىلىدىغان بولسا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا خەلقئارا كۈچلەرنىڭ زەربىسى ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى مۇنقەرز بولۇپ، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئەللىكىنچى يىللىرىدا بۇختاينىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى ئۇيغۇر تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان باسقۇچلىرىدۇر. ھەر بىر باسقۇچقا شۇ مىللەت روھنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا 3 قېتىم دۆلەت قۇردى. بىراق، ئۇيغۇر دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىپ باقمىدى. دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بىر مىللەت ئۇيغۇرنىڭ روھى گەۋدىلەندىغۇ، ـ دېيىلىدىغان بولسا ، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. گەۋدىلەنگىنى ئۇيغۇر مىللەت روھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇماسلىق، ئەرەبنىڭ سەللىسىگە چوقۇنۇپ تۈركنىڭ يەللىسىگە ئۇسۇپ، ياشاپ كەلگەن بىر ھايات ـ نادانلىق، ئۇيغۇر تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئاشكارىلانغان، گەۋدىلەنگەن ئۇيغۇر مىللەت روھنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ناھايىتى ئېغىر مىللەتنى تونۇماسلىق، ئاڭسىزلىق، ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمدىن ۋاز كېچىش ئۇيغۇرنىڭ مىللەت روھنى تونۇشىغا مۇمكىنلىك بەرمىدى. 1950 ـ يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كوممۇنىست بولۇپ كىرگەن ختاينىڭ پارتىيىسى 1955 ـ يىلى سابىق سوۋېتلەر ۋەكىل قىلىپ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن قازاق قونانبايېپ نىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ ۋە ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن « ئەللىكبىرچىلەر» تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا « ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش تەكلىپىنى ئىجابىي جەھەتتە ئىنكار قىلىپ، سەلبى جەھەتتە قوبۇل قىلىپ ئەسلىدە، « شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى» قۇرماقچى بولغان ختاي مۇستەملىكچىلىرى «ئۇيغۇر » دېگەن ئىسىمنى قوشۇپ ئاتاشقا مەجبۇر بولۇپ،

« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » قۇرۇپ چىققانىدى. ئۆزىدىن باشقىلارغا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرمىغان ئۇيغۇرلارغا قاراپ باقايلىچۇ، تارىخنىڭ ھەر قانداق دەۋرىدە ئېرىشكىنى زادى نېمە؟ ياكى ئەرەبنىڭ شاپاغىتىگە، ياكى تۈرۈكنىڭ پاراغىتىگە ئېرىشكىنى يوققۇ. مىللەتلا بولىدىغان بولساڭ ھەممىنى ئۆزۈڭدىن كۈت، شاپاغەتنىمۇ، پاراغەتنىمۇ ئۆزۈڭدىن كۈت. ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ، مۇستەقىللىق تىلەمچىلىك بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار شۇنداق چۈشەندىمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى مۇشۇ تارىخىي دەۋرلەردە تەرەققى قىلدىمۇ؟ ئاۋۋال تەرەققىي قىلىشقا تېگىشلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىسادى، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتى، ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇلمىسى ھالەتلىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرنىڭ ئالەم قارىشى، ئۇيغۇرنىڭ تەبىئەت قارىشى، ئۇيغۇر روھىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، بىر مىللەت ئۈچۈن ، بىر جەمىيەت ئۈچۈن تەرەققىيات دېگەن زادى نېمە؟ تەرەققىيات زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ تەرەققىي قىلدىمۇ؟ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى زادى قانداق ھالەتتە ئىدى؟ ئۇيغۇرنىڭ مائارىپى ئوتتۇرا مائارىپ ياكى تولۇق ئوتتۇرا مائارىپ سەۋىيىسىگە يېتەلىگەنمىدى؟ ياكى دىنىي مائارىپ سەۋىيىسىدىلا توختاپ قالغانمىدى؟ ئەگەر يېتەلمىگەن بولسا بۇ تېخى تۆنۈگۈنكى ئىشقۇ!؟ ئالىي مەكتەپ دېگەندىمۇ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تېخنىكىلىك بىلىم قۇرۇلمىسى زاماننىڭ دۇنياۋى تەلەپلىرىگە پاراللېل بولالامدۇ؟ پاكىتسىز بىر نېمە دېمەك بەك تەس. تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنىڭ پرىنسىپى توغرىسىدا گېگېل قانداق توختالغان ئىدى؟ گېگېل ئۆزى تىلغا ئېلىپ ئىسپاتلىغان پىرىنسىپنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان قانۇنىيەت دەپ شەرھلىگەن. تەرەققىيات گېگېلنىڭ نەزەرىچە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەرەپ چۈشىنىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى مەنىۋىيەتنىڭ، روھىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى دەپ شەرھلىگەن گېگېل،« تەرەققىيات پرىنسىپى، ئىنتايىن كەڭ بىر پىرىنسىپنى ـ ئىچكى بەلگىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسلىدە بار بولغان، ئۆزىنى زاماننىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، بۇ

بارلىق تەرەققىياتنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئۇيغۇر مۇستەملىكىغۇ، ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشى مۇمكىنمۇ ؟ تەرەققىياتنى قويۇپ تۇرايلۇق، ھازىر ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى يوقىلىۋاتىدۇ.

ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولغانلىقى ئادەم تەبىئەتكە ماسلىشىپ تەبىئەتتىن ئېلىپ تەبىئەتكە قايتۇرۇپ ياشاپ كەلگەن. ئىنسانلار ئىلىم پەننى ئىجاد قىلىپ، تېخنىكا ئىختىرا قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىپ ھازىر 21 ـ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم پەن سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قەيەرلەردە قېلىپ قالدى؟ تۇرمۇشىمىز قەيەرلەردە قېلىپ قالدى. ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق قىلىۋاتىدۇ دوستۇم. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. دوكتورلىرىڭدىن تارتىپ دېھقانلىرىڭغىچە بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش بولدى؟ بىر ئۇيغۇر بويىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقالىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئايروپىلاننىڭ ئەڭ مۇھىم بىرلا ۋىنتىسى بار. بۇ ۋىنتا ئايروپىلاننىڭ قايسى يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇيغۇر بۇنى بىلەمدۇ؟ ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ يانچۇقىدا تېلېفون تۇرۇپتۇ، ئۇيغۇر بۇنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمدۇ؟ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇغاندىمۇ،بۇ مائارىپ مۇستەملىكە مائارىپىغۇ!؟ كىمدۇر، بىرسى «ئۆپكە ـ ھېسىپ سېتىنچىلىقى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان مىللەت»، دېگەنىكەن. ئەمدى بۇگۇنچۇ ؟ قوي بورداپ ،كالا بورداپ سېتىپ پۇل تېپىش؛ ئۇيغۇرنىڭ سانائىتى نېمە؟ ئارمان تالىقنى ياساپ سېتىش ۋەھاكازا... ختاي سېنىڭ بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويمىدىغۇ. يېقىندا تور بېتىدە بىر خەۋەر كۆرۈپ قالدىم. 20 يىل پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا، 4 مىليون ئۇيغۇر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ قاتارغا قوشۇلۇشىنى چەكلەپ قاپتۇ، توسۇپ قاپتۇ، ئۇيغۇرنىڭ كۆپىيىشىگە يول قويماپتۇ. 4 مىليون ئادەم بۇ ئادەم ئۇيغۇر ئادەم بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر ختايغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇيغۇر ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى بىلەن ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈشىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسا ، يا بىر مىليون ئادەم ئۆلەر ئىدى، يا 2 مىليون ئادەم

ئۆلگەن بولار ئىدى. لېكىن، خىتاي 4 مىليون ئادەمنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالمايتتى. ئۇيغۇر بۇ قەيسەر مىللەتكە يول قويغان بولاتتى. ئۇرۇمچىدە چىقتى ئۇيغۇر، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. توقسۇنلۇق چىقتىمۇ، تۇرپانلىق چىقتىمۇ، ھەممىسى ھەر تەرەپتىن چىقالىدۇقمۇ؟ لېكىن ئۇيغۇرلار بۇنداق تەلەپكە لايىق قەيسەرلىك قىلالمىدۇق. ئۇيغۇرنىڭ تىلىمۇ شۇنداق يوقىتىشقا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنىلا قايتا يېڭى بىر قارشىلىق كۆرسىتەلمىدۇق. ھېچ ئىش قىلالمىدۇق. قەيسەرلىك قىلالمىدۇق...

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئاڭ ۋە مىللەت ئېڭى توغرىسىدا چۈشەنچىلەر

ئادەم ئاڭلىق بولىدۇ، ئاڭلىق بولمىسا ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ئىچىدە ھېچ نېمىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ئاڭ دېگىنىمىز ئاددى ئېيتقاندا ياخشى يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئېڭى، ئەخلاق ئېڭى دېگىنىمىزمۇ ياخشى يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئېڭى دېگەنلىكتۇر، ئاڭ ئادەتتە ھالقىپ كېتىش خاراكتېرلىك، خاھىش خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ. ئادەم رېئال تۇرمۇشتا ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ قېلىپلاشقان ئەخلاق ئېڭىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ، مەيلى ئەمەل قىلسۇن كىشىلەر ياكى ئەمەل قىلمىسۇن ئادەملەرنىڭ ھەددى-ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ قېلىپلاشقان ئۆلچىمى دائىرىسىدە بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ قېلىپلاشقان ئېڭى پەقەت جەمئىيەتنىڭ قېلىپلاشقان ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قېلىپلاشقان ئاڭ ئۆرپ-ئادەتلىك بولىدۇ، قائىدىلىك بولىدۇ، دىنى ئېتىقادلىق بولىدۇ، ئەنئەنىۋى بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ شەكىللىرى يېڭىلىققا ئىنتىلىش، يېڭى ئىدىيىۋى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشقا بەك ئاكتىپ كېلىدۇ. بىراق ياخشى يامانىنى ئايرىش سۆزگۈچى، ياخشى يامانىنى پەرقلەندۈرۈش سۆزگۈچى-ئەقىل، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىي ۋە ئاڭقىرىش ئېڭىدا سۆزگۈچ يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى پىرىنسىپ بويىچە پەرقلەندۈرەلمەي، شەيئىلەرگە بىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ھالدا ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش خاھىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇيغۇر

مۇستەملىكە بولۇپ قالغان 1884 ـ يىلىدىن كېيىنكى 130 يىللىق تارىخ، غەلىبە قىلىش يەنە مەغلۇپ بولۇش بىلەن خۇلاسىلانغان تارىخ بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقەتكە ۋە چىنلىققا ئىزدىنىش ئېڭى ھازىرقى مۇستەملىكە جەمىيەتتە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى؛ ئۇيغۇرنىڭ ئاقىلانىلىققا ئىزدىنىش ئېڭى خىتاينىڭ بۇددىزملىق ئەخلاقىنىڭ ۋە خىتاينىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئىسلام دىنى تەلىماتى بويىچە تۇرمۇش گۈزەللىكىگە، ئەخلاق گۈزەللىكىگە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە بەدىئى تەسۋىرى گۈزەللىكىگە، ئەخلاق گۈزەللىكىگە، ئەھلى ئادالەت گۈزەللىكىگە ئىزدىنىش ئېڭى خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كەلدى. ئۇيغۇرنىڭ ئادالەتنى ياقىلاش ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئادالەتكە ئىزدىنىش، ئادالەت قوغلىشىش ئېڭى رادىكالىست ۋە مىللەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەندى. ئۇيغۇرنىڭ ئەركىنلىككە ئىزدىنىش ئېڭى ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟! ئۇيغۇرنىڭ باراۋەرلىككە ئىزدىنىش ئېڭى كەمسىتىشنىڭ، خورلاشنىڭ، ئايىغ ئاستى قىلىشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇلدى. باراۋەرلىككە ئىزدىنىش ئېڭى مۇستەملىكە جەمىيەتتە سەن خىتاي مەن ئۇيغۇر بولۇپ باراۋەر ياشايلى دېگەنلىك ئەمەس، سەن دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندەك، مەنمۇ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك؛ سەن بەختلىك ۋە ھوقۇقلۇق ياشاشقا ھوقۇقلۇق بولغاندەك، مەنمۇ ھوقۇقلۇق بولۇشۇم كېرەك؛ سەن خەلقارا سەھنىدە بىر مىللەت خىتاي بولۇپ ياشىغاندەك مەنمۇ خەلقارا سەھنىدە بىر مىللەت ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشىم كېرەك، دەيدىغان مۇرەككەپ ئىزدىنىش بولۇپ، 2009 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش بىلەن كۈچ كۆرسەتكەنلىكى ئۆزىنىڭ كۈچىنى سىياسىي تەلەپلىرىنى نامايىش ئارقىلىق ئىسپاتلىشى، ئىپادىلىشى يۇقىرىقى ئۇيغۇر ئاڭ شەكىللىرى نىشانلىغان نىشانىغا يېتىشنى مەقسەت قىلغان. يۇقىرىقى ئاڭ شەكىللىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئاڭ شەكىللىرى بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزارا ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئاڭ شەكىللىرىدۇر. ئىدىيىۋى تونۇش بىلەن ئۇيغۇر ھەددى ـ ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكىدىن يۇقارقى ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ئۆزارا باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

ساھەسىدە ئاڭ توغرىسىدا، ئاڭ ـ دەسلەپكى ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ دەيدىغان كىشىلەر ئاسانلا چۈشىنەلمەيدىغان ئۇقۇملار پەيدا بولدى. فىرئود يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەقسىتى ئىنسانىيەتنى يوشۇرۇن ئاڭنى قويۇۋېتىشكە رىغبەتلەندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن يوشۇرۇن ئاڭنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىش؛ ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەجرىبىلەشكەن ئاڭنى بېسىپ چۈشۈش؛ يوشۇرۇن ئاڭنى ئاڭ ياكى دەسلەپكى ئاڭغا ئۆزگەرتىش دەپ كۆرسەتكەن. («فانتازىيەنىڭ زەنجىر ھالقىلىرىدىكى بۇ قىرغاق» ماۋزۇلۇق كىتابىدا خىتايچە نەشرى) فىزئود، روھىي كېسەللەرنى داۋالاش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى ئارقىلىق روھىيەت، پسىخولوگىيە ساھەسىگە بىر قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. بۇ يەردە «يوشۇرۇن ئاڭ» دېگەننى ئاددىيلاشتۇرۇپ كىشىلەرگە ئاشكارا ئېيتقىلى بولمايدىغان جامائەت سورۇنلىرىدا ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان، جەمىيەت ئېتىراپ قىلمايدىغان ئاڭ؛ ئاڭ ياكى دەسلەپكى ئاڭ دېگەن ئۇقۇمنى ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تونۇشلۇق بولغان ئاڭ پائالىيىتى، جەمىيەت ئېتىراپ قىلغان، قوللىنىشقا بولىدىغان، سۆزلىشىشكە، سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا بولىدىغان ئاشكارە ئاڭ پائالىيىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، نۆۋەتتە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا، مۇستەقىللىق ئۇيغۇرنىڭ ئاڭ تەۋەسىگە ۋە پائالىيىتىگە تەۋە ئۇقۇم دەپ قارايلۇق، زوراۋانلىق ئالدىدا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ئېڭى "يوشۇرۇن ئاڭ"غا تەۋە بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم ھەر قانداق سورۇندا بۇ توغرىدا پاراڭ قىلالمايدۇ. كومپارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياقلاش،" مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى"نى داۋراڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇش ئۇيغۇرنىڭ ئېڭى ياكى دەسلەپكى ئېڭىغا تەۋە ئاڭ پائالىيىتى بولغاندا مەۋجۇت مۇستەملىكە جەمىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىش ئەكەن ئاڭ پائالىيىتى بولۇپ قالىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى بىلەن دەسلەپكى ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى روھىيەتلىك زىددىيەتلەر ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى زامان روھى ھالىتىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر زىددىيەتلىك ئامىل بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولمىسىمۇ، ئەمما ئەنە شۇنداق روھى ئازاب ئىچىدە ياش تۇرۇپلا بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە قايتىشقا باشلىدى.

پسىخولوگ فرىئود يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئاڭنىڭ يەنى دەسلەپكى ئاڭنىڭ پەرقىنى ئىنسانىيەت پسىخولوگىيىسىدە پەللىرىدىن قول سېلىپ پەرقلەندۈرگەن. ئەگەر ئادەمنىڭ پسىخىك، روھىيەتلىك قۇرۇلمىسىنى دېڭىز ئۈستىگە لەيلەپ چىققان مۇز تاغقا سېلىشتۇرساق، بۇ تاغنىڭ دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ تۇرغان قىسمى "يوشۇرۇن ئاڭ" بولىدۇ. بۇ تاغنىڭ سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان قىسمىنى ئاڭغا ۋە ئادەمنىڭ دەسلەپكى ئېڭىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. فرىئودنىڭ قەلىمىدە "ئاڭ"، ئىنسان ئەقلىنىڭ بىر قىسمى؛ " يوشۇرۇن ئاڭ" ئىنسان ئەقلىنىڭ غەيرى ئەقلى قىسمىغا تەۋە بولىدۇ. بۇنى ئەقىل ۋە غەيرى ئەقىل، ئىدراك ۋە ھېس تۇيغۇ دېگەندەك، كونا گەپلەر بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. گېرمانىيىلىك يەنە بىر پسىخولوگ فروم، "ئاڭ" ۋە "يوشۇرۇن ئاڭ"نى فرىئودنىڭ مۇنداق تەھلىل قىلىشىغا قوشۇلمايدۇ. ئۇ ئاڭ توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ، "دەسلەپكى ئاڭ" ۋە" يوشۇرۇن ئاڭ" ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەئەللۇق بولغان روھى ھالەت. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت، ئاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بايقىۋېلىنغان ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە تەجرىبىلەر؛ بۇنىڭ ئەكسىچە يوشۇرۇن ئاڭنىڭ كۆرسەتمىسى ـ ئادەمنىڭ تېخى بايقىۋېلىنمىغان ھېسسىيات، ئارزۇ تەجرىبىلىرىدۇر فورون، (« ئەركىنلىكتىن قېچىش» ماۋزۇلۇق كىتابىدا ) دەيدۇكى، فرىئود تەكىتلىگەن ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ مەۋجۇت ئەمەس، مەۋجۇت ھادىسە پەقەت بىزنىڭ بايقىۋېلىنغان تەجرىبىلىرىمىز ۋە بايقىۋېلىنمىغ انتەجرىبىلىرىمىزدۇر. يەنى بايقىۋېلىنمىغان تەجرىبىلىرىمىز دېگەندە تېخى ئاڭغا ئېلىنمىغان تەجرىبىلەر، دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا بىز تەكىتلەۋاتقان مىللەتچىلىك فرىئودنىڭ تەلىماتى بويىچە يوشۇرۇن ئاڭغا تەۋە بولسا، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ دەسلەپكى ئاڭغا ئاستا ئاستا ياكى سەكرەش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى ئارقىلىق مىللەتچىلىك دەسلەپكى ئاڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆچۈپ كېلىدۇ. بۇنداق تەۋە بولۇش پسىخولوگ فرومنىڭ تەلىماتى بويىچە تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن تەۋە بولۇش ھېسابلىنامدۇ؟ تەجرىبە دېگەن نېمە؟ تەجرىبە ماددا ئەمەس كۆرگىلى تۇتقىلى بولمايدۇ، تەجرىبە بەرھەقكى، سۇبيېكتقا تەۋە تەجرىبىدۇر. يەنى تەجرىبە يەنە ئاڭغا تەۋە بولىدۇ. قانداق تەۋە بولىدۇ؟ ئاڭغا ئېلىنغان،

بايقۇۋېلىنغان، سەزگۈدە ھازىر بولغان رېئال دۇنيا ھادىسىلىرى مەسىلەن، ”ئۇ ختاي مەن ئۇيغۇر“ دەپ سېلىشتۇرۇش ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرى ساھەسىدە سېلىشتۇرۇش، مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى ساھەسىدە سېلىشتۇرۇش، ياشاش رىقابىتى دائىرىسىدە سېلىشتۇرۇش بۇنداق سېلىشتۇرۇشنى ”بايقۇۋېلىنغان ھېسسىيات“ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەنە ”بايقۇۋېلىنغان ھېسسىيات“نىڭ كۆچى ئارقىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىمىزگە ئېلىپ كىرىپ، ”سەن ختاي، مەن ئۇيغۇر“ دەيدىغان سېلىشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى تەجرىبىلەشكەن ئاڭغا ئايلاندۇرۇش ـ مانا بۇ مىللەتچىلىك، مانا بۇ ئاڭ پائالىيىتى، مانا بۇ مىللەت ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىشى زېمىنى، مەنىۋىيەت، روھىيەت، ئاڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىدۇر. تەجرىبىلەشكەن ئاڭ بۇ يەردە مىللەتچىلىك ئېڭى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمدى كېلەيلۇق، تەجرىبىلەشكەن ئاڭنى قانداق قىلىپ مەقسەتلىك ئاڭغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاڭغا ئايلانغان تەجرىبىگە نىسبەتەن مەقسەتلىك ئاڭ تەپەككۇرى بويىچە تەشكىللەنگەن كاتېگورىيىنى چۈشىنىشىمىز لازىم بولىدۇ. بىلىپ يەتكەن كاتېگورىيەلەر سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا ئاندىن قەلبىمىزدىكى ھېسسىيات تەجرىبىلىرىمىزنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

مەسىلەن، ھازىرمۇ دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر جەمىيىتىنى، سانائەتلەشكەن ختاي جەمىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان ئوتتۇرىدىكى پەرق، داۋاملىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىغا تاشلىنىپ تۇرسىمۇ بۇ پەرقلەر توغرىسىدا ئۇيغۇرلار دەرھال بىر ئۇقۇم ۋە بىر كاتېگورىيە يارىتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە يارىتىش مۇھىتى ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر جۇرئەتلىك مۇنازىرىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەر ساھەسىدە بىر ئۇقۇم يارىتالمايدۇ. باشتا كۆرسەتكەندەك، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئوقۇم يارىتالمىغان جەمىيەتنى تەرەققىي قىلغان جەمىيەت دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. لېكىن سانائەت مەدەنىيىتى جەمىيىتىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئۇقۇملارنى يېزا ئىگىلىك جەمىيىتىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىق قىلىشقا بولامدۇ؟ بۇنداق تەدبىق

قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ يازغۇچى تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ مودېرنىزىمنى تونۇشتۇرۇپ يازغان كىتابنى يازغان كىتابنى پۇلغا سېتىپ ئالىدىغان ئادەم چىقمىغاندەك، بىر ئۆزبېكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا 600 يۈئەنگە بىلەت ئېلىپ، بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ يېزىلغان بىر پارچە كىتابنى ئالىدىغان ئادەم چىقمىغان بىر جەمئىيەتتە بىزنىڭ يازغان كىتابلىرىمىزنىمۇ ئالىدىغان ئادەم، ئۇيغۇر ئادەم چىقماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىمىز ئېپتىدائىي ئاڭقاۋلىق سەۋىيىسىدە ياشاپ تۇرۇپ، 21 - ئەسىرگە بويۇنداپ قارىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قانچىلىك؟!

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولايلۇق، ھېسسىيات تەجرىبىسىنى پەقەت بىر ئۇقۇم سىستېمىسى دائىرىسىدىلا بايقىۋالغىلى بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇقۇمغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغىلىمۇ بولىدۇ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەت سۆيەرلىك بابىدا بىلىش كۆچمىزگە تايىنىپ ئادەتكە ئايلاندۇرغىلىمۇ بولىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ شەكىلگە كېلىشىمۇ، جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل. بولۇپ قالىدۇ. پسىخولوگ فروم: ”ھەربىر جەمىيەت، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھېسسىيات ۋە سەزگۈ ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، بىلىش شەكلى سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كاتېگورىيەنى يارىتالايدۇ“ دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر جەمىيىتى ئۆزىگە كېرەك بولغان ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيىلەرنى يارىتالايدىغان، كوللېكتىپ مىللەت ئېڭىنىمۇ يارىتالايدىغان مىللەت مەنپەئەتى قىزغىنلىقى ئۆزگىچە بولغان بىر جەمىيەت ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوقتۇر. بىراق توساقلارغا نېمە چارە؟ دېمەك، بىلىش مىللەتنى بىلىش، مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانى خىتاينى بىلىش دېيىلىدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا بۇ بىلىش مېتودى ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى تەجرىبىلەشكەن ئاڭ ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەندە، بىز تەكرارلايدىغان ۋە داۋاملىق تەشەببۇس قىلىدىغان مىللەتچىلىك، مەقسەتلىك ئاڭ، سىياسىي مەقسەتنىڭ ئۇقۇملاشقان شەكلىگە كەلگەن بولىدۇ. دېمەك، بىۋاستە سەزگۈر مىللەتچىلىكنىڭ ئاساسى، ئىدراك مىللەتچىلىكنىڭ ئەقلىي جەريانى بولىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب: ئادالەت ۋە ئادالەت تۇيغۇسى

ئادالەت، بۇ ئۇقۇم ۋە بۇ ئۇقۇمنىڭ شەرھىسىگە مۇۋاپىق تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمىسىنى، ئادالەت بۇ ئۇقۇمنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلمىسىنى بىر جەمىيەتنىڭ جەمىيەت بولۇشىدا تۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان بىر پرىنسىپ دېيىشكە بولىدۇ. ئادالەت مەسىلىسى شۇڭا ئەخلاق پەلسەپەسى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مۇئەممالارنىڭ بىرىسىدۇر. مۇستەبىت دۆلەتلەردىن باشقا ئامېرىكىدەك دېموكراتىك ئەللەردە، "ئادالەت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى قىممىتى، خۇددى ھەقىقەت ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ ئاۋۋالقى قىممىتى بولغاندەك، ئەڭ ئاۋۋالقى قىممىتى بولۇپ كەلگەن. مۇئەييەن دۆلەتنىڭ تۈزۈمى - ئىجتىمائىي تۈزۈمى ناۋادا ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلمايدىغان بولسا، مەسىلەن، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادىل قانۇن بىلەن ئۆرە تۇرمايدىغان، قانۇن بىلەن ھىمايە قىلىنمايدىغان بولسا، بۇنداق جەمئىيەتنى پۇقرالارنىڭ دوزىخى دېيىشكە بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى پىكىرلىرىدە، ھەددى - ھەرىكىتى، سالام سەھەتلىرىدە ھەقىقەتنىڭ ئىزناسى، ئەھلى ئادالەتنىڭ ئىزناسى بولمىسا ئۇنىڭ خۇي - پەيلى، ھەرىكەت قىلىقلىرى، يازغان ئەسەرلىرى چىنلىق ۋە ھەقىقەتتىن يىراقلا بولىدىكەن. بۇنداق ئىدىيەنى، سالام - ساھەتنى سەممىي دېيىشكە بولمايدۇ. ھەربىر ئادەم چېقىلغىلى بولمايدىغان، ئادالەت پرىنسىپى ئاساسىدا جەمئىيەتتە ياشاشقا، جەمىيەتنىڭ بارلىق نېمەتلىرىدىن ئەمگەك ۋە ئۆزىگە خاس ھوقۇق ئارقىلىق بەھرىمان بولۇشقا يوللۇق بولىدۇ، ھوقۇقلۇق بولىدۇ. ھەربىر ئادەم شۇنداق ھوقۇقلۇق بولۇشنى، شۇنداق يوللۇق بولۇشنى ئۆزىگە خاسلىق دەپ قارىغان ھەر بىر ئادەم، ئادالەت ئالدىدا ئوخشاشلا ھېچكىم ھېچكىمگە چېقىلالمايدۇ، چېقىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ختايدىن باشقا ھەربىر ئادەم ئەنە شۇنداق ئادالەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ.

"ياخشى تەشكىللەنگەن بىر جەمىيەت، شۇ جەمىيەتنىڭ ئاشكارا ئادالەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن تەشكىللەنگەن جەمىيەتتۇر. بۇ پاكىت، بۇ جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى بىر خىل ئادالەت پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان دائىم دېگۈدەك، كۈچلۈك ئۇنۇم بېرىدىغان ئارزۇغا

ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ“ بۇ ئارزۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىپ، تەلەپچان ھەرىكەت شەكلى بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ، جەمىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ يەنە شۇنداق تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ، مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ ئادالەت پرىنسىپىنى تەشكىللەيدۇ ۋە شۇ جەمىيەتنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئادالەت پېرىنسىپى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بىر جەمىيەتتە باراۋەرلىك ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى ئادالەت پرىنسىپلىرى بويىچە بەلگىلەنگەن بولىدۇ، قانۇن ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئەخلاقى ئادالەتنىڭ كاپالىتىگە، دېموكراتىك ئەللەردە ھەتتا قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەن ھوقۇق، مەنپەئەت بولۇش ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقلىرى نەسىھەتنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغا، نە باشقا مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا دۇچار بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر مىللەت ئىدى. نۆۋەتتە ختاي كۆچمەنلىرى بىلەن بىرگە ياشاشقا مەجبۇر بولىۋاتقان ئۇيغۇرلار 63 يىلدىن بېرى ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئادالەت تۇيغۇسى بويىچە ياشاش، ئادالەت پرىنسىپىنى تەكىتلەش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە ئادالەت پرىنسىپى ئۆلچەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، دۇنياغا ۋە بارلىق ھادىسىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، سىياسىي ۋە باشقا مەنپەئەت ئېزىملىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئادالەت تۇيغۇسىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە مۇئامىلە قېلىشتىن ئىبارەت ئەخلاق ئادەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ كەلدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى ئادالەت پرىنسىپى قانداق پرىنسىپ ئىدى؟ ئادالەت پرىنسىپى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ئىككى خىل مەزمۇننى، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئىككى خىل ئۇقۇمنىڭ بىر جۈپ كاتېگورىيە بولۇشىنى شەرت قىلاتتى. زوراۋانلىق بىلەن قولغا كېلىدىغان، زوراۋانلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئادالەت، زوراۋانلىق بىلەن قوغدىلىدىغان ئادالەت بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئادالەت، تۇيغۇدىن ئىدراك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ چۈشىنىلگەن ئادالەت چۈشەنچىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. زوراۋانلىق بولمىسا ۋە سىڭىمۇ ئۇ زوراۋانلىق قىلالايدىغانلىقىنى شەرت قىلىنمىسا، ھېچكىم ساڭا ئەھلى ـ ئادالەتنى

بىكاردىن ـ بىكار تەقدىم قىلمايدۇ. زوراۋانلىق بولىدىكەن ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، ئادالەتسىز بولىدىكەن، چوقۇم زوراۋانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىر قاتىل ھەققانىيەت ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ قاتىل؛ ھەققانىيەتسىزلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ قاتىل بولۇشى، قاتىل دەپ قارىلىشى كېرەك. لېكىن، ئىنسانىيەت ھەتتا مېھرىبانلىقنى تەكىتلەيدىغان دىنىي ئېتىقاد ساھەسىدىمۇ بۇنداق بۆيۈك مەنزىلگە يېتىپ كېلەلىگىنى يوق. قاتىللىق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قاتىل قانداق چۈشەندۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بىر نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى دەيلۇق، بۇنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان ئۇيغۇرنى خىتاي ئۆلتۈردى. ئۇيغۇر خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئالدىدا جىنايەتچى بولدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يەنە شۇ ئۇيغۇر مۇستەملىكچى بىر نەپەر خىتاي كۆچمەننى ئۆلتۈردى، قاتىل بولدى، خىتاينىڭ ئالدىدا جىنايەتچى بولدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىز بۇ ھۆكۈملەرگە سەۋەب ـ نەتىجە كاتېگورىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلساق، خىتاي ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرمىگەن بولسا، سىياسىي جىنايەتچىگە ئايرىپ ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەرمىگەن بولسا، ئۇيغۇرمۇ خىتايغا قارشى چىقمىغان بولاتتى، كۆچمەن خىتاينى ئۇيغۇر ئۆلتۈرمىگەن بولاتتى.

ئادالەتسىزلىكنى خىتاي باشلىدى، ئۇيغۇر ئادالەتسىزلىككە قارشى زوراۋانلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالدى. شۇڭا بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ئادالەت پرىنسىپى ـ زوراۋانلىقنى شەرت قىلغان ئەھلى ئادالەت پرىنسىپى، ئەھلى ئادالەتنى مەقسەت قىلغان زاۋاللىق پرىنسىپىدۇر. بۇنداق پرىنسىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى ئۇيغۇر تولۇق تونۇپ چۈشىنىپ كېتەلىگىنىمۇ يوق. ئۇيغۇر بۇنداق ئادالەتتىن يىراقلىشىپ، بەزى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندا يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىقى، ساختىپەزلىك، كۆز بوياش، چەتئەللەردە پۇل ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي پائالىيەتچىلىرىگە خىتاينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تىل ـ ھاقارەت قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ بۇ كىشىلەر ئۇيغۇرغا خاس بولغان ئادالەت تۇيغۇسىنى پايمال قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىگە ۋە خىتاينىڭ سىياسىي مەنپەئىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان يولنى تاللاپ ئالغان بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئوقۇمىغان نادام ۋە دادام بولۇپ

كەتكــەن ئادەملەرنىمــۇ، ئالــىي بىلــىم ئېلىــپ دوكتــور بولغــان ئادەملەرنىمــۇ ئۆچۈرتتىشقا بولىدۇ. ئاغزى يۇمشاق مـوزاي قـوش ئەمچـەك ئىمـدۇ دېگەندەك، خىتايغىمۇ، ئامېرىكىـدەك دېموكراتىـك دۆلەتلەرگىمۇ ھەتتا ئۇيغۇرلارغىمۇ خىزمەت قىلالايدىغـان نېمىـدە ئۇنىۋېرساللاشـقان بـۇ ئادەملەرنىـڭ ئۆزىنـى ئاشـكارىلاپ ئوتتۇرىغـا چىققانلىقىغـا ھەيـران بولـۇپ، بىـز بـۇ يـەردە ئادالـەت ۋە ئادالـەت پىرىنسىـپىنى تەكتلـەپ ئۆلتۈرۈپتۇق. بىر ئادەم ئادالەت تۇيغۇسـىدىن ئايرىلغاندا، يەنـە كـۆپ ئـادەم ئادالـەت تۇيغۇسـىدىن ئايرىلغاندا ئۇيغـۇر جەمىيىتنـى ئادالەت بىلـەن تەشكىللەشـكە بولىدىغـان جەمىيـەت دەپ تەسـەۋۋۇر قىلغىلـى بولمايـدۇ. ئادالـەت تۇيغۇسـىدىن ئايرىلغـان ئادەمنـى ئۆزىنـى ئۆزگەرتىشـنىڭ، مۇستەملىكە جەمىيەتنىڭ قۇرۇلمىسـىنى ئۆزگەرتىشـنىڭ، مۇستەملىكە جەمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىـش ۋە ھۆكۈمرانلىـق قىلىنىش شـەكىللىرىنى ئۆزگەرتىشـنىڭ كويىـدا بولىدىغان ئـادەم ۋە ئىنقىلابنىـڭ كويىـدا بولىدىغـان ئـادەم دەپمۇ قارىغىلـى بولمايـدۇ.

ئادالەت تۇيغۇسـى، ئادالەت كۈچى، ئادالەت قاراشـلىرى ئادالەت پرىنسـىپى بىـر جەمىيەتنـى تېخىمـۇ قويۇق جەمىيەتلىششـكە، بىـر مىللەتنـى تېخىمۇ چوڭقۇر جەمىيەتلەشـكەن مىللـەت بولۇشـقا يېتەكلەيدىغـان، ھەيدەكچىلىـك قىلىدىغـان ئەخلاقنىـڭ ئـەڭ بۈيۈك سەمەرەسـىدۇر.

ئامېرىكىلىق ئەخلاقشۇناس پەيلاسوپ جون راۋلىس، ئادالەتنىڭ پرىنسىپلىرى توغرىسـىدا توختالغانـدا مۇنـداق كۆرسـەتكەن، 1 ـ ئادالـەت پرىنسـىپى ـ ھەربىر ئـادەم ۋە ھەممـە ئادەمدە بولۇشـقا تېگىشـلىك ئەڭ كـەڭ باراۋەرلىك ئاساسـىدىكى نېگىزلىـك ئەركىنلىـك سىستېمىسـىغا مۇناسـىپ بولىـدۇ، 2 ـ پۇرسـەت ھـەق ئادالىتـى بـاراۋەر شـەرت ـ شـارائىت ئاسـتىدا، كەسـىپ ساھەسـىنى ۋە ئىجتىمائىي ئورۇننـى بارلـىق كىشـىلەرگە ئېچىۋېتـىش، ( پۇرسـەتنىڭ ئادىـل بـاراۋەر بولـۇش پرىنسـىپى)، («پەلسەپۋىلەشـكەن ئەخلاقشۇناسـلىق» خىتايچە نەشرى) بۇ ئىككى خىـل ئادالـەت پرىنسـىپى جەمىيەتنىـڭ نىگىزلىـك قۇرۇلمىسـىنىڭ ئىككـى چـوڭ قىسـمىدىن بېشـارەت بېرىـدۇ. ئۇنىـڭ بـىرى پۇقرالارنىـڭ سىياسـىي ھوقۇقىغـا ئالاقىـدار بولسـا، ئۇنىـڭ ئىككىنچىسـى ـ پۇقرالارنىـڭ جەمئىيـەت ۋە ئىقتىسـاد ساھەسـىدىكى مەنپەئەتكـە ئالاقىـدار بولىـدۇ. بىرىنچـى پرىنسـىپ ئاۋۋالقىسـىنى بىـر تـەرەپ قىلىـدۇ، ئىككىنچـى پرىنسـىپ كېيىنكـى مەسـىلىنى بىـر تـەرەپ

قىلىدۇ. پەيلاسوپ راۋلسىنىڭ ئۇقۇملىرىغا ئاساسلانغاندا بىر جەمىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قىسقىغىنە بىر قىسمى سىياسەت، بىر قىسمى ئىقتىساد دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولامدۇ، ـ قانداق. بىر جەمئىيەتتە تەڭلىك، باراۋەرلىك دەۋر سۈرسىمۇ تەڭسىزلىك يۈز بەرسىمۇ مۇشۇ ئىككى ساھەدە مەسىلەن، سىياسەت ساھەسىدە ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىساد ساھەسىدە مەنپەئەتدار بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا تەڭسىزلىك يۈز بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئادالەت تۇيغۇسى مۇنداق تەڭسىزلىككە يولۇققاندا جەمئىيەتتە ئەلۋەتتە زىددىيەت توقۇنۇش، نامايىش، ئىنقىلابتىن، زوراۋانلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇستەملىكە ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئادالەت قاراشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىگە قارشى قويغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى مەنىۋى قورال بەرھەقكى، مىللەتچىلىككە مىللەتچىلىك بىلەن قارشى تۇرۇش، يەنى، خىتاي مىللەتچىلىكىگە قارشى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى بىلەن قارشى تۇرۇش، بۇ كۆرەشنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى بولۇپ قالىدۇ. بىز بۇ يەردە مىللەتچىلىكنى ئومۇ زورمۇ ـ زور بازارغا سېلىۋاتقىنىمىز يوق. بۈگۈنكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى مىللەتچىلىك بىلەن ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ۋاستە، ئۇيغۇرنى پۈتۈنسىرى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتتۇر. ئۇيغۇرىستانغا ئاھالە ـ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈش؛ ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق پىلانلىق ئۆلتۈرۈش، بۇ، بۈگۈن خىتاي مىللەتچىلىرى بەلگىلىگەن سىياسەت بولماي نېمە؟! ئۇيغۇرتىلىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش، ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا چەك قويۇش بۇمۇ خىتاي مىللەتچىلىرى بەلگىلىگەن سىياسەت بولماي نېمە؟ يۇقىرىدا ئادالەت توغرىسىدا توختىلىپ كەلدۇق، ئەگەر ئادالەت ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق ئەخلاق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەر بىر خىتاينىڭ ۋۇجۇدىغا يەرلەشكەن ئادالەت تۇيغۇسى زادى نەدە نېمە ؟

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قانچە قېتىم ئىزىم ئالماشتۇرغانلىقى، قانچە قېتىم دىن ئالماشتۇرغانلىقى توغرىسىدا يازغۇچىلىرىمىز دەستە، دەستە كىتابلارنى يېزىشتى. لېكىن دىندىن باشقا بۇ ئىزىملار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئىدىيىۋى غايىلىرىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتتى، بۇ توغرىدا تېخى ھېچكىم بىر نىمە يازمىدى. ئېھتىمال پان ئىسلامىزىم، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە بۈيۈك ئىزىم دەپ سانىلىشىمۇ مۇمكىن. قوشۇمچە ھەم پان ئىسلامىزىمنىڭ پۇرىقى ھەم پان تۈركچىلىك پۇرىقى چىقىپ تۇرغان پان تۈركىزىم ئىدىيىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ئۇيغۇر مىللىتىگە قانچىلىك دەرىجىدە سىڭىپ كىردى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر پان ئىسلامىزىم، پان تۈركىزىمنى ئېغىزغا ئالمىدى دېگەندىمۇ، بەزى نادان، ئەخمەق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىزىملارنىڭ سايىسىدا سايىداش نىيىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇقۇملارنىڭ لوگىكىلىق مەنىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولساق، پان ئىسلامىزىم بۇ دىن، دىنچىلىك دېگەنلىك ئەمەس، پان ئىسلامىزىم سىپپى ئۆزىدىن سىياسىي مەسىلەكتۇر. پان تۈركىزىممۇ پان ئىسلامىزىمغا ئوخشاشلا بىر دەۋرنىڭ سىياسىي مەسلىكىدۇر. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا سىياسەت باشقا نەرسە پان ئىسلامىزىم باشقا بىر نەرسە بولۇشى كېرەك. سىياسىي پائالىيەت باشقا نەرسە پان تۈركىزىم باشقا بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى بەك ئاددى لېكىن سۈرۈشتۈرسەك ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش. چاررۇسىيە، سابىق سوۋېتلەر رۇسىيىسى ئۇيغۇرىستاندا پان ئىسلامىزىمچىلىق ۋە پان تۈركىزىمچىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تارىختىن بېرى چەكلەپ كەلگەن. 20ـ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىدا ستالىن بىلەن مىللىتارىست خىتايلارنىڭ بىرلىشىپ ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ پان تۈركىست پان ئىسلامىستلىرىنى قىرغىن قىلغانلىقى، تۈرمىلەردە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ رۇسىيىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا پان تۈركىزىمچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمايدىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر. ئورۇسلار پان تۈركىزىمچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۇيغۇرىستاندا بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتىلا ئەمەس. بەلكى ئورۇسلار خىتاي بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ بىر نەچچە دەۋرلىك ئىنقىلابىنى بوغۇپ تاشلىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇنداق پان ئىسلامىزىم، پان تۈركىزىم دەيدىغان ئىزىملاردىن ئۆزىنى نېرىدا، بەك نېرىدا تۇتۇشى كېرەك.

پـان ئىسـلامىزىم تەشەببۇسـچىلىرىنىڭ، ۋە پـان ئىسـلامىزىمغا ئاسـاس سـالغۇچىلارنىڭ بىـرى ھېسـابلانغان جامالىدىـن ئافغانـى ئىسـلام دىنىنىـڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىـدا ئـۈچ خىـل پەزىلـەت يېتىشـتۈرگەنلىكىنى قەيـت قىلىـپ ئۆتكـەن. 1 ـ كەمتەرلىـك، كەمتەرلىـك ئىنسـاننى يـاۋۇز پائالىيەتلەرنـى قىلىشـتىن سـاقلاپ قالىدۇ. ئىنسـاننى پۇشـايمان قىلىشـقا يېتەكلەيدۇ. 2 ـ توغرىلىق، راسـتچىللىق ـ راسـتچىللىق سـاغلام دۆلەت قۇرۇشـنىڭ كاپالىتىدۇر. 3 ـ سەممىيەت ـ سـەممىيەت بولمىغانـدا ئىنسـانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئـارا باردى ـ كەلدى قىلىشـى مۇمكىن ئەمەسـتۇر.

ئىسـلام دىنىمىزنىـڭ ئادەملەرنـىڭ تەبىئىتىـدەك يۇقىرىقـىدەك سۈپەتلەرنى يېتىشـتۈرگەنلىكى دىنىمىزنىـڭ بۈيـۈك سەمەرىسـىدۇر. بىـراق دۈشـمەنگە دۈچ كەلگەنـدە كەمتەرلىـك قىلىشـقا بولمايـدۇ؛ دۈشـمەنگە راسـتچىللىق، توغرىلىـق بىلەن مۇئامىلە قىلىشـقا بولامدۇ؛ دۈشـمەنگە سـەممىي مۇئامىلە قىلىشـقا بولامدۇ. قىسقىسـى ئۇيغـۇر خىتايغـا، ھاكىمىيـەت بېشـىدىكى خىتـاي مىللەتچىلىرىگـە سـەممىي مۇئامىلـە قىلالامدۇ؟ جامالىدىن ئافغانى كۆرسـەتكەن يۇقىرىقى سۈپەتلەر دۆلەتلـەر ئـارا، مىللەتلـەر ئـارا تىنچلىـق دەۋرلىرىـدە بىر ـ بىرىگـە تەدبىـق قىلسـا بولىدىغـان سۈپەتلەردۇر.

جامالىدىــن ئافغانــى، "ئىككىنچــى ھەقىقــەت ئاللىقاچــان رىقابــەت پەيـدا قىلـدى؛ چۈنكـى، ھـەر قايسـى مىللەتلەرنـىڭ مۇشـۇ ھەقىقەتنـى ئىشـقا ئاشۇرۇشـنى خالايدىغانلىقىنىــڭ دەرىجىســى، ئــۇلار توختىمــاي تىرىشــچانلىق كۆرسـىتىپ، ئۆز تەقدىرىنى ياخشىلاشنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغـان دەرىجىگـە بېرىـپ يەتتـى"، دەپ كۆرسـەتكەن. («ئىسـلام پەلسـەپە تارىخـى». خىتايچـە نەشـرى) بـۇ مىللەتلەرنـىڭ ئىچـىدە ئۇيغۇرلارمـۇ بولۇشـى كېـرەك. "ئىككىنچـى ھەقىقـەت ئالىقاچـان رىقابـەت پەيـدا قىلـدى... " دېگەنـدە جامالىدىـن ئافغانىسـتاننىڭ نېمىنـى كـۆزدە تۇتقانلىقىنـى بىلگىلـى بولمايـدۇ. بىـراق، شـۇ نەرسـە بىـر ھەقىقەتكـى، مىللەتلـەر ئـۆز ئـارا رىقابـەت بىلـەن ياشـايدۇ، خەلقئـارا سـەھنىدە تېخىمـۇ شـۇنداق. ئـۇرۇش دەۋرىدىمـۇ، تىنچلىـق دەۋرىدىمـۇ مىللەتلـەر ئـۆز ئـارا رىقابـەت ئىچـىدە ياشـايدۇ.

دۇنيــادا مىللەتلەرنــى ئىجتىمائــى مىللــەت، سىياســى مىللــەت دەپ تىپقـا ئايرىيدىغــان قىلىقمـۇ بولمايـدۇ. ئېتنىـك مىللەتنىـڭ ئېتنىـك مىللـەت بولۇشـىنىڭ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائى مىللـەت بولۇشـىنىڭ، مىللەتنىڭ سىياسـى مىللـەت بولۇشـىنىڭ ئېنىـق ئايرىـپ قويغـان چـەك چېگرالـرى بولمايـدۇ. ئاددى مىسـال بىلـەن چۈشەندۈرسـەك، بىـر مىللـەت سىياسـى مىللـەت بولـۇش ئۈچـۈن،

ئۆزىنىڭ تارىخىدا ھەل قىلغۇچ ئىنقىلاب ئارقىلىق جەمئىيەتكە نىگىزلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلىگەندە، ئاندىن بۇ مىللەتنى سىياسىي مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى، فىرانسىيىنىڭ گىراژدانلار ئىنقىلابى، ئەنگىلىيىنىڭ گىراژدانلار ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۈچ نامايەندە بولۇپ شۇ دۆلەتلەر جەمئىيىتىگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن ئىنقىلابلاردۇر. روسىيىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى چار پادىشاھنى ئالماشتۇردى خالاس. خىتاينىڭ كوممۇنىستىك ئىنقىلابىمۇ بىر فېئودال خاندانلىقنى يەنە بىر فېئودال خاندانلىققا ئالماشتۇردى خالاس.

تارىخنىڭ مۇرەككەپ دەۋرلىرىدە قايتا تەسۋىر قايتا ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئۆزى ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى خاقانىيە تىلىدا سۆزلەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىزىمى ـ ئۇيغۇر ئىزىم زادى قانداق بولۇشى كېرەك.

«مەن» سەن ئەمەس «مەن»، ئۇ ئەمەس «مەن» «مەن»، ئىككىنچى بىر «مەن»نىڭ ئالدىدا «ئۇ» بولالايدۇ، «سەن» ھەم بولالايدۇ. «مەن» نىڭ، «ئۇ»نىڭ، «سەن» نىڭ بىر تىل رىشتى بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى بىر مىللەت، ياكى بىر توپنى تەشكىل قىلىدۇ، «مەن»، «ئۇ»، «سەن» لەر شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان بىرلىك ۋە كۆپلۈك بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم ئۇيغۇر بولىدۇ، قازاق تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم قازاق بولىدۇ. خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم خىتاي بولىدۇ. تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم تۈرك بولىدۇ. باشقىچە بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ئىنساننىڭ ئەڭ بۈيۈك مەنىئەتى تەلىپى ئۆزىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئەركىنلىك، بۇ ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك مەنپەئەت تەلىۋىدۇر. ئەگەر بىر شەخسنىڭ مەنپەئەت تەلىپى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەت تەلىپى قانداق بولىدۇ. ئۆزىنى قوغداش، مىللەتنىڭ مىللەتلىك مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئەركىنلىك، شۇ مىللەتنىڭ ماھىيەتلىك مەنپەئەت تەلىپى بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى قەيەردە بولسا، ئۇيغۇر شۇ يەردە باش كۆتۈرىشى كېرەك، ئۇيغۇر ئىزىم شۇ يەردىن كۆكلەپ چىقىشى كېرەك. مىللەتنىڭ مەنپەئەتى قايسى تەرەپلەرگە چېتىشلىق بولسا دېمەك، ئۇيغۇر ئىزىم شۇ يەردىن باشلىنىش كېرەك. ئۇيغۇر ئىزىم شۇ تەرەپلەرگە

يىلتىز تارتىشى كېرەك. ئۇيغۇر ئىزىم بۇ ئۇيغۇرنىڭ مىللەتلىك مەنپەئەتى دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ ماھىيتى نېمىدۇر؟ تارىختا قۇرۇلغان دۆلەتنى، خەلقئارا جاھانگىر دۆلەتلەر بىرلىشىپ سېتىۋەتكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇشۇ نۇقتىدا خەلقئارا سەپتە، دۇنياۋى كۆرەش سەھنىسىدە ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ مەناسى زايىنىزىم يەنى زىئونىزىم دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بۇ، ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ ماھىيەتلىك نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ شەرتلىرى نېمىدۇر؟ سەن مېنىڭ مەنپەئەتىمگە چېقىلما، مەن سېنىڭ مەنپەئەتىڭگە چېقىلمايمەن. ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ كۆرەش ۋاستىسى ۋە شەكلى نېمىدۇر؟ ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ كۆرەش ۋاستىسى ۋە شەكلى ـ مىللەتچىلىك!

مىللەتنىڭ ئىچىگە قارىتىلغاندا ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ مەناسى نېمە بولۇشى كېرەك؟ بىر توپ كىشىلەر تارىخ ياراتقان ۋە شۇ تارىخ ئىچىدە ياشىغان بولىدۇ؛ يەنە شۇ بىر توپ كىشىلەر مەدەنىيەت ياراتقان ۋە شۇ مەدەنىيەت ئىچىدە ياشىغان بولىدۇ؛ مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى بۇ بىر توپ كىشىلەر ئەجداتتىن ـ ئەۋلاتقىچە، مەدەنىيەتتىن ـ مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغىچە، نەسلى ۋە جەمەتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئورتاق تارىخ، ئورتاق تىل، ئورتاق مەدەنىيەت ئارقىلىق چەمبەرچاس باغلىنىپ تەشكىللەنگەن مىللەتنىڭ گەۋدىسىنى ھەرقانداق شەرتلىك ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش بۇ، ئۇيغۇر ئىزىمنىڭ نۆۋەتتە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان مەناسىدۇر.

بىز بۈگۈن خىتايغا مۇستەملىكە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانداق ياشاۋاتىمىز؟ ئاۋۋال بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بىز ئۇيغۇرلار مۇستەملىك جەمئىيىتىنىڭ ئىچىدە ياشايمىز، ياكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان جەمئىيەت ئۇيغۇرنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان مۇستەملىكە جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى كۈچىگە سېلىشتۇرۇپ پىكىر قىلغاندا بۇ جەمئىيەت، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى تەرەققىيات تەلەپلىرىگە، ئارزۇ، ئارمانلىرى، ماددى، ئىقتىسادى تەرەققىيات تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان پىسەنت قىلمايدىغان، ئۇيغۇرنىڭ پىكىر ئىدىيىلىرىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدىغان مۇستەملىكە جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەتنىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن؛ بۇ مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن؛ بۇ مۇستەملىكە

جەمئىيەتنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئىدېئولوگىيىلىك ۋاستىلار خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ۋە ئىشلىنىۋاتقان ۋاستىلاردۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەمئىيەتتە ياشىمىقى ئىنتايىن ئېغىرغا توختايدۇ. ئۆزىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەۋجۇتلۇق تەلەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشمۇ بەسى مۈشكۈلدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئىنتايىن بەختلىك مىللەتتۇر. بىرىنچىدىن ئۇيغۇرنىڭ قارشى تەرىپىدە دۈشمىنى بار، ئۇيغۇر دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن.... ئۇيغۇر پائالىيەت قىلالايدۇ ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ئېڭىدا، مەنىۋى دۇنياسىدا پائالىيەت قىلالايدۇ. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ھەرگىز نەزەربەنت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىزىم ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر يوقالمايمەن دەيدۇ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش زامانىمىزدا ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قارشى مىللەتچىلىك بىلەن ئېلىپ بارىدىغان كۆرىشىدۇر. مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۇ تەرىپى يوقلۇق يوقۇتۇش، مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ تەرىپى يوقۇتۇشقا قارشى تۇرۇش بۇ كۆرەشتۇر. ئۇيغۇر ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك؛ خىتاي ئۆزى ئۈچۈن ئۇيغۇرنى يوقىتىشى كېرەك. كۆرەش دېگەن مانا بۇنداق بولىدۇ. خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى يوقۇتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە، ئىنسانىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش دېگەن بىر سۆز بىلەنلا چۈشەندۈرۈشكە بولامدىغاندۇ... خىتاي بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق يوللۇق باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇيغۇرنى يوقۇتۇشنىڭ يوللۇق سەۋەبىمۇ يوق، ئەسلىدە ئۇيغۇرنى يوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، ھەرقايسى دەۋرلەردە بولسۇن ئۇيغۇرنى يوقىتىشنىڭ يوللۇق سەۋەبىمۇ يوق، ئەسلىدە ئۇيغۇرنى يوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، قايسى دەۋرلەردە بولسۇن ئۇيغۇرنى يوقىتىشنىڭ ئۆتمۈشىمۇ يوق، ئۇيغۇرنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھازىرەنلىكى تېخىمۇ يوق، ئۇيغۇرنى يوقىتىشنىڭ ئىستىقبالىمۇ يوق. چۈنكى، ئىشىنىڭلاركى مىللەت يوقالمايدۇ! بىمەنە زوراۋانلىق، دەۋرى ـ تەرتىپلىك تەسادىبى زۆرۈرى زوراۋانلىق، يەنى خىتاي ياڭ زىڭشىن، خىتاي شىڭ شىسەي، خىتاي گومىنداڭى ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندەك، تەرتىپ تەرەپتىن تارىخى ئىزچىللىق جەھەتتىن بۈگۈنگىچە خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە تەھدىت ھېس قىلىپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندەك قىرغىن قىلىش، بۇ زوراۋانلىق بىلەن قىرغىن قىلىشتۇر.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زوراۋانلىق ئالەمشۇمۇل مەۋجۇتلۇققا قارشى زوراۋانلىقتۇر. خىتاي ئۇيغۇرنى نېمىشقا مىللەت سۈپىتىدە يوقاتماقچى بۇنىڭ ھېچ قانداق يوللۇق سەۋەبى يوق، خىتاينىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يوللۇق بولغاندەك، ئۇيغۇرنىڭ بۇ دۇنيادا مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىمۇ، شۇنداق يوللۇق. ھېچ بولمىغاندا خۇددى ئالدىدا بولسىمۇ شۇنداق يوللۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر.

ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىرونىڭ تەستىقلاپ بېرىشىنى، بىراۋنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى شەرت قىلمايدىغان تەبىئەتتەك تەبىئى ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر. خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى يوقاتماقچى بولغانلىقى پەقەت ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىقلا خىتاي ئۈچۈن ”ئەھمىيەتلىك“ يوقۇتۇش بولغاندەك، ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ خىتايغا قارشى كۆرەشلەردە ئۇيغۇر ئۈچۈن شۇنداق ئەھمىيەتلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر. بارلىق ئالدىنقى شەرتلەرنى قايرىپ قويۇپ، بىۋاستە سەزگۈگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاش مىتودى بويىچە ئۇيغۇر، ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى سۈپىتىدە خورسىبلىنىڭ تېئورمىسى، ”قايتا ئويلىنىشتىن بۇرۇنقى ئاۋالقى ئويلىنىش“ نى خىتاينى ۋە خىتاينىڭ زوراۋانلىقىنى ئويلىنىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئويلىنىش ۋە مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋاستىلىرىنى ئويلىنىشنى دەستەك قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلالىسا ئۇيغۇر ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييار بولۇپ تۇرالايدۇ. بارلىق ھادىسە، بارلىق شەيئىلەر توغرىسىدا ئاڭ پەيدا قىلىش، ”خىتاي كىم، خىتاينىڭ زوراۋانلىقى نېمە، خىتاينىڭ زوراۋانلىقى كىمگە قارىتىلغان“ دەيدىغان سوئالغا لايىق ئاڭ پەيدا قىلىش، بۇ تەرتىپ خىتايغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئىدىيىۋى قورال ئۇيغۇر ئىزىم ئۈچۈن مىللەت ئېڭى پەيدا قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاڭ، ئادەتتە كىشىلەر مىللى ئاڭ، دەپ ئاتايدىغان مىللەت ئېڭى ـ خاھىش خاراكتېرلىك، ئالقىپ كېتىش خاراكتېرلىك، تاللاش خاراكتېرلىك بولىدۇ. خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللەتچىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش ـ بۇ، خاھىش خاراكتېرلىك مىللەت ئېڭىدۇر. يەنى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللەت ئېڭىنىڭ بۇنداق ئالقىپ كېتىشى، ئۇيغۇرنىڭ قول بولۇپ تۇرغان مۇستەملىكە رېئاللىقىدىن ئالقىپ كەتكەنلىكتۇر. مىللەت ئېڭى تاللاش خاراكتېرلىك بولىدۇ ـ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان، ئىنقىلاب ئەنئەنىسى ۋە دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسىدىن

چىقىپ كەتمەيدىغان تاللاشقا دۇچ كەلگەندە بىرىنچىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ۋە دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان تاللاشقا دۇچ كەلگەندە بىرىنچىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى تاللايدىغان، ئىككىنچىدىن ئۇيغۇر كىملىكىنى تاللايدىغان، ئۈچىنچىدىن ئۇيغۇر تەۋەلىكىنى تاللايدىغان تاللاش خاراكتېرلىك مىللەت ئېڭىدۇر. ئۇيغۇرىزىم مىللەت ئېڭىنىڭ بۈيۈك ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، ئۆزى ئىچۈن ئۆزىنى پىلانلايدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىنى مەقسەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى قىياس قىلىدۇ. مىللەت ئېڭىنىڭ رېئال مەزمۇنلىرىمۇ ئۆزىگە خاس بولىدۇ. مۇئەييەن مەقسەت ئۈچۈن ئەنئەنىنى ئۆزگەرتىش، ئەنئەنىنى يېڭىلاشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ئەنئەنىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. تاشقىرىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ، تاشقىرىدىن كۈچ ئىزدىمەيدۇ، تاشقىرىغا بېقىنمايدۇ. تاشقىرىدىن ئوزۇق ئىزدىمەيدۇ. بۇنداق ئاڭ، بۇنداق مىللەت ئېڭى ”بىرىنچى مەۋجۇتلۇقتۇر“. بۇنداق مىللەت ئېڭى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ، مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ نىگىزلىك قۇرۇلمىسىدۇر، بەلكى شۇ قۇرۇلمىنى قۇرۇپ چىققان ئاڭنىڭ قۇرۇلمىسىدۇر.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئالدىدا ھازىرغىچە ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازى نېمە بولۇپ كەلدى؟ خىتاينىڭ قەلىمىدە ۋە خىتاينىڭ تىلىدا ئۇيغۇرلار، ئەكسىل ئىنقىلابچى، پومىشچىك ئۇيغۇر، بۇزۇق ئۇيغۇر، قالاق ئۇيغۇر، دىن ئېتىقاد مىللىتى، ئېچىلمىغان مىللەت، رادىكال ئىسلامىزىمچى ئۇيغۇر، تېرورىست ئۇيغۇر، سۆزلەشنىلا بىلىدىغان ھايۋان، مەدەنىيەتسىز ياۋايىلار. ۋەھاكازا... ۋەھاكازا. نېمىشقا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارغا شۇنداق ئىسىملارنى قويالىدى؟ ئۇيغۇر ياشاۋاتقان مۇھىت بىلەن شارائىتنىڭ نۆۋەتتە خىتاينىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ شارائىتنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى قۇل بىلەن خوجايىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر، دەپ چۈشىنىش كېرەك. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قۇلنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ. خوجايىن يالغان سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭ راست، قۇل راست سۆزلىسىمۇ ئۇنىڭ يالغان. ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ بۇ ئادەمنىڭ تولۇق مەنىسى سۈپىتى نېمە، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ بۇ ئادەمنىڭ ئادەمگە خاس ئادىمىلىكى نېمە؟ مېنى خىتاي نېمە دېسە، دېسۇن مەن ئۆزۈمگە ئادەم، خىتاي ئۇيغۇرنى قانداق مىللەت دېسە دېسۇن، ئۇيغۇر ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىگە بىر مىللەت! پەقەت ئۇيغۇر، ئۇيغۇرغا مەنا بېرەلەيدۇ، پەقەت ئۇيغۇر، ئۇيغۇرغا خاراكتېر بېرەلەيدۇ، پەقەت ئۇيغۇر، ئۇيغۇرغا ئىگە بولالايدۇ! شۇڭا ئۇيغۇر،

ختـاي ئىچىپ بەرگەن مۇھىت، ختاي يارتىپ بەرگەن شارائىت ئىچىدىلا ياشىمايدۇكى،ئۇيغۇر ئۆزى ياشايدىغان ماكانىنى ئۇيغۇر ئۆزى يارىتالايدۇ. زامان ئىچىدە قانداق ياشاشنى ئۇيغۇر تاللاپ ئالالايدۇ، ئۇيغۇر زامانغا ۋە ماكانغا مەنا بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇر زامان ۋە ماكان ئىچىدە خاراكېتىر يارىتالايدۇ. ئۇيغۇر ئۆزى ئۆزىگە مەنا بېرىپ بۇ مەنانى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندە شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇيغۇر ئىزىم، زايىنىزىم ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ چىقالايدۇ. ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدا قازا قىلغان ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا مىسال بولالامدىكەن؟! يۇقىرىقىلار بىز سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ئۇيغۇر ئىزىمدۇر.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب؛ ئەخلاق توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

مەن ئەخلاقشۇناس ئەمەسمەن. بۇ توغرىدا سۆزلىيەلەيدىغانلىرىم ئىنتايىن كەمچىل. ئۇيغۇرنىڭ يېتۈك ئالىمى، بەلكى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان ئالىمى مۇھەممەد يۇسۇپ « دىن ۋە ھايات » ماۋزۇلۇق قامۇس مەسەللىك كىتابىنىڭ 3_ بۆلۈمى ئەخلاق بابىدا « ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟ دەپ سوئال قويىدى . ئالىم يەنە بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ : ھەر قانداق خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل مېلىنى ،جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ . بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتىلغان ئەڭ ئاددىي بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر» دەپ كۆرسەتتى. ئالىم ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟ دەپ سوئال قويۇپ... مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ تىل، رەڭ ،ئىرق، دىن مەن ۋەتەنلىرىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن قەتىينەزەر ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، چەتكە قاقمايدۇ. كەمسىتمەيدۇ ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ياخشىلىق تىلەيدۇ ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلماقچى بولغانلارغا جېنىدىن قارشى تۇرىدۇ،

دەپ كۆرسـەتتى. مۇسـۇلمانلارنىڭ پۈتـۈن ئىنسـانىيەتكە قارىتىلغـان ئەخـلاق پوزىتسىيىسـى مۇشـۇنداق بولىدىغانلا بولسا، نۆۋەتتە كىشـىلىك ھوقۇق ساھەسىدە تەكىتلىنىۋاتقـان بـەزى ئۇقۇملارنـىڭ تەبـرى ئىسـلام دىنىدىـن كەلگـەن بولـىدۇ. بـۇ ئەخـلاق مۇسـۇلمانلارنىڭ ئەخلاقـى بولغـان بولسـا، دىنىسـىز خىتايلارنـىڭ ئىنسـانىيەتكە قارىتىلغـان ئەخـلاق پوزىتسىيىسـى نېمـە بولۇشـى كېـرەك؟ بـۇ تەرەپنـى بىلگىلـى بولمايـدۇ. ئەسـلىدە ئۇيغـۇر خىتايغـا مۇئامىلە قىلغاندا ئىسـلام دىنـى ئەقىدىسـى بويىچـە دەل يۇقىرىقىـدەك مۇئامىلـە قىلاتتـى. بـىراق بۈگـۈن خىتـاي بىلـەن ئۇيغۇرنـىڭ مۇناسـىۋىتى قانـداق مۇناسـىۋەت؟ دوسـت بىلـەن دۈشـمەنلىك مۇناسـىۋىتىمۇ ياكـى دوسـت بىلـەن دوسـت مۇناسـىۋىتىمۇ؟ خىتـاي تاجـاۋۇز قىلغۇچـى ئۇيغـۇر تاجـاۋۇز قىلىنغۇچـى مىللـەت. ئەلۋەتتـە خىتـاي بىلەن ئۇيغـۇر ئوتتۇرىسـىدىكى مۇناسـىۋەت دوسـت بىلـەن دۈشـمەن ئوتتۇرىسـىدىكى مۇناسـىۋەتتۇر. بۇنـداق ئەھۋالـدا خىتـاي بىلـەن ئۇيغۇرنـىڭ بىر بىرىگـە قاراتقان ئەخـلاق پوزىتسـىيىلىرى قانـداق بولۇشـى كېـرەك؟

ئىنسـان ھەرىكەتـلا قىلىدىكـەن، ئىنسـان جەمىيەتلىشـىپلا ياشـايدىكەن، چوقـۇم مۇئەييـەن ئەخـلاق قاراشـلىرىنىڭ يېتەكچىلىكـىدە، قېلىپلاشـقان ئەخـلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تەلەپلىرى دائىرىسـىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە ئىسـلام دىنىنـىڭ ئەخـلاق تەلەپلـىرى دائىرىسـىدە ھەرىكەت قىلـىدۇ. بىز شـۇغۇللىنىۋاتقان سىياسـىي ھەرىكەتمـۇ، سىياسـىي دەۋا پائالىيەتلىرىمـۇ ئەخـلاق قاراشـلىرىنىڭ يېتەكچىلىكـىدە ۋە ئەخـلاق ئۆلچىمىنـىڭ دائىرىسـىدىلا بولـىدۇ. ئەخـلاق بۇ ئۇقۇم، پەلسـەپە دائىرىسـىدىلا چەكلىنىـپ قالمايـدۇ. ناھايىتىمـۇ كـەڭ ۋە كىشـىلەرگە چۈشـىنىشلىك بولغـان ئەھمىيىتىدىـن ئېيتقانـدا ئەخـلاق، توغـرا ۋە خاتـا دەپ، مۇھەممـەد يۈسـۈپنىڭ كۆرسىتىشـىچە« ئەخـلاق ۋە ناچـار ئەخـلاق» دەپ قارىلىدىغـان ئەخـلاق ئىنسـانلار ھەرىكىتىنـىڭ تۈرلـۈك ئەقىـدە ئىشـەنچلىرىگە بېرىـپ چېتىلىـدۇ.

باشـتا ئېيتقانـدەك ئىنسـان ھەرىكەتـلا قىلىدىكـەن توغـرا ھەرىكەتمـۇ قىلـىدۇ، خاتـا ھەرىكەتمۇ قىلـىدۇ. توغـرا ھەرىكەتنـى قايسـى ئۆلچـەم بىلـەن، خاتـا ھەرىكەتنـى قايسـى ئۆلچـەم بىلـەن ئايرىـش كېرەك؟ ئىنسـانلارنىڭ بـەزى ھەرىكەتلـىرى مەدھىيەگـە لايـىق بولسـا بـەزى ھەرىكەتلـىرى تەنقىدكە ،قارىلاشقا

لايىق بولىدۇ. « شۇنداق قىلىش كېرەك، ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك، مانا بۇ ئىش توغرا بولىدى، ئەنە ئاۋۇ ئىش خاتا بولىدى » ھۆكۈم ئاساسلانغان ئۆلچەم، پرىنسىپ نېمە؟ ئىنسانلارنىڭ ھەددى - ھەرىكەتلىرى بىر جەمىيەتنىڭ دىن، قانۇن، سىياسەت ، ئىقتىساد، ئەدەبىيات - سەنئەت ، ئائىلە - نىكاھ، مائارىپ قاتارلىق بارلىق ساھەلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئىنسان ئەشۇ ساھەلەردە ھەرىكەتلا قىلىدىكەن،بۇ ھەرىكەتنى ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق باھالاشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇنداقتا ئەخلاق دېگەن نېمە ؟ ئەخلاق بىر ئۇقۇم بەلكى بۇ ئۇقۇمنى پەلسەپە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەخلاق بىرخىل پرىنسىپ، بىر خىل قائىدە نىزاملار سىستېمى، ئادەملەر بۇ خىل سىستېمىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەخلاق تەكرار ھەرىكەت جەريانىدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەرىكەت ئۇسۇلى، دەپلام جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن . مۇھەممەد يۈسۈپ ھاجىم : « ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، روھىمىزغا يەرلىشىپ ئادەت ھالىغا كەلگەن يۈرۈش تۈرۈشلىرىمىز ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن . ئوخشاشلا ئەخلاق بۇ ئۇقۇمغا ئەڭ ئېنىق جاۋاب بېرىپ، ئامېرىكىلىق ئەخلاقشۇناس تام بىيۇ چاپ ،' ئەخلاق ئادەت بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ، قائىدىلەشكەن ئىجتىمائىي ئادەت كۆرسەتكەن. ئادەملەر تۇغۇلۇش بىلەنلا ئائىلە ۋە جەمىيەت مۇھىتىدا « ئىجتىمائىيلاشقان ئادەت » نى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ . ئەخلاق خۇسۇسىي ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى مۇۋاپىق چەكلەپ ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەخلاق ئادەملەر ئارىسىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ، ئادەمگەرچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەخلاق ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىدا كۆرسەتكەندەك ۋەتەننى سۆيۈش ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قىممىتى، مۇھىملىقى ئادەتتىكى خۇسۇسىي ۋە شەخسىي مەنپەئەت تەلەپلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭلىق ئادەملەر ئارىسىدا مەنۋى ئىنكاس ئارقىلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. مەنىۋى ئىنكاسمۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇلۇغلاشمۇ ئادەملەر ھەرىكىتىنىڭ توغرا خاتالىقىنى باھالاشنىمۇ ئىنسانغا خاس بولغان ئەخلاق ئېڭىنىڭ ، بىلىش كۈچىنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن، بۇ يەردە ئەخلاق ئېڭى دېگەن نېمە ؟ دەپ سوئال قويايلى.

جاۋاب ئىنتايىن ئاددى. ياخشى ـ ياماننى پەرقلەندۈرۈش ئېڭى بۇ ئەخلاق ئېڭى دېگەنلىكتۇر. بىراق ياخشى ياماننى پەرقلەندۈرۈشتە ئەقەللىي تەربىيە كۆرگەن سەۋىيە بولۇشى لازىم. ئادەتتە بىر ئۇقۇمغا تەبىر بېرىش ھەر قانداق چاغدا نىسپىي بولسا، تەبىر ئىسىم ۋە ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى،ئۇقۇمنى تەتقىق قىلىشنىڭ نىشانىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇقۇمنى بىلىش، ئۇقۇمنى ئەمەلىي قانات يايدۇرۇش، بەلكى ئۇقۇم كۆرسەتكەن ھەرخىل رېئال ھادىسىلەرنى كۆزىتىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەھمىيەتلىك تەبىر بېرىشكە ئېرىشكىلى بولىدۇ . پەيلاسوپلارنىڭ تەبىرچە ئەخلاق ئېڭى« ياۋۇزلۇق ۋە ئاقىلانىلىك توغرىسىدىكى ئاڭ » دېگەنلىكتۇر. بىز ئادالەت توغرىسىدىكى بىر بابتا ئۇقۇمغا مۇناسىۋەتلىك، كاتېگورىيىگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى قىلىپ كەلدۇق. ئەمدى ئەخلاق توغرىسىدا توختالغاندىمۇ ئۇقۇم توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىمىز.

ئۇقۇم رېئال دۇنيانىڭ مېڭىمىزدىكى ئىنكاسى بولۇپ، لېكىن بۇ ئىنكاس لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىدىن ئۆتۈپ ، مۇئەييەن تەبىرگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇقۇم شەكىلگە كېلىدۇ. ئۇقۇم تەبىرسىز بولمايدۇ. مەسىلەن، مىللەت ھەم ئىسىم ھەم ئۇقۇم دېيىشكە بولىدۇ. مىللەتكە بېرىلىدىغان تەبىر خىلمۇخىل. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ”جۇڭخۇئا مىللەتلىرى ” دەيدىغان ئۇقۇم بويىچە مىللەتكە تەبىر بېرىدۇ. ستالىنچىلار ئورتاق تىل، ئورتاق مەدەنىيەت، ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق ئىقتىساد نۇقتىسىدىن تەبىر بېرىپ باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئوخشاش مىللەت خەلقلىرىنىمۇ بىر مىللەت دېيىشكە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ . يەنە باشقا جەمىيەتشۇناسلار ئورتاق دىنى ئېتىقاد، ئورتاق مەدەنىيەت، ئورتاق تېررىتورىيىدە ياشايدىغان خەلقلەرنى مىللەت دەپ ئاتايدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى ئۇيغۇرلار ئاتالمىش جۇڭخۇئا مىللەتلىرى قاتارىدىكى مىللەت ئەمەس. قازانغا سېلىپ قايناتسىمۇ ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ قېنى قوشۇلمايدۇ. باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆزىمىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدىلا سۆزلىسەك خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتلىك ئۆرپ ئادەتلىرى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك . ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك؛ ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىسادىي تەلەپلىرى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك ،

ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇق ئىمتىيازلىرى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات سەنئىتى جان تىكىپ قوغدىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ جېنىغا باراۋەر يۇقىرىقى جەمىيەت ھادىسىلىرىنى كىم جان تىكىپ قوغدايدۇ. بۇ ھادىسىلەر ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللارغۇ؟ قوغدايمىز دېگۈچىلەرنىڭ قورال ياراغ بىساتى يوق، قوغدايمىز دېگۈچىلەرنىڭ قانۇن - ئەدلىيە، ساقچىسى، فورمىسى يوق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇق ۋە تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى زادى كىم جان تىكىپ قوغدىشى كېرەك، قانداق قوغداش كېرەك ؟ بۇ يەردە پەقەت ھەربىر ئۇيغۇر، ئاڭلىق ئۇيغۇرنىڭ ياكى ئۆزىنى ئاڭلىق بولۇشقا ئۈندىگەن، رىغبەتلەندۈرگەن ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئويغانغان ئېڭى - مىللەتچىلىك ئېڭىغا تايىنىش كېرەك. ؛ ئۇنداقتا مىللەتچىلىك ياۋۇزلۇقنىڭ بېشارىتىمۇ ياكى ئاقلانىلىقنىڭ ۋاستىسىمۇ، زادى نېمە؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قاراتقان ئەخلاق پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بۇ يەردە مىللەتچىلىكنى تەكىتلىدىم.؟ يېتۇك ئالىم مۇھەممەد يۇسۇپ « ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلماقچى بولغانلارغا جېنىدىن قارشى تۇرىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن. بۈگۈن ختاي مىللىتى ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ختاي مىللەتچىلىكى بىلەن قارشى تۇردى. ختاي مىللىتى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە خىرىس قىلدىلا ئەمەس بەلكى تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ختاي مىللەتچىلىكنى ئىشقا سېلىپ ئۇيغۇرنى ئۆلتۈردى. تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇيغۇرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقچى بولدى. شۇڭا ختاينىڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك سىياسىتى بىلەن قارشى تۇرماقتىن باشقا يول قالمىدى. يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئادالەتپەرۋەرلىك، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەخلاقنىڭ ئادەمگەرچىلىكنى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەكىتلىشى ئالدىدا مىللەتچىلىك ياۋۇزلۇقنىڭ بېشارىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا، زىيان زەخمەتكە ئۇچرىمايدىكەن، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ھاياتى مەۋجۇتلۇقى تەھدىتكە دۇچ كەلمەيدىكەن،ئۇ مىللەت سەۋەبسىزلا ئادەتتە ئىككىنچى بىر مىللەتكە مىللەتچىلىك قىلمايدۇ. لېكىن روھىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ياۋۇزلۇققا

داۋاملىق مۇراجىئەت قىلىپ ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق مىللەتكە، ئۇيغۇردەك مەزلۇم مىللەتكە، ھەتتا ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك دۆلەتكىمۇ مىللەتچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان خىتايدەك مىللەتلەر ھېلىقى سەۋەبسىزلا باشقا مىللەتلەرگە مىللەتچىلىك قىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك . باشقا مىللەتلەرگە مىللەتچىلىك، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش خىتاي مىللىتىنىڭ مىللەتلىك تەبىئىتىدۇر. خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان بىز تەكىتلەۋاتقان مىللەتچىلىك ئۇيغۇر ئادالىتىنىڭ ئۆزىنى جان تىكىپ قوغداش خاراكتېرلىك قورالى ۋە ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ ياۋۇزلۇققا، خىتاينىڭ ياۋۇزلۇقىغا قارشى قويغان مۇقەددەس قورالىدۇر. ھەر قانداق كىشى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزگە قارشى بولالمايدۇ ۋە بولمايدۇ دەپ قارايمىز.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب؛ مۇستەملىكچىلىك ۋە مۇستەملىكە

مۇستەملىكە قىلىش، مۇستەملىكچىلىك ياۋروپالىقنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. مۇستەملىكچىلىك ئىنسانىيەت ئەخلاقىغا خىلاپ بىر خىل زوراۋانلىقنىڭ نەتىجىسى ـ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ھېسابلىناتتى . مۇستەملىكچىلىك يەنە شۇ ئىنسانلار 2000 يىلدىن بېرى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئەخلاق ئەقىدىلىرىگە قارشى ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ كەلگەن. مۇستەملىكچىلىكنى ئاساسى جەھەتتىن مۇنداق ئىككى خىل سىياسىي مەقسەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچى: يەر زېمىن بايلىق مەنبەلىرىنى ئىگىلەش، ئىككىنچى: ئىستىراتېگىيلىك، كېڭەيمىچىلىك، تەسىر دائىرىسىگە ئىگە بولۇش. جاھانگىرلىك مەقسەتلىرىدە ئىككىنچى بىر دۆلەتكە ياكى ئىككىنچى بىر مىللەتكە تاجاۋۇز قىلىپ، بۇ دۆلەتنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش . مانا بۇ مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكچىلىكنىڭ ئىككى خىل ۋاستىسىدۇر. ياۋروپادا مەسىلەن، گوللاندىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مۇستەملىكچىلىك يولىغا ماڭغاندا ئەمگەك كۈچى ھەل قىلىش ئۈچۈنلا مۇستەملىكە ئاچقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئىسپانىيىدەك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە باقماي شىلتىڭ ئېتىپ مۇستەملىكچىلىك

يولغا مېڭىپ كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرستىشكە بولىدۇ . رۇسىيە، ختايدەك دۆلەتلەر سىپپى ئۆزىدىن جاھانگىر دۆلەتلەر بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قىلىش سياسى قارا نىيىتى بويسۇندۇرۇش، زېمىن، تېرىتورىيە كېڭەيتىشىنى مەقسەت قىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ختاينىڭ مۇستەملىكچىلىك يولغا مېڭىشى باشقا بىر گەپ، تەبىئىتىدىن قورقۇنچاق ختاي ، مۇستەملىكە قىلىش نىيىتىمۇ يوق، باشقا مىللەتنى مۇستەملىكە قىلىش جۈرئىتىمۇ يوق بىر مىللەت ئىدى . تارىختا ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنى شۇ قاتاردا ختايلارنىمۇ مۇڭغۇللار ۋە مانجۇلار مۇستەملىكە قىلغانىدى. ھەرگىز ختايلار مۇستەملىكە قىلغىنى يوق. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ، روسىيەدە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا، ستالىندەك ۋەھشى قان ئىچەرنىڭ ياردىمگە ئېرىشمگەندە ختايلار ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنى ھەرگىز مۇستەملىكە قىلالمايتتى . يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ قىرىقىنچى يىللىرىدىن كېيىن ستالىندەك بىر ياۋۇز خەلقارا ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننى ختايغا مۇستەملىكە قىلىپ بەرگەندە، ئۇيغۇرىستان خەلقارا سياسىي سودا ئارقىلىق ختايغا سېتىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاندىن ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىشقا باشلىدى .

مۇستەملىكە دۆلەت بىلەن مۇستەملىكچى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق مۇناسىۋەتى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىدۇ . مۇستەملىكە دۆلەت خام ئەشيا بازىسىغا ئايلىنىدۇ . مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەت مۇستەملىكچى ۋە مېترو پولوگىيىلىك دۆلەتنىڭ تاۋار ماللىرىنى يۆتكەپ ساتىدىغان بازىرىغا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بازىرىغا ئايلىنىدۇ . مەيلى بازارغا، خام ئەشيا بازىسىغا ئايلانسۇن ئوخشاشلا مۇستەملىكە دۆلەت يۇقرالىرى قوش تەرەپلىك قوش زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ . خام ئەشيا بازىسى قىلىنغاندا مۇستەملىكە دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يەر ئاستى بايلىقى بۇلاڭ تالاڭ قىلىنىدۇ. خۇددى بۈگۈن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ نېفىت، گاز، ئۇران، مىس، نىكېل، تۇز، كۆمۈر، تۆمۈر رودىسى كانلىرى ، رەڭلىك ۋە رەڭسىز مېتاللىرى بۇلاڭ تالاڭ قىلىنغاندەك، ئوخشاشلا بىر چاغدا مۇستەملىكە دۆلەت پۇقرالىرى كەمستىشكە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردەك مۇستەملىكە مىللەتنىڭ

ياشلىرى ھەتتا خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا ئىشچىلىققىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. مۇستەملىكە دۆلەت بازارغا ئايلاندۇرۇلغاندا مۇستەملىكىچى مېتروپولوگىيەلەر ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان تاۋار ماللارنى مۇستەملىكە دۆلەت بازارلىرىغا ئېلىپ كىرىپ، بەزىدە بازار باھاسى بويىچە بەزىدە تۆكمە قىلىپ سېتىپ، مال باھاسىدا تۇراقسىزلىق، پۇل پاخاللىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ مۇستەملىكە دۆلەت پۇقرالىرىنى كۆتۈرۈپ قوپالمىغۇدەك زۇلۇمغا دۇچار قىلىدۇ.

مۇستەملىكىچى ختاي بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي مۇستەملىكە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى مۇستەملىكىچىلىك ئىقتىسادىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئىچكىرى ختاينىڭ يېنىك سانائەتلىرىگە پاختا كېرەك بولسا كېۋەز تېرىيدىغان ، ختاي پۇقرالىرىنىڭ يېمەك ئىچمەك تەلەپلىرىگە چىلان كېرەك بولسا، چىلان كۆچىتى قويىدىغان. مېۋە چېۋە كېرەك بولسا زىرائەتنى بۇزۇپ تاشلاپ مېۋە كۆچەتلىرىنى قويىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ دېھقانلارنى ھالسىرىتىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە زادى قەد كۆتۈرەلمەيدىغان بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

ئاچكۆز مۇستەملىكىچى ختايلار، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن تاسادىپىي ھالدا بىرەتە - يېرىم كىشى باي بولۇپ، ھاللىق ئوقەتلىك بولۇپ قالىدىغان بولسا، دەرھال بۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي تاپاۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئاشكارا قول سېلىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ تاشلاپ ئۇلارنى گۇمران بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ . يېزىلاردا بانكىنىڭ ئامانەت قەرز كوپېراتىپى دەيدىغان تارماقلىرىنى قورۇۋېلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى،خىراجەت قىلىش ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، قەرز بېرىپ ، قەرز ئېلىشقا مەجبۇرلاپ، بانكىغا قەرزدار قىلىپ قويۇپ ئۆمۈر بويى قول بولۇپ ختايغا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ختاي مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ ، مىللىي سانائەتنىڭ بەرپا بولۇشى، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى رەھىمسىزلىك بىلەن چەكلەپ كەلدى.

ختاي كۆچمەنلىرىنى ھوقۇقلۇق ئورۇنغا چىقىرىپ قويۇپ ، مۇستەملىكە ئۇيغۇر،قازاق،قىرغىز، تاجىكلارنى ھوقۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، قانۇن ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە ختاي كۆچمەنلىرى بىلەن ئەقەللىي رىقابەتلىشىشكىمۇ يول قويماي، ئىشلەپچىقىرىش ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ ھوقۇقنى ۋە ئىقتىسادنى مونوپول قىلىشىغا يول قويۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنى قۇلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ مۇستەملىكە قىلىش نۆۋەتتە ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق شەكلى بولۇپ قالدى.

خۇدا ئىنسانلارنى چەكسىز پەرقلىق قىلىپ ياراتقان، ئىقتىدار ۋە جىسمانىي جەھەتتە، ئەقىل ۋە يېتىلىش جەھەتتە پەرقلىق ياراتقان بولسىمۇ لېكىن ئىنسانلارنى ھوقۇق جەھەتتە ئوخشاش ياراتقان ئىدى. مۇئەييەن جەمىيەت پۇقرالىرىنىڭ قىزىقىشى، ئارزۇ ھەۋەسلىرى ئوخشاش بولمايتتى. ختاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ قىزىقىشى، بەخت قوغلىشىش قاراشلىرى، بەختكە ئېرىشىشىنىڭ ئۇسۇل تەدبىرلىرىمۇ پەرقلىق بولاتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرنى ئاقلىمايمەن ئۇيغۇرنىڭ پارا ئېلىش ۋە خيانەت قىلىش ئەنەنىسى يوق . ۋە بۇنداق شارائىتىمۇ يوق. ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقى ئۇيغۇرنى شۇنداق نىيەتكە كېلىشتىن بۇرۇن چەكلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر پارا ئالمەن، خيانەت قىلىمەن دېسىمۇ ئۇيغۇرغا بۇنداق ئىمكانىيەت يوق. لېكىن ھوقۇقلۇق ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ بىر ئىش قىلماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى كۈندە پارا بېرىشكە زورلىشى ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادى جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەكلىنى ياراتتى . ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ختاي كۆچمەنلىرى ۋە ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور ھالڭ پەيدا بولدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ختاي كۆچمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك، باراۋەرسىزلىك دەل مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە پەيدا بولدى. بۇنداق تەڭسىزلىك ختاي مىللەتچىلىكىنى قانچىلىك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلسا ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ شۇ دەرىجىدە كۈن تەرتىپكە كېلىشىگىمۇ تەرەپسىز تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇيغۇر بىلەن ختايلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تىل يوق، بۇنداق

دېيىش ئات ئايلىخانغا يول سارىخانغا دېيىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇيغۇر بىلەن خىتاينىڭ جەمىيەت ، ئائىلە قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. خىتايلار دىنسىز، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئىشىنەتتى . ئۇيغۇر بىلەن خىتاي بىر مەھەللىدە ، بىر شەھەردە، بىر مەكتەپتە بىللە ئوقۇسىمۇ، بىللە ئىشلىسىمۇ بىر بىرىگە ئىشەنمەيتتى، بىر بىرى بىلەن ئىناق ئۆتمەيتتى . خىتاي بىلەن ئۇيغۇردىن يەنە باشقا مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن مۇستەملىكە ئۇيغۇرجەمئىيىتى مىللەتلەر ئارا رىقابەتچىلىك، مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك، مىللەتلەر ئارا دۈشمەنلىك بىلەن تەشكىللەنگەن جەمىيەت بولغاندا خىتاي كۆچمەنلىرى هوقۇقلۇق، ئىمتىيازلىق ئورۇندا تۇرۇپ، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى، ئۇيغۇرلار هوقۇقسىز ئىمتىيازسىز بىرئورۇندا تۇرۇپ، مىللىي زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق بولمىغان تەرىپىنى تەشكىللەيتتى. يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتلەرگە قايىل بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويايلى . بىر ئادەم ياكى بىر گۇرۇپپا ئادەم مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم هادىسىگە دۇچ كەلگەندە قانداق هېسسىيات ۋە قانداق كەيپىياتتا بولىدۇ؟ قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ؟ خىتاي بىلەن ئۇيغۇر بۇنداق مەسىلىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ . ماددىي مەنپەئەت ۋە باشقا ئوبيېكتلارغا ئىگە بولۇش جەھەتتىمۇ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ قوللانغان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئېرىششنىڭ نەتىجىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .

مۇستەملىكىچىلەر، بولۇپمۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى مەنىۋىيەت، روھىيەت، دىنىي ئېتىقاد، مائارىپ ساھەسىدە مۇستەملىكە مىللەتنىڭ مەنبەلىك روھى ئاساسلىرىنى ئاستا ئاستا چىرىتىپ، بىت چىت قىلىپ ، ھەربىر شەخسنىڭ روھى كۈچى ۋە هېسسىيات كۈچىنى ئۈپرىتىپ مىللەتنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئەنەنىۋى مەدەنىيەت ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن ئايرىۋېتىپ روھىي جەھەتتە قۇل قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. بولۇپمۇ بۇ مەسىلىدە ئادەملەر دىققەت ئاغدۇرىدىغان بىر ئوبيېكتىپ مەسىلە ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدۇر. ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئۆزئارا قويۇق باردى - كەلدى قىلىش مۇناسىۋەتلىرى، سالام - ساھەت مۇناسىۋەتلىرى، بىر بىرىگە مېھرى مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش مۇناسىۋەتلىرى، بىر بىرىگە

كۆيۈنۈش، ئىشىنىش مۇناسىۋەتلىرى ، بىر بىرىگە سەممىي سادىق بولۇش مۇناسىۋەتلىرى ، مۇستەملىكە جەمىيەتتە ھەرگىز چىقمىچلىق قىلمايدىغان ئادەت مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك ، دېگەن مەسىلىدۇر . بىراق خىتاي زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويىدىغان مىللەتچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزارا مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىسىم پەيدا قىلىپ ئۇيغۇر ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى يىرىكلەشتۇردى . ئادەمنى ئادەمدىن ياتلاشتۇردى. ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى ئادەمدىن ياتلاشتۇردى. ئادەم ئادەمگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان مۇھىت ياراتتى. ئادەم بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا سۈنئىي زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى. بىر بىرىگە ئىشەنمەيدىغان كەيپىيات ياراتتى . ئادەملەر ئارا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئوچۇق ئاشكارىلىقنى ۋەھىمە، تەھدىت ئارقىلىق تونجۇقتۇرۇپ ئادەم ئادەمدىن ئەيمىنىدىغان، ئادەم ئادەمدىن قورقىدىغان ،ئادەم ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان بىر خىل مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىگە ئېلىپ كىردى . بەلكى بۇ دائىرە دېگۈدەك مۇستەملىكە جەمىيەتتە ياشاۋاتقان مۇستەملىكە ئۇيغۇرلارغا پەقەت بىر خىل جەمىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرسىمۇ ھەربىر ئۇيغۇر ئۇچۇن دىلو تۇرغۇزغان خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى ئۈچۈن بىخەتەرلىكتىن ئېيتقاندا داۋاملىق قول سېلىپ جەمىيەتنى پەقەت شۇنداق يوسۇندا تەشكىللەپ، ھۆكۈمرانلىققا خاتىرجەملىك يارىتىش مۇستەبىت خىتاي زوراۋانلار ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ۋە مۇستەملىكىلىرىگە مىللەتچىلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

مۇستەملىكە جەمىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانداق ياتلاشقانلىقىنى، جەمىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى مۇشۇ ئاساستا تىكلەنگەن ھوقۇقى مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە چۈشىنىپ ، بىلىپ يەتكەندىن باشقا، ئادەملەر مۇناسىۋەتلەر ياتلاشقان بىر جەمىيەتتە قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن قول سېلىپ مۇستەملىكە جەمىيەتنىڭ زادى قانداق بىر جەمىيەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ جەمىيەتتىن ئىدىيە جەھەتتە قانداق ھالقىپ چىقىپ كېتىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشى لازىم بولىدۇ . چۈشەنگەندە

ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىدۇ .

بىر جەمىيەتتە بىر ئادەمنىڭ كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ ياشايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك ، بىر كوللىكتىپ ياكى بىر جەمىيەت ئىچكى جەھەتتە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن كۆرەشلەر ئارقىلىق چەك چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەندە ، بۇنداق كوللېكتىپنىڭ جەمىيەت كوللېكتىۋى ياكى مىللەت كوللېكتىۋى ئىكەنلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . بۇنداق جەمىيەتتە ياشىغان ئادەمنىمۇ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ . بەلكىم بۇنداق ئادەم ئىپتىدائىي جەمىيەتتىكى ئىپتىدائىي هايۋان هالىتىگە قايتىپ كەتكەن ئادەمدۇر . خۇدا ئۇيغۇرلارنى شۇ كۆنلەردىن ئۆزۈڭ ساقلا!

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب : قەدىر قىممەت قاراشلىرى دېگەن نېمە؟

مىللەت ۋە مىللەتچىلىك مەسىلىسى تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا مىللەتنىڭ غورۇرى مەسىلىسى ۋە مىللەتلىك قەدىر قىممەت مەسىلىسىدۇر .

قەدىر ـ قىممەت ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسان ئالدىدىكى قەدىر قىممىتى، ئىنساننىڭ دۆلەت، هوقۇق ئالدىدىكى قەدىر ـ قىممىتى قاتارلىق هادىسىلەرگە ئىنسانلار ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن شەرمى هاياغا، غورۇغا، ئار نومۇسقا، ئەقلىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىر قىممەتكە باغلىق هادىسىلەرگە ۋە بۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن ئەهمىيىتى بارمۇ يوقمۇ؟ دەيدىغان مەنا ۋە ئەهمىيەتكە باغلىق ئىشلارغا، هادىسىلەرگە دائىم دوقۇرۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئادەتتە قەدىر ـ قىممەت دەيدىغان ئۇقۇم بىلەن تەرىپلىنىدىغان هادىسىلەردۇر . تۇرمۇشتا ئادەملەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىختىيار قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشلارنى ئىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ياكى بىر ئىشنى پىلانغا قويۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك بولىدۇ ياكى بىر ئەهمىيەتلىك ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئادەملەر شۇنداق چاغدا ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەهمىيىتىنى بىلىش ئۇ ئەهمىيەتنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك دەرىجىدە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالىدۇ. مەسىلەن ئادەملەر ئەمگەك قىلىدۇ، ئەمگەكنىڭ ئادەملەرگە ئەهمىيىتى

قانچىلىك؟ بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم يەنە بىر تەرەپ شۇكى، ئەمگەك قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەمگەك جەريانىدا قەدىر قىممىتى قانچىلىك، ئادەملەر ئەمگەك ئارقىلىق قىممەت ياراتتى يەنى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى ياراتتى دېيىلى. يەنە شۇ ئادەم ئوخشاشلا ئەمگەك جەريانىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭمۇ يارىتالامدۇ يوق؟ ئادەملەرنىڭ ئۆزارا ئالاقىلىرىدا، ئادەمنىڭ قەدىر قىممىتى بۇلۇش بولماسلىقى يەنە نېمىگە باغلىق بولىدۇ؟ ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە، تۇتقان ئورنى نېمە؟ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ ئورنى نېملەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ دەيدىغان سوئاللاردىن پەيدا بولىدىغان مۇشۇ ساھەدە ياكى تۇرمۇشتا ئادەم ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان، بىلەلەيدىغان قىممەت بولىدۇ ۋە ئەھمىيەت بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئەھمىيەتنى كەڭ مەنىدىن كۆزەتسەك ئەھمىيەتنىڭ مەنىسى بىز تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان قىممەتكە تەڭ بولىدۇ. بۇ يەردە ئەھمىيەت بىلەن قىممەتنى ئوخشاش ئۇقۇم مەنىسىدە بىر يەرگە قويۇشقا بولمىسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن بۇ ئىشنىڭ قىممىتى دېگەن مەسىلىدە بۇ ئىش ھەركىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىق بولۇپ قالىدىكەن . شۇڭا قەدىر قىممەت مەسىلىسى تۇرمۇشتا ھەر بىر ئادەم ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن ئېتىكا ساھەسىدە ئادەم، قانداق ئادەم بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىدە ئادەم مەقسەت، پىلان بويىچە ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك بولىدىغان مەسىلە «ئاقىلانىلىك، ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك قاتارلىق» ئەخلاقىي مۇئامىلار بىز قوغلىشىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغاندىن باشقا، بۇ مەسىلە ئوخشاشلا بىز ئىزدىنىدىغان بەخت مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشتا مۇئەييەن ئادەمنىڭ كونكرېت «ئەھمىيەت» كە كۆڭۈل بۆلۈشى بۇ ئادەمنىڭ «مۇ ئەييەن قەدىر قىممەت» قارىشىغا ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىن تاشقىرىدىكى، كۈچى يەتمەيدىغان، ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان شەيئىلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى قانداق بولىدۇ؟ شۇ ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسىنى، مۇئامىلىسىنى بەلگىلەيدىغان ياكى ئادەملەرنىڭ پوزىتسىيىسى، مۇئامىلىسى ئاساسلىنىدىغان ئۆلچەم، ئادەملەرنىڭ

سۇبيېكتىپ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن تاشقى دۇنيادا شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىدىغان ئۆلچىمى زادى نېمە؟ دائىمى تۇرمۇشىمىزدا نېمىگىدۇر مۇھەببەت قويۇمىز، نېمىگىدۇر نەپرەت قويىمىز. نەپرىتىمىز بىلەن مۇھەببىتىمىزنىڭ ئوبيېكتى بەزىدە بىرلا ئوبيېكت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئوبيېكتىپ بىزنىڭ ئىرادىمىزغا بېقىنمايدۇ. نېمىدىن خۇشال بولىمىز ھە نېمىدىن بىزار بولىمىز، نېمىنى قىزغىن سۆيىمىز ۋە نېمىنى ئۆچ كۆرىمىز، نېمىنى قوبۇل قىلىمىز ۋە بەزىدە نېمىنى رەت قىلىمىز، مۇشۇ ھال، بىزنىڭ ئېڭىمىز تەرىپىدىن پوزىتسىيىمىز ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان مۇشۇ ھال، بۇ بولسا ئەھمىيەتلىك، ئۇ بولسا ئەھمىيەتسىز دەيدىغان تاللاش بىلەن پائالىيەت قىلىۋاتقان بىر ھالەت بولۇپ قالىدۇ. كەڭ مەنىلىك قىممەت قارىشى دېگىنىمىز بۇ ھادىسە بىزگە ئەھمىيەتلىكمۇ، بۇ ھادىسە بىزگە ئەھمىيەتسىزمۇ دەيدىغان تاللاش باسقۇچىغا يەتكەندە تاللاش، ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئىنسانغا ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق نەرسە زادى نېمە دېگەن سوئالغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. مەلۇم سالاھىيەت ـ جەمىيەتتە تۇتقان ئورنىمىز، سالاھىيىتىمىز مەلۇم مەنپەئەت ئادەمنىڭ ياشاش شارائىتلىرىغا شەرت بولغان مەنپەئەت ئوبيېكتلىرى، جەمىيەت ۋە تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك يۈز بېرىدىغان شەيئى ھادىسىلەر، مۇشۇ دۇنيانى دۇنيا قىلىپ تۇرغان ئىكەن، ئېتراپ قىلىنغان ئىكەن، شۇنداق مەلۇم بىر نەرسىنىڭ پايدىسى نېمە؟ زىيىنى نېمە؟ دەپ سوئال قويۇش تەبىئى بولىدۇ. گەپنى پۈررۈنىدەك سوزۇپ ئولتۇرماي پوسكاللىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق، ئادەمنىڭ قەدىر قىممىتىگە مۇۋاپىق شۇ ئادەمنىڭ جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق نېمە؟ قەدىر قىممەت مەسىلىسىنىڭ ئەخلاققا مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ئەخلاقشۇناسلارغا قالدۇرۇپ، بىز بۇ يەردە قەدىر قىممەت مەسىلىسىنى ھوقۇققا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز .

ئىنسان تۇرمۇشتا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن ئىنسان ياشاۋاتقان جەمىيەتنىڭ قانۇنى بولىدۇ، ھەم ئەخلاقى بولىدۇ . شۇڭا ئىنسانىنىڭ ھەددى ھەرىكىتى ئەخلاقىنىڭ، قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئەمما ئەخلاقنى بىر كىشى كەشىپ قىلالمايدۇ. ئەخلاق ئىنسانىنىڭ ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن، ئەنئەنىۋىلەشكەن، ئىنسانلار ھەددى ھەركىتىنىڭ مىزانىدۇر. ئۇيغۇرلار قاچانكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇندىن بېرى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئەمما قانۇن ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان، ئىنسانلار تەرىپىدىن بىكار قىلىنىدىغان شۇنداق بىر نەرسىدۇر. شۇڭا بۇ يەردە قانۇن ئىنسانلارنىڭ بەزى ھەركەتلىرىنى قىلىشغا يول قويىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بەزى ھەركەتلەرنى قىلىشغا يول قويمايدۇ. قانۇن يول قويغان ھەركەتنى قىلىش مانا بۇ ھوقۇق، ساڭا بېرىلگەن ھوقۇق دېگەنلىكتۇر. قانۇن قانداق ھەركەت قىلىشقا يول قويىدۇ؟ قانداق ھەركەتنى قىلىشقا يول قويمايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە قانۇننىڭ دائىرىسىدىكى ئىش. ھەم سېنىڭ قانۇن ئالدىدىكى قەدىر قىممىتىڭ قانچىلىك؟ دېگەن مەسىلىگىمۇ باغلىق ئىشتۇر. قانۇن قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ، ئىرادىسىنىڭ، ھوقۇق شەكلىگە كەلتۈرۈلۈشى دېيىلىدىغان بولسا، ئەڭ مۇھىمى قانۇن، قانۇن تۈزگۈچى مىللەت ئەخلاقىنىڭ پەلسەپەۋى ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. گەپنىڭ ئاچقۇچى بۇ يەردە، گەپنىڭ مېغىزى بۇ يەردە. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ھەركەت قىلىشغا يول قويغان، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ھەركەت قىلىشىنى چەكلىگەن؟ خىتاينىڭ ئاتالمىش قانۇنلىرىنى كىم تۈزگەن، خىتايلار تۈزگەنمۇ ياكى ئۇيغۇرلار تۈزگەنمۇ؟ خىتاينىڭ قانۇنى ئەلۋەتتە خىتايلار تۈزگەن قانۇندۇر. خىتاي تۈزگەن قانۇنغا ئۇيغۇرنىڭ ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بولامدۇ ؟ لېكىن ئۇيغۇر ئەمەل قىلىمەن دېسىمۇ ئەمەل قىلمايمەن دېسىمۇ، بەرىبىر ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . چۈنكى ئۇيغۇرىستان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدۇر. قانۇن يول قويغان دائىرىدە ھەركەت قىلىش - بۇ ساڭا بېرىلگەن ھوقۇق دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا خىتايلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ھوقۇق نېمە؟ ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇق ئالدىدىكى قەدىر قىممىتى نېمە؟ ئۇيغۇرغا تەبىئەت بەرگەن ھوقۇق ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، يوقاتقىلى بولمايدىغان ھوقۇق شەكلى بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى!؟ ئاددىي بىر مىسال ئۆيلۈك _ ئوچاقلىق بولۇش، تەبىئى كۆپىيىش بۇ ھوقۇق، تەبىئەت

ئۇيغۇرلارغا بەرگەن تەبىئىي مۇقەددەس ھوقۇقلار ئىدى. ئەمما خىتاي بۇ ھوقۇقلارنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ ئالدى. ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بەخت يارىتىش تەبىئەت ئۇيغۇرلارغا بەرگەن مۇقەددەس ھوقۇقى ئىدى، ئەمما خىتاي بۇ ھوقۇقنىمۇ ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ ئالدى. قانداق تارتىپ ئالدى؟ ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى باھا قويۇپ، بازارغا ئېلىپ كىرىش ھوقۇقى بارمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلىرىدا ئۆزلىرى خالىغان ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلەرنى تېرىش ھوقۇقى بارمۇ ؟ يوق ! چۈنكى، خىتاي ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارغا تەبىئەت بەرگەن ئەڭ ئالىي ھوقۇق - دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك شارائىتلىرىنىمۇ تارتىپ ئالدى. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇقى ئالدىدىكى قەدىر قىممىتى نېمە دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟ ئۇيغۇرلار ئالەمگە دۇنياغا، جەمىيەتكە قاراتقان پوزىتسىيىلىرىدە ۋە مۇئامىلىلىرىدە ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قاراشلىرى نېمە ؟ دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇيغۇر نېمىنى ئۆزىگە پايدىلىق نېمىنى ئۆزىگە زىيانلىق دەپ قارايدۇ؟ ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرى نېمە؟ دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلدى

ئادەملەرنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز پائالىيەت قىلىشى، سۇبيېكتىپ ياكى ئوبيېكتىپ پائالىيەت قىلىش جەريانىدا ئادەملەرنىڭ پائالىيىتىگە قىممەت قاراشلىرىنىڭ باغلىنىپ قېلىشى ماھىيەتلىك بولىدۇ. ناۋادا قىممەت بىلىشتىن ئايرىلىدىغان بولسا، سۇبكتتىن ئايرىلىدىغان بولسا قىممەت ۋە ئەھمىيەت ۋە رېئال مەناغا ئىگە بولالمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا قىممەت ۋە ئەھمىيەت سۇبيېكتىپ بىلىش ئامىلىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. بىلىش سۇبيېكتىدىن ئايرىلغاندا قىممەت، قىممەت بولالمايدۇ. ئەھمىيەت ئەھمىيەت بولالمايدۇ . شۇڭا مەۋجۇتمۇ بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن سۇبيېكت بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىگە نەزەر ئاغدۇرغاندا، بۇ نەرسە مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، بۇ نەرسە مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز دەپ ھۆكۈم قىلالىشى كېرەك. مەسىلەن خىتاي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق تەكىتلەيدۇ. ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» نى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇستەملىكىچى خىتايلار

ئۇچۇن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. پەقەت ئۇيغۇر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش بۇ خىتاي ئۇچۇن ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. مۇستەملىكە ئۇيغۇرچەمىيىتىدە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى دەپتىرىگە يېزىۋالغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دەيدىغان ساختا چاقىرىقتا ئۇيغۇرلار ئىشەنمەيدۇ ۋە ئەھمىيەتسىز چاقىرىق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ھادىسىنىڭ ئەھمىيەتلىك بولۇشى، بۇ ھادىسىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قىممەت يارىتىش ئەھمىيىتى، بۇ ھادىسە باغلىق بولغان ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ئارقىلىقلا شۇ ھادىسىنى قىممەتكە، ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە باشقا ھۆكۈمگە، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە، يەنە باشقا ھۆكۈمگە ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ نۇقتا خىتاينىڭ قىممەت قارىشى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ، قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم نۇقتىدۇر. دېمەك ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، مۇستەملىكە جەمىيەتتىكى ئورنۇم نېمە دەپ، سوئال تاشلاپ ئۆزىنى كۆزەتكەندە، ئۆزىنى بىلگەندە، بۇ كىشى ئۆزىنى ئوبىيېكتلاشتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىپ ئالغان كىشى ھېسابلىنىدۇ

ئۇيغۇر ئىنسان نۇۋەتتە ھوقۇقنىڭ ئوبىيېكتىمۇ ياكى ھوقۇقنىڭ سۇبيېكتىمۇ؟ ئەسلىدە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغان بولسا ھەر بىر ئۇيغۇر ھەم ھوقۇق ئوبيېكتى ھە ھوقۇق سۇبيېكتى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇيغۇرىستان خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغاندا مۇستەملىكە ئۇيغۇر ھەرگىز ھوقۇق سۇبيېكتى بولالمايدۇ. پەقەتلا ھوقۇق ئوبيېكتى - خىتاي تۈزگەن قانۇننى ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىجرا قىلىدىغان، قانۇننىڭ كۈچىنى ئۇيغۇرغا قارىتىپ تەدبىقلايدىغان، نېمىنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر نىڭ تۇرمۇشى ئۆرپى ئادەتلىرىگە ئاساسلىنىپ بەلگىلەيدىغان ھوقۇق ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق مۇستەملىكە جەمىيەتتە ھوقۇق بېرىدىغان نەرسە ئەمەس، تارتىپ ئالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھوقۇقنىڭ نېگىزى، ئاساسى ئادالەتتۇر ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا ئادالەت بىلەن، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن

مۇئاملىلە قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ سىياسىي كۈرەش ۋە سىياسەتنىڭ ئوبيېكتى مەنپەئەت بولغانىدەك، ھوقۇق ئىشلىتىشتىن مەقسەت مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى، مەنپەئەت قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەر بىر ئۇيغۇرنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشقا باراۋەردۇر. ھەر قانداق ئادەم مۇئەييەن جەمىيەتتە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم. مۇئەييەن ئورۇندا ھەر بىر ئادەم مۇستەقىل ياشاش، ئۆزئارا بەھىر يەتكۈزۈش ئاساسىدا مۇستەقىل ياشاشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم مۇئەييەن شارائىتتا، ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئەمگەك قىلىپ، مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىشى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن قانۇننىڭ دائىملىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىشى لازىم بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىك پائالىيەت سۈپىتىدە ئۇيغۇرنىڭ قولىدا تەدبىقلىنىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ نۆۋەتتە مۇستەملىكە جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى قۇلنىڭ قۇللۇق جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن تامامەن ئوخشاشتۇر. شۇڭا ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە جەمىيەتتە ھوقۇقنىڭ ئالدىدا قەدىر قىممىتى يوق، شۇڭا ھەر بىر ئۇيغۇر ئەمگەك قىلىش جەريانىدا، جەمىيەتتە ياشاش جەريانىدا مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى يارىتالايدۇكى ھەرگىز ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنى، ئادىمىلىك قىممىتىنى يارىتالمايدۇ.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قەدىر قىممەت قاراشلىرىنى قانداق تىكلىشى كېرەك؟

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب : داھىي ۋە ئىنقىلاب

مىللەت مۇستەملىكە بولۇپلا قالىدىغان بولسا، مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىش، مۇستەملىكە مىللەتنىڭ مۇستەملىكىچىلىكتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشىدا مۇقەررەر ۋاستە بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا رەھبەرلىك بىلەن ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئىنقىلاب قىلغۇچىلار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپكى مەسىلە بولۇپ قالىدۇ . ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن داھىي بولۇشى ۋە داھىغا ئەگەشكۈچى ئىنقىلابچىل پۇقرالار بولۇشى

كېرەك. بىر ئىنقىلابنى قوزغاش بىلەن ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇش ياكى مۇستەملىكچىلەرنىڭ متروپولوگىيەلىك ھاكىمىيەت شەكلىنى ئاغدۇرۇپ مەزلۇم مىللەتنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش كېرەك . بولۇپمۇ مۇستەملىكە مىللەتلەر ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇش ئەڭ ئالى نىشان بولۇشى كېرەك. شۇنداق، ھەممىمىز بىلىمىز تارىخ ئەسىرلەرنى، نۇرغۇن ئەسىرلەرنى بېسىپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگۈچە شۇ تارىختا قوراللىق ئىنقىلابمۇ بولغان ئىدى. سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىش ئىنقىلابىمۇ بولغان ئىدى؛ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل بولىدىغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى. باشقا دۆلەت مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەنە باشقا مىللەتنى ئازاد قىلىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى . ئەمدى كېلەيلۇق، زامانىمىزدا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەر ئۆزلىكىدىن تىنىچ يول بىلەن گۇمران بولۇپ مۇستەملىكىسى ھېسابلانغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئۆز ئىختىيارى يول قويىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن روسىيەدە شۇنداق بولدى. ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك دۆلەت مۇستەملىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بېرىۋەت دېسە، بېرىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن، ھىندونېزىيە شەرقىي تېمۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى بېرىۋەتتى...

تەييار دۆلەتكە ياكى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولۇپ دۆلەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان دۆلەتكە ، بىر قانچە خىل سىياسىي مەسىلەكنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپلا سايلام ئارقىلىق داھىي بولۇش ئاسان ئىش دېمىسەكمۇ، لېكىن، تولىمۇ قىيىن ئىش ئەمەس . سايلام تىنىچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ،قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت قۇرۇش يولىدا سىياسىي ئۆزگىرىش، قوراللىق ئىنقىلاب بىلەن دۆلەت قۇرۇش يولىدا قان تۆكۈش بولىدۇ، ئۆلۈم يېتىم بولىدۇ. بۇنداق ئىنقىلابقا داھىي بولۇش ئۈچۈن سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىش، قۇربان بېرىشكە، بەدەل تۆلەشكە تەييار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچرىغانلىكى ئوغۇل بالىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنداق قەھرىمانلار بەدەل تۆلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولىدۇ . خەلق بۇنداق كىشىلەرنىڭ

نوپۇزنى ئۇمد، ئىشەنچ، ئىلھام ئېلىش،تەسىرلىنىش بىلەن تىكلەشتىن ئىلگىرىلا بۇنداق كىشىلەر ۋەتەن مىللەتكە بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ بولغان بولىدۇ. بۇنداق نوپۇز تىكلەش، ئىنقىلابقا بۇ دەرىجىدە داھىي بولۇش ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس.

ئىنقىلاب قانداق پارتلايدۇ؟ دەپ سوئال قويغان كىشى ،ختاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى، تىبەت بىلەن ختايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نېمە؟ ختاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرى نېمە ؟ دېگەن سوئاللاغا ئاۋال جاۋاب تېپىشى كېرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار 62 يىلنىڭ مابەينىدە ھەر 2 يىلدا بىر قېتىم ياكى بىر يىلدا 2 قېتىم، بەزىدە كۆلەملىك، بەزىدە كۆلەمسىز ئىنقىلاب قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ختاينىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى مەيلى پارتىيە تەشكىلي شەكلىدە ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن مەيلى ئارمىيىنىڭ باستۇرۇش زوراۋانلىقى ياكى مەدەنىيەت زوراۋانلىقى شەكلىدە ئۇيغۇرغا ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن ئۇيغۇرلار، ختاينىڭ ئۇيغۇرغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ،مىللەتنىڭ مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قۇبۇل قىلمىدى، كەسكىن رەت قىلدى . ئەمدى بۇگۈنگە كەلسەك، ئۇيغۇرنىڭ تىلى، ئۇيغۇرنىڭ دىنى، ئۇيغۇرنىڭ تەبئى كۆپىيىشى، ئۇيغۇرنىڭ يەر ئاستى بايلىقى، ئۇيغۇرنىڭ سودا تىجارەت ئەنەنىسى، ئۇيغۇرنىڭ ھەرخىل، مەسىلەن تەنتەربىيە دېگەندەك مەدەنىيەت شەكىللىرى، ئۇيغۇرنىڭ باي بولۇش ھوقۇقى ئۇيغۇرنىڭ ئاچ قالماسلىقى ھوقۇقى، داۋالىنىش، ئائىلىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئۇيغۇرنىڭ ئەنەنىۋى كىيىم كېچەكلىرىنى كېيىش ، ھىجاپ تارتىش ھوقۇقى، بۇرۇت ساقال قويۇش، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش ھوقۇقى، ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇش، ئانا تىلدا سۆزلىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلىرى تەھدىتكە، يوقتىشقا دۇچ كەلدى. ياشاش ئۈچۈن ئۇيغۇرغا نېمە يول قالدى؟ مېنىڭچە ئۇيغۇرغا ئىنقىلاب، قوزغىلاڭ ، قوراللىق كۆرەش ۋە نامايىشتىن باشقا يول قالمىدى . بىراق ختاينىڭ باستۇرۇشى،قانۇنىي دېگەننى شىپى كەلتۈرمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا قورال - بارمۇ يوقمۇ؟ تىنچ يول بىلەن ئىنقىلاپ قىلىۋاتامدۇ، دەپ سۈرۈشتە قىلماي، قارا - قويۇق ئوق چىقىرىپ، ئارمىيىدە ۋېزنۇۋوتتىن تۆۋەن دەرىجىلىك

ھەربىيلەرگىمۇ ئوق چىقىرىش ھوقۇقى بېرىپ، ساقچىلارغىمۇ ئوق چىقىرىش ھوقۇقى بېرىپ، ئۇيغۇرلاردىن سەل پەل كەپسىزلىك قىلغان كىشىلەرنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاپ، قىسقىسى ئۇيغۇرنى شۇ دەرىجىدە باستۇرۇش ھازىر خىتتاينىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بولدى. ئۇيغۇردىمۇ خىتايغا ئىشىنىدىغان ئۈمىد قالمىدى. خىتايدىمۇ ئۇيغۇرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرالايدىغان ئىشەنچ قالمىدى.

62 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىغا، ئۇيغۇرنىڭ نامايىشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلغان، نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلغان، باشلامچىلىق قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئوت يۈرەك ئوغۇل - قىزلىرى، بىرى يىقىلسا يەنە بىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىرى كۆزنى يۇمسا بىرى كۆمۈپ قويۇپ ئاۋۋالقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . ئىنقىلابنىڭ نېگىزلىك شەرتلىرى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلابىي قوشۇن بولۇشى كېرەك. ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان رەھبەرلىك كۈچى بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىدۇر. رەھبەرلىك مەسلىسى توغرا ھەل قىلىنمايدىكەن، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىگە، مەغلۇبىيىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. داھىي ئەگەشكۈچىلەرنى يېتەكلەپ بىر نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۆرەش قىلىدۇ. بەلكىم بۇ نىشان داھىي بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنى،مۇددىئالىرىنى، ئارزۇ تەلەپلىرىنى، مەسئۇلىيەت،غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. داھى بىلەن يۇقىرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت داھى بىلەن پۇخرانىڭ مەنپەئەت بىرلىكى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن مەنپەئەت بىرلىكىنى داھى بولغان كىشى قانداق چۈشىنىشى كېرەك ۋە قانداق تەشۋىق قىلىشى كېرەك ؟ پۇقرا قانداق چۈشىنىشى ۋە قانداق قوبۇل قىلىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە، بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلىدۇر. ۋەتەن ،مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىپ ئىنقىلاپ ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرالايدىغان روھ، بۇ ھەممە كىشىگە ئاتا قىلىنغان روھمۇ، ھەممە كىشى مۇشۇنداق روھنى داۋاملاشتۇرالامدۇ؟ ئىنقىلابقا ۋە سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشقان ھەر قانداق كىشىنىڭ مەقسەد - مۇددىئالىرى ئوخشاش بولامدۇ؟ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق تەرىپى دەل مۇشۇ يەردەدۇر. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىنقىلاپ ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى نىمە؟ دىگەن بۇ مەسىلىمۇ، چەت ئەللەردىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ نەتىجە، داھىينىڭ ئىقتىدارى، داھىنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ۋە مۇددىئا مەقسەتلىرى نىمە ،دىگەن مەسىلىگىمۇ باغلىقتۇر. دىمەك بۇ يەردە ئىنقىلابنىڭ داھىيسى كىم؟ ئەگەشكۈچىلەر كىم،دىگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزىمۇ مۇشۇ يەردە، بۇ ئىنقىلاب غەلىبە قىلامدۇ ،غەلىبە قىلامدۇ؟ دىگەن مەسىلىمۇ دەل مۇشۇ يەردەدۇر. ئۇنداقتا ئىنقىلاپ كىمنىڭ ئىنقىلابى دىگەن مەسىلىچۇ؟ بۇ مەسىلىلەر بەلكى ئاساسنىڭ ئاساسىدۇر .

ئاۋۋالقى بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا نەزەر ئاغدۇرايلى. ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ئىنقىلابقا كىم رەھبەرلىك قىلدى؟ (مەن بۇ يەردە ياقۇپ بەگدىن باشقا رەھبەرلەرنىمۇ كۆزدە تۇتتۇم). ئەسكىرى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرى قوقاندىن كەلگەن ئۆزبېكلەر، سابىق داموللا دەۋرىدە ئىنقىلابقا كىم رەھبەرلىك قىلدى؟ تۈركىيەدىن يېتىپ كەلگەن تۈركلەر، سابىق سوۋېتلەردىن قېچىپ كەلگەن قىرغىزلار (جانبەكنى شۇنداق ئويلىدىم ) ۋە سېتىۋالدىجاندەك ئۆزبېكلەر، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، يان - تاياقلىرى كىم بولدى؟ كېيىن بۇ يان تاياقلار يەنە كىم بولدى؟ تۇڭگانلار... دوستۇم، ئىنقىلاپ مۇشۇنداق بولامدۇ!!! ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابى ئۈچۈن، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تۈركلەر، تۇڭگانلار جان بېرىپ ئىنقىلاب قىلىپ بېرىدىغان ئىش بارمىدى؟ دوستۇم ! ئۇنىڭدىن باشقا بۆگۈن خىتاينىڭ قولىدا قۇل بولۇپ خىتايغا ئىشلەيدىغان، ئەتىسى ئورۇسقا ئىشلەيدىغان، يەنە بىر كۈنلىرى كىمگە... كىمگە ئىشلەيدىغان، ئادەملەر ئىنقىلابتا رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىۋېلىپ، تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ،چەتئەللەردە ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيىتىنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ ياكى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي داۋالىرىغا، ۋەتەن ئىچىدە بولسا ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىغا تۈرلۈك يوللاردا، تۈرلۈك مەقسەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ بۇ كىشىلەر، ئۇيغۇرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە مۇمكىنلىك بەرمىدى. نە ئۇيغۇرنىڭ تارىخچىلىرى نە ئۇيغۇرنىڭ

سىياسىيونلىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىر خۇلاسە چىقىرالمىدى. ھەدەپ ئۆتمۈشكە چوقۇنىۋەردى. تارىختىكى شەخسلەرنى تارىختىن تارىخقا، سەھنىدىن - سەھنىگە سۆرەپ يۈرۈۋەردى. بۇ شەخسلەر( ئەسلىدە تارىخىي شەخس دېگەن تارىخنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلا ئەمەس بەلكى تارىخنىڭ ئۇيغۇرغا مايىل خاھىشى بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان كىشى تارىخىي شەخس ھېسابلىناتتى.) زادى كىم؟ دەپ سوئال قويۇشمىدى. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلاب ۋە سىياسىي پائالىيەت قوشۇنى ساپ بولمىدى، پاك بولمىدى، تازا بولمىدى، ساز بولمىدى. ئۇيغۇر قىلىدىغان ۋە ئۇيغۇر قىلغان ئىشنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر مەغلۇب بولۇپ كېلىۋەردى .

## ئوتتۇزىنچى باب: ئۆزبېك ئېلخان تۆرەنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا داھىي بولۇۋېلىشى

مىللەتلەر ئارا، ئېتنىك قۇرۇلمىسى ئوخشاش مىللەتلەر ئارا، تىل يېزىقى، تىل يېقىنچىلىق، مەدەنىيەت يېقىنچىلىقى بولغان مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشەش ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە. بىز تۈركىي قېرىنداشلار دېيىلىپ تۇرسىمۇ، ھەممىمىز ساكسونلارنىڭ ئەۋلادى دېيىلىپ تۇرسىمۇ، ھەممىمىز سىلاۋىيانلار ئائىلىسىدىن بولىمىزغۇ دېيىلىپ تۇرسىمۇ، سۈرۈشتۈرگەندە ئۆز ئارا قازان باشقا، ئوچاق باشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىمۇ ھېسسىيات جەھەتتىكى يېقىنلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئىنسانلار رول ئالىدىغان ئىككى سەھنە بار. ئۇنىڭ بىرى ئادەتتىكى تۇرمۇش سەھنىسى، بۇ سەھنىدە ئادەملەر ۋە مىللەتلەر سەنمۇ ياخشى، مەن ھەم ياخشى دەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئىككىنچى بىر سەھنە - سىياسىي سەھنە. سىياسىي سەھنە. پەقەت شۇ مىللەتنىڭ، تېگىشلىك مىللەتنىڭ، ھەقىدا مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بىردىنبىر سەھنە بولۇشى كېرەككى، بىر مىللەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە ئىككىنچى بىر مىللەت رەھبەر، باشقۇرغۇچى بولۇپ چىقىۋالىدىغان بولسا مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالايىئاپەت، مىللەتكە

يېتىپ كېلىدىغان ئاپەت دەل شۇ يەردىن باشلىنىدۇ . ھەتتا بىلىپ _ بىلمەي ئاڭلىق_ ئاڭسىز رەۋىشتە مىللەتچىلىك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مۇستەملىكچى روسىيىلىك مۇژىكلار بىلەن مۇستەملىكچى ختاي تېجمەللىرى مىللەتلەر ئارا زىددىيەت پەيدا قىلغىلى بولىدىغانلىكى يوچۇق ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، 19 ـ ئەسىردىن بۇيان ئۈتنىك قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مەسلەن رۇزى باقىيېۋ ئۇيغۇرنى قازاقىستانغا سېكرېتار قىلىپ قويىدى . تاتار بۇرھان شەھىدىنى 1950 ـ يىلى ئۇيغۇرىستانغا رەئىس قىلىپ قويىدى. تاجىك كەرىموفنى ئۆزبېكىستانغا رەئىس، پرېزدېنت قىلىپ قويىدى. ۋاڭ ختاي جاڭ ختاينى ئۇيغۇرىستانغا سېكرېتار قىلىپ قويىدى. مېنىڭچە ھەر قانداق بىر مىللەت بۇنداق ئالماشتۇرۇپ باشلىق تەيىنلەپ، بۇنداق ئالماشتۇرۇپ نۆۋەتلىشىپ، غەيرىي مىللەتلەرنى يەنە غەيرىي مىللەتنىڭ قولى بىلەن باشقۇرۇشتىن ئىبارەت نابىاپ بىر ئۇسۇل بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش چارىسىنى ھەر قانداق ئۈتنىك مىللەت ھېسسىيات ۋە ئەقىل جەھەتتىن ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى. دىنىي ۋە ئۈتنىك قېرىنداشلىق ھېسسىيات جەھەتتە بىۋاستەلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە مەنپەئەت جەھەتتە ئۆزئارا تەقسىماتچىلىقمۇ ھېسسىيات جەھەتتە بىۋاستەلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشاشلىق بىردەكلىك بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى ھېسسىيات جەھەتتە بىۋاستەلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مەنپەئەت جەھەتتە ئورتاقلىقچۇ؟ مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىق بولامدۇ؟ ناتايىن. ھازىرغىچە تۈركچىلىكنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىگەن ئىككى مىللەتنىڭ بىرى تاتار يەنى بىرى ئۇيغۇر بولۇپ كەلدى. تاتارلار پان تۈركچىلىكنى ئىجاد قىلدى. ئۇيغۇرلار ھەتتا ئۇيغۇر دەيدىغان ئىسمى، مىللەتنىڭ ئۈتنىك ئىسمى بار تۇرۇقلۇق، قۇرۇلغان دۆلەتلىرىگە شەرقىي تۈركىستان دەيدىغان مەنتىقىگەيات بىر ئىسمنى قوللىنىپ كەلدى. تۈركىي قېرىنداشلىق، تۈركىي ئۈتنىكداشلىقنى، مېھرىبانلىقنى، ئۆز ئارا سەممىيەتنى تەكىتلەپ كەلگەن ئىككى مىللەت بار. ئۇنىڭ بىرى تاتار، ئۇنىڭ يەنە بىرى ئۇيغۇر. لېكىن ئۇيغۇرمۇ تاتارمۇ ئۆزىگە خاس دۆلەت قۇرالمىدى. مېھرىبانلىقنى تەكىتلىگۈچىلەر دۆلەت قۇرالمايدىغان، غەيرىلىكنى ياكى ۋەھشىلىكنى تەرغىپ

قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرالايدىغان قائىدە بارمۇ دۇنيادا ! ھازىرقى كۈندە دۆلەت قۇرغان قازاق، قىرغىزدەك، تۈرۈك ئازار بەيجاندەك دۆلەتلەر راستىنلا تۈركچىلىكنى ياقلايدىغان بولسا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ، تۈركچىلىكنى تەكىتلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرغان قېرىنداشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولاتتى . خۇددى ھىندىستاندا تىبەتلەرگە مۇساپىرلار لاگېرى قۇرۇپ بەرگەندەك ئوتتۇرا ئاسىيادا ياكى غەربىي ئاسىيادا قايسى بىر تۈرۈك دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا مۇساپىرلار لاگېرى قۇرۇپ بەرسە، بۇ تامامەن يوللۇق ئىش بولاتتى. نېگىزلىك مەنپەئەت مەسىلىلىرىدە بىر بىرىگە ئەسقاتمىغان قېرىنداشلىقنىڭ، ئېتنىكداشلىقنىڭ، دىنداشلىقنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمە كېرىكى بار؟ شۇڭا باۋ روم قازاقنىڭ سىياسىي سەھنىسى بۇ پەقەت قازاقنىڭ سىياسىي سەھنىسىدۇر. ئۆزبېكنىڭ سىياسىي سەھنىسى بۇ پەقەت ئۆزبېكنىڭ سىياسىي سەھنىسىدۇر. قىرغىزنىڭ سىياسىي سەھنىسى بۇ پەقەت قىرغىزنىڭ سىياسىي سەھنىسىدۇر. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىمەنكى زو زۇڭتاڭ ئىستىلا قىلغاندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئىنقىلاب ئارقىلىق تەييارلىغان سەھنىلەردە بىر پاتمان سەللىنى بېشىغا قوندۇرۇۋېلىپ، مەن پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى، خوجىلار ئەۋلادى دەيدىغان شۇئارىنى توۋلاپ ئۇيغۇرنىڭ تارىخ سىياسىي سەھنىگە چىقىۋېلىپ ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىنى مەغلۇبىيەتكە يېتەكلىگەن ۋەلىخان تۆرە ، ئېلىخان تۆرە قاتارلىق ئۆزبېكلەر يەنىلا ئۆزبېك بولىدۇكى ھەرگىز ئۇيغۇر بولمايدۇ. ئۇيغۇر نادانلىقنى تۈگىتىشى، ئەقىللىق بولۇشى كېرەك بولغان زامانلار يېتىپ كەلدى. ئېتنىكداشلىق، دىنداشلىق بولسىمۇ بولسۇن، لېكىن مەنپەئەت بىرلىكىدە قېرىنداشلىقمۇ بولۇشى، مەنپەئەت تالاش تارتىشىدا مىللەتچىلىكمۇ بولۇشى لازىم. مەن بۇ يەردە بىراۋلار ئوتتۇرىسىغا مىللەتچىلىك ئۇرۇقنى تېرىۋاتقىنىم يوق . ئۇيغۇرنىڭ سەھنىسىگە تۈكۈرۈپ چىقىپ، يەنە ئۇيغۇرنىڭ سەھنىسىدە ئۇيغۇرنىڭ دوللىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ پۇل تېپىۋاتقان يۇلتۇز ئوسمانوۋنىڭ ھەرىكىتى، تارىخنىڭ ئەمەلىيىتىنى رېئاللىقنىڭ بىشارىتىنى، كەلگۈسىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تېخى ئاددىي بىر مىسال

ئۇيغۇرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مارشال بولغان ئېلىخان تۆرە

كىم؟ گېنېرال بولغان ئىسھاق بەگ كىم؟ بۇ كىشىلەر زادى كىم؟ بىر ئۇيغۇرھازىرغىچە شۇنداق سوئال قويۇپ باقتىمۇ؟ ئېلىخان تۆرە ئۆزبېك. ئىسھاق بەگ قىرغىز. بۇ كىشىلەر نېمىشقا ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان رەھبەر ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىدىغان قوماندان بولۇپ قالىدى؟ ئۇيغۇردىن قوماندان تاللاشقا، ئۇيغۇردىن ئىنقىلابقا رەھبەر، داھىي تاللاشقا بولمامتى!؟ ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى بىلەن قىرغىز ئىسھاقبەگنىڭ قوماندانلىق قىلىش سەنئىتى ئەجەبا ئۇيغۇرنىڭ، قايسى بىر ئۇيغۇرنى شۇنداق سەنئەتتىن ئۈستۈن تۇرامدىكىنە؟ قىزىق ئىش ئۈستۈن دەيدىغان قائىدىمۇ بولامدىكىنە ؟! بۇنداق قائىدە يوق ئىدى. مۇبادا چارروسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئۆزبېك، تارىختا چارروسىيگە قارشى قانچە قېتىم ئىنقىلاب قىلالىدى دەپ سوئال قويۇلىدىغان بولسا ، تارىختا چارروسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان قىرغىز چارروسىيگە قارشى قانچە قېتىم ئىنقىلاب قىلالىدى؟ دەپ سوئال قويۇلىدىغان بولسا مۇبادا تارىختا چارروسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان قازاق چار روسىيەگە قارشى قانچە قېتىم ئىنقىلاب قىلالىدى دەپ سوئال قويۇلىدىغان بولسا تارىخ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ مانجۇ ختايلىرىنىڭ ھەتتا گېنېرال كۇل پاكۇ ۋىسكىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشى ئۇيغۇرلار تارىختا قانچە قېتىم قوراللىق، قانچە قېتىم قورالسىز ئىنقىلاب قىلدى؟ - دەپ سوئال قويۇلىدىغان بولسا، تارىخ يەنە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ ئىنقىلابچىمىز، تارىخچىمىز مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا مەھەللىۋى قوزغىلاڭ نامايىشلاردىن باشقا ئۇيغۇرلار تۆت قېتىم زور كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مانجۇ - ختايلارنى ئۇيغۇرىستاندىن 4 قېتىم قوغلاپ چىقاردى. دەپ قەيت قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۆزى قوماندان ، ئۆزى مارشال بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلالمامتى ؟ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھەر قانداق دۈشمەنگە قارشى ئىنقىلاب تەشكىللەشكە قادىر ئەمەسمىدى؟ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى ياخشى يامانىنى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيدىغان مۇھىتمىدى. مەدەنىيەت مۇھىتى

ئىنسانىنى تەربىيەلەيدىغان ۋە مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئوچاق ئىدى. ئىنقىلابنى تەشكىللەشمۇ، ئىنقىلابنى قوزغاشمۇ، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشمۇ، ئىنقىلابقا قاتناشقۇچى ئىنقىلاب سۇبيېكتلىرىمۇ مۇئەييەن مەدەنىيەت مۇھىتىدا يېتىلىپ چىقاتتى . ئۇيغۇر ئۆزى داھىي بولۇپ، ئۆزى رەھبەر بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىغا ئۆزى رەھبەرلىك قىلالامدىكىن؟! نېمىشقا ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز كىشىلەر رەھبەر بولۇپ، گېنېرال بولۇپ ھەتتا تېخى ئۇيغۇرغا مارشال بولۇپ ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولۇپ قالىدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە نېمىشقا چەتئەللىك يات كىشىلەر ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا ئارىلىشىۋالدى؟ نېمىشقا ستالىن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئېتنىك قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ قويىدى؟ نېمىشقا ستالىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا داھىي، رەھبەر تاللىماي قازاقتىن، ئۆزبېكتىن، قىرغىزدىن ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىغا رەھبەر بولىدىغان رەھبەر تاللىدى؟ چۈنكى ستالىن ئۇيغۇرغا ئىشەنمەيتتى. ستالىن ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇردىن ياخشىراق بىلەتتى. ستالىن ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن دەپ قارايتتى . ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى ئۇيغۇرنىڭ قولىغا بېرىلىدىغان بولسا مۇبادا ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىغا ھېچكىم ئارىلاشمىغان ئەھۋالدا غەلىبە قىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولىدىغان بولسا ستالىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرنى كونترول قىلىپ تۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرغا ئېتنىك قېرىنداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىمۇ تىزگىنلەپ كېتەلمەيتتى ، كونترول قىلالمايتتى. شۇڭلاشقا ستالىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىغىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ رەھبەر بولۇشىنى توغرا تاپمىدى. ئەمدى پاش بولىۋاتقان ماتېرىياللارغا قارايمىزكى، روسىيىلىك مۇۋىكىنىڭ ئۇيغۇرغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭ ئاتا بوۋىسى چارروسىيە دەۋرى دىن باشلانغان، بەلكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن چىققان بەزى كىشىلەر نېمىشقا تۇڭگانلارنى لەنجۇدىن

چاقىرىپ چىقتى؟ يەنىلا بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ستالىننىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولدى، فۇكاڭدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىم زىددىيەت سالدى؟ شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ فۇكاڭ شەرتنامىسىنى ئىمزالىشىغا كىم رىياسەتچىلىك قىلدى؟ بۇنداق سوئال قويساق كىشىلەر ھەيران قالامدۇ قانداق، بىز بۇ سوئاللارنى گۇمانىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويدۇق، خالاس.

قىرغىز ئىسھاقبەگ، ستالىن تەشكىللىگەن جەنۇبىي ئۇيغۇرىستان ھەربىي بىرگادىسىنىڭ بىر كادىرى ئىدى. بۇ قوشۇن پۈتۈنلەي قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرىنى باستۇرغان. (ئۇيغۇر نامەگە قاراڭ) . قىرغىز ئىسھاق بەگنىڭ قول ئاستىدىكى قىرغىز مەۋلانوپ ، قەشقەرگە ياۋاغ تۈرمىسىدە ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى مەمتىلى ئەپەندىنى. ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى ھاجى قۇتلۇق شەۋقىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، جەسىتىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى داغلىغان قىرغىز ئىدى.( ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە قاراڭ) . مۇشۇنداق بىر قىرغىز ئىسھاقبەگنىڭ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ قىرىقىنچى يىللىرىدا. شىمالى ئۇيغۇرىستاندا پارتلىغان ئىنقىلابقا گېنېرال بولۇپ تەيىنلىنىشى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشى يەنە بۇ قانداق ئىش؟ بۇ يەردە شۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەت ئېنىقكى، ئىسھاقبەگ ئۆلتۈرگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئىنقىلابچىنىڭ ئىنقىلابچى بولغانلىقى، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى ، بۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر گۇناھى ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى ھاجى قۇتلۇق شەۋقىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىقمۇ تۈركىيەدە تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر ئادەملەر. تۈركىيەدە قىسقا مۇددەت بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر داھىيلار بولغاچقا، ئۇ چاغدا بۇ كىشىلەر تۈركنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلانغان ستالىننىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغانىدى. رۇس بىلەن تۈرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى. 19 ـ ،18 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، ئۇرۇش تارىخىنىڭ ھەممىگە نامەلۇم بولغان قىزىق بىر تەرىپى شۇ ئىدىكى، قارا دېڭىز بويلىرىدا ، سېۋاستوپولدا ۋە روس بىلەن تۈرۈك تۇتۇشقان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تۈرۈك قىلىچىنىڭ ۋە ئۇرۇشسىز

چاغلاردا دات بېسىپ قالغان تۈرۈك نەيزىنىڭ تەمنى ئۇبدان تېتىپ باققان ئورۇسلار بۇ قېتىم تۈرك نىڭ ئېتنىك قېرىنداشلىرى ياشايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرىستان ساھەللىرىدا ستالىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇردىن ئۆچ ئالدى. شۇڭا ستالىن ئۆزىنىڭ جاسۇسى ئىسھاق بەگنىڭ قولى ئارقىلىق قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان بولسا، ھاجى قۇتلۇق شەۋقى، مەمەت ئېلى تەۋپىق قاتارلىق ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئالغان بولسا ، ئۇيغۇرلارنى رەھبەرسىز قويغان بولسا، يەنە شۇ ستالىن بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى ئۇيغۇر ئۆلكىسى ئىلىدە باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىغا «ك گ ب» نىڭ جاسۇسى ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ خەلقارا دېپلوماتىك سىياسىي سەھنىدە روسىيەنىڭ يىراق شەرق سىياسىتىدە 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى كوزىر قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ، رۇسىيە ـ خىتاي، روسىيە ـ ياپونىيە، روسىيە ـ ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان، ئاياغلاشتۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان پىشاڭغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

ئېلىخان تۆرە بۇ ئۆزبېك ئادەمنىڭ تارىخى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغاچقا بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەقەت بىرلا پاكىتقا نەزەر ئاغدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 1940 ـ يىللاردا ئۇيغۇرىستان دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان 9 نەپەر كىشىنىڭ بىرىسى، بەلكى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەخلاقلىق بىر كىشى ھېسابلانغان رەھمەتلىك سەيدۇللا سەيپۇللايىنىڭ « مەن شاھىد بولغان ئىشلار » ماۋزۇلۇق كىتابى 2005 ـ يىلى ـ 6 ئايدا شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . كىتابتا ئۆزبېك ئېلىخان تۆرە توغرىسىدا ھېكايە مۇنداق سۆزلەندى:

ئېلىخان تۆرە ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىمى بولۇپ، ئۇ 1929 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول شەھرىدە ياشىغان. مىللىتى ئۆزبېك. ئاكىسى ئالىمخان تۆرە ئۆزبېكىستان « ك،گ،ب» سىدا مۇھىم ئەمەلدار بولغان. ئىككىنچى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا قانداق كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئېلىخان تۆرە غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان كۈنلەردە تاشكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغان ئىكەن، دېگەن گەپلەرمۇ بار. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا ئېلىخان تۆرە زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش تەس. شۇنداقتىمۇ مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان ئىدىم.

بىرىنچى. ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىمى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە مەخپىي تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولالمايدۇ. ئىككىنچى، مېنىڭچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆرىگە دەسلەپىدە ئىشەنگەن،شۇنداقلا گۇمانلانغان. كېيىن ئىشەنمىگەن ھەمدە شىنجاڭ رايونىدا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيتى يوق، دەپ قارىغانلىقتىن تىنچلىق بېتىمى ئىمزالىنىش بىلەنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كەتكەن. «شاھىد بولغان ئىشلار» . ( ئۇيغۇرچە نەشرى. 39 ـ 40، ـ بەتلەر.

سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاكىسى ئۆزبېك ئالىمخان تۆرىنىڭ ئۆزبېكىستاندا“ ك ،گ،ب » نىڭ مۇھىم ئەمەلدارى بولغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى شۇ چاغدا ئېلىخان تۆرىنىڭمۇ « ك،گ ،ب » نىڭ مۇھىم ئەمەلدارى بولغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئېلىخان تۆرىنى ئاقلاشقىمۇ بولمايدۇ. ستالىنغا جاسۇس بولۇپ خىزمەت قىلغان بىر ئۆزبېكنىڭ ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەر داھىي ، ھەربىي مارشال بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنى ھاقارەت قىلغانلىق، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ئۆز ئۆزىنى ئاخماق قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭدىن باشقا قايسى يول بىلەن تەھلىل قىلىمىز بۇ تارىخىي ھادىسىلەرنى؟ .لېكىن ھەر قانداق كىشى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىنقىلابقا ئۆزىنى ئاتىغانلىقى ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي روھىنىڭ داۋاملىق پاكىز ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرنىڭ نوپۇز تىكلەش، داھى تاللاش مەسىلىسىدە خاتالىشىدىغانلىقىمۇ تارىختا تەكرار يۈز بەردى. ئۇيغۇر ئىنقىلاب

قوزغىدى يۇ لېكىن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۇيغۇرغا يات بولغان ئۆزبېككە ئوخشاش مىللەتلەر قولغا چۈشۈرۈپ ئالدى. ؟نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ئەھۋالنى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىي روھنىڭ پاسسىپ تەرىپى دەپ چۈشەندۈرسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىچىدىن چىققان كىشىلەرنى تېپىپ يېقىن يولاتماي، ئۆزىدىن باشقا مىللەت ئادەملىرىگە چوقۇندىغانلىقىنىڭ تىپىك دەلىلى، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن ئىنقىلابنى قوزغىغان ، ئىنقىلاپقا ياردەم بەرگەن ۋە غۇلجا شەھرىدە «ك،گ،ب» نىڭ ئىككىنچى «دوم» ئىشخانىسىنى قۇرۇۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ستالىن،ئۆزبېك زېرىپ قارى ھاجىنى،قىرغىز ئىسھاقبەگنى، ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنى جاسۇسلۇققا خىزمەتكە سېلىپ، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرى قوزغالغان ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى ۋە كەلگۈسى مۇستەقىللىقىنى يۈزلىنىش خاھىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا ئۇيغۇرنى رەھبەر قىلىپ تاللىماي يات مىللەت كىشىلىرى ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنى ھەربىي مارشال ۋە رەھبەر قىلىپ تاللىۋېلىشى، ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسىنى، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى سېتىۋېتىشكە ئاللىقاچان تەييارلىق قىلغانلىقىنى ۋە خەلقارا سىياسىي سودىلاردا بۇلۇپمۇ 40 ـ يىللاردا ئۇتتۇۋېلىش، ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان دۆلەتنى دەستەك قىلىپ، يالتا يىغىنى ۋە موسكۋا يىغىنىدا كۆتۈرۈپ چىقىپ، روزۋېلت، چېرچىل قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تاشقى موڭغۇلىيەگە تۇرامسەن ياكى ئۇيغۇرىستانغا تۇرامسەن؟ دەپ پوپوزا قىلىش ئۈچۈنلا،سىياسى سورۇندا تاشقى موڭغۇلىيىنى،لۈشۈن پورتىنى،ياپونىيەنىڭ شىمالدىكى تۆت ئارىلىنى ئۇتتۇۋېلىش ئۈچۈنلا، ستالىنىنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر ئىنقىلابىنى قوزغاش، دۆلەت قۇرۇش ، ئاندىن سېتىۋېتىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاب ھوقۇقىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قولىدا بولماي، ئۇيغۇرغا قارشى، ئۇيغۇرغا يات بولغان بىر مىللەت ئۆزبېك ئېلىخان تۆرىنىڭ قولىغا ئۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيەتنى بۇ شەكىلدە تەھلىل قىلىشىمىزدىن، ئۇيغۇر رەھبەر بولغان بولسا، ئىنقىلاب سېتىلمايتتى، دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بىرقائىدە ـ

ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەددەس بىر قائىدە شۇكى، ئىنقىلاب قايسى مىللەتنىڭ ئىنقىلابى بولسا، ئىنقىلابقا شۇ مىللەت ئۆزى رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك . بۇ بەلكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەقەللىي قائىدىدۇر. ئىنقىلابتا ۋە سىياسىي دەۋا ئىشلىرىدا رەھبەرلىك مەسىلىسى توغرا ھەل قىلىنمايدىكەن، ئىنقىلابنىڭ ۋە سىياسىي دەۋانىڭ غەلىبە قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ . مەغلۇپ بولۇشىدىن ساقلىنىپ قالغىلىمۇ بولمايدۇ.

«دۇنيادا ئىككىلا مىللەت بار. ئۇنىڭ بىرى مۇسۇلمان، ئۇنىڭ يەنە بىرى خىرىستىئان، كاپىردۇر.» دەيدىغان مۇشۇنداق سەپسەتىلەشكەن مىللەت نەزەرىيىسى تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابقا كىم رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىدە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىۋېلىشقا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ كەلدى. بۇنداق نەزەرىيە بويىچە ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغۇاتقان كىشىنىڭ بېشىدا سەللە بولۇشى شەرت قىلىندىكى، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغۇاتقان كىشىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى كېرەكلىكى شەرت قىلىنمىدى. بۇنداق ئىدىيە 15 ـ ئەسىردىن تارتىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ ھۆكمىمىزگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر بولسا، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» ماۋزۇلۇق چاتما ئەسەرنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولسا بولىدۇ . بۇ جاھالەت پىرلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا كىمنى كۆرسە «مەن پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» كىمنى كۆرسە « مەن خوجىلار ئەۋلادى» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى ئالدىغان بۇ ئۆزبېكلەرنىڭ ئالدىدا، بۇنداق چاقىرىققا دەرھال ئالدىنىپ ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ بارى ۋەسىلىنى تۆكۈپ بېرىدىغان، قارنى ـ باغرىنى يېرىپ بېرىدىغان، پەقەت دىنى ئېڭىلا بار، سىياسىي ئېڭى، مىللەت ئېڭى يوق دۆت، نادان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى ئالدىنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ئەمەلىيىتىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ستالىننىڭ بۇ ئۆزبېكلەردىن قانداق پايدىلىنىپ ، كېيىنكى دەۋردە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش پائالىيىتىگە قانچىلىك دەرىجىدە سىياسىي زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆزبېكنىڭ، قىرغىزنىڭ قولى بىلەن يوقاتقانلىقىنى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ يوقىلىشىدىن، ستالىننىڭ قىلمىشىدىن، ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا ئۇيغۇرنىڭ رەھبەرلىك

قىلىشىغا يول قويمىغانلىقىدىن تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئەگەر ئۇيغۇر نادان بولمىغان بولسا تارىختا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇرلار قوزغىغان ئىنقىلاپ ھەرگىز مەغلۇپ بولمىغان بولاتتى. ئادەم ھەر زامان يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يەنە ھېسسى ئاڭنىڭ كونتروللۇقىدا ياشايدۇ، دېگەندىمۇ لېكىن ئادەمنىڭ يەنىلا ئاڭلىقلىقى ، ئەقىلگە ئەقىلچىلىككە مۇراجىئەت قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى .

## ئوتتۇز بىرىنچى باب دۆلەتچىلىك

دۆلەتنىڭ بولمىسا ئىسمىڭ بولمايدۇ، غورۇرىڭ بولمايدۇ، تۇرمۇشۇڭ تۇرمۇش بولمايدۇ، دۆلىتىڭ بولمىسا مىللىتىڭ مىللەت بولمايدۇ، ئەخلاقىڭ ئەخلاق بولمايدۇ، ئېتىقادىڭ ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ. دۆلىتىڭ بولمىسا سېنى ھېچ كىم كۆزگە ئىلمايدۇ. دۆلىتىڭ بولمىسا سېنىڭ ھەرقانداق يەردە قەدىر ـ قىممىتىڭ بولمايدۇ. بۇرۇنلاردا ئەرنىڭ قانتى ئات دېيىشكەن ئىكەن، ئوخشىتىشتا نۇقسان بولسىمۇ ئوخشىتىپ قويايكى، ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ئەرنىڭ قانتى دۆلىتى بولمىسا ئەرنىڭ قانتى بولمايدۇ، شۇڭا ئەر كىشى تۇرمۇشتا پەرۋاز قىلالمايدۇ. دۆلىتىڭ بولغاندىمۇ بۇ دۆلەتكە ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىق قىلمىسا، ئۇيغۇر رەھبەر بولمىسا، خۇددى ئۆزبېكىستانغا تاجىك كەرىموف ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، ئۇيغۇرىستانغا ۋەلىخان تۆرە ئۆزبېك، ئەلىخان تۆرە ئۆزبېكلار ۋە خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولسا، بۇنداق دۆلەتنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. ئۇنداقتا دۆلەت دېگەن نېمە، دۆلەتچىلىك دېگەن نېمە؟ دۆلەت توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى دۆلەتچىلىك توغرىسىدا توختىلىپ باقايلى.

دۆلەت توغرىسىدا گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ماكىس ۋېبېر، جەمئىيەتشۇناسلىق تەرەپتىن دۆلەت بىلەن سىياسەتنىڭ چېگراسىنى ئايرىپ ”دۆلەت ئالاھىدە بىر تېرىتورىيە ئىچىدە ئۆزىنىڭ قورال ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى مونوپول قىلغۇچى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەشكىلاتىدۇر“ دەپ كۆرسەتكەن. («جەمئىيەتشۇناسلىق ھۆججەتلىرى توپلىمى» خىتايچە نەشرى)، قارىغاندا دۆلەت دەپ قۇرۇۋالسىلا بولمىغۇدەك، يەنە تېخى قورال ئىشلىتىش

ھوقۇقىنى مونوپول قىلىش، بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئىكەن. دۆلەت قورال ئىشلىتىشنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. كىم، كىمگە قورال ئىشلىتىدۇ؟ دۆلەت ئەلۋەتتە پۇقرالارغا قورال ئىشلىتىپ زوراۋانلىق قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قورال ئىشلىتىپ زوراۋانلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا دۆلەت پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ قوغدايدۇ ۋە قوغدىشى كېرەك. مۇشۇ يەردە دۆلەت ئىككى خىل فونكسىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى باستۇردىكى، ئۇيغۇرلارغا زوراۋانلىق قىلدىكى، ھازىرغىچە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى مەنپەئەتىنى قوغدىماقچى بولدى؟ خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىماي تۇرۇپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ ئۇيغۇرلارغا قورال ئىشلەتسە بۇ ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتكە قارشى ئېتىنىك قىرغىنچىلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى سىياسەتكە كېلەيلۇق. "سىياسەت" ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش، يەنە ھوقۇق تەقسىماتىغا تەسىر كۆرسىتىش، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ياكى مۇئەييەن دۆلەت ئىچىدە پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھوقۇق تەقسىماتىغا تەسىر كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ئىككى خىل ئۇقۇمغا ئىككى خىل تەبىر تەييارلاپ بەرگەن ماكېس ۋېبېر، دۆلەت بىلەن سىياسەتكە ئىنتايىن يۇقىرى چەكتە شەكىللەشتۇرۇش ۋە ئىقتىدارلاشتۇرۇش بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە دۆلەت شەكلى دۆلەتنىڭ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك تەشكىلى ئاپپارات، دۆلەت فونكسىيىلەرگە ئوخشاش، بىر خىل تېخنىكىلىق قورالغا ئوخشاش، دۆلەت بىر تۈرلۈك شىركەتچىلىككە ئوخشاش رول ئالىدۇ. دۆلەتنى بۇ سۈپەتتە باشقۇرۇش دېمىسىمۇ ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈزۈملەشكەن ھۆكۈمرانلىق شەكلى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق دۆلەت باشقۇرۇش مەيلى دېموكراتىك دۆلەتلەردە بولسۇن، مەيلى مۇستەبىت دۆلەتلەردە بولسۇن پۇقرالار پەقەت سايلامدا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق گەپ قىلىشتىن باشقا شەكىلدە گەپ قىلالمايدىغان بىيروكراتىك شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. ھەرقايسى دۆلەتلەردە، مەسىلەن، ئەنگلىيىدەك دېموكراتىك دۆلەتلەردىمۇ ئاز-تولا نامايىش بىلەن نارازىلىقنى ئىپادىلەپ كوچىغا چىققان كىشىلەرنىڭ باستۇرۇلغانلىقى

بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر. دۆلەت باشقۇرۇش بيوروكراتىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ قالىدىكەن، دۆلەت خۇددى مەمۇرى باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرى بىلەن مەمۇرى باشقۇرۇش ۋاستىلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئەھۋالدا، ھازىرقى زامان ئاندىن دۆلەت بولۇپ تۇرالايدىغان بولىدىكەن. مەسىلەن، خىتايدەك بىر دۆلەتتە قانۇن ئەمەلدارى قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالامدۇ؟ بۇ قانۇن بۇ دۆلەت باشقۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ئەمەسمىدى؟! قانۇن ئەمەلدارى قانۇن بويىچە ئىش قىلالمايدىغان بولسا، پارتىيىنىڭ ئىرادىسى قانۇننىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالىدىغان بولسا، دېمەك، دۆلەت باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ۋاستىلىرى ئوتتۇرىسىدا چەك پەيدا بولىدىكەن سۆز. دۆلەت مۇستەبىتچىلىكى دەل مۇشۇنداق مۇھىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسلىدە ”بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان (يىرىكلەشكەن) روھىنى ئىپتىراپ قىلىش شۇ مىللەتنىڭ قانۇن تۈزۈش مەدەنىيىتى ئىدىيىلىرىنى، سىياستىنى ئىپتىراپ قىلىشنىڭ يادروسىدۇر“، (بوساتكۇىت، ئەنگىلىيە «دۆلەت توغرىسىدا پەلسەپىۋى نەزەرىيە» خىتايچە نەشرى) خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ زادى نېمىسىنى، زادى قايسى سىياسى تەلەپلىرىنى ئىپتىراپ قىلدى. مۇشۇ كۈنلەردە شۇڭا مۇستەملىكە مىللەت بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇردەك مىللەتلەرنىڭ ھالىۋاس ئاۋۋال شۇ مىللەت ئۆزى ئىچىنىسا باشقا ھەرقانداق دۆلەتلەر ۋاقتى كەلمىگىچە ھېسداشلىق قىلمايدىغان بىر ھال ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭا مۇستەملىكە مىللەتلەر مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە پۇشايمان قىلماسلىقى، ئازادلىق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىگە پۇشايمان قىلماسلىقى، مۇستەقىللىق مۇمكىن بولارمۇ، مۇمكىن بولماسمۇ دەيدىغان خىياللارغا غەرق بولماسلىقى، كىم قوللايدۇ، كىم قوللىمايدۇ دەيدىغان ئۈمىد ئىچىدە تەلمۈرۈپ قالماسلىقى، پەقەت بىر دەقىقە ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزىۋەتمەي مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلىدىغان مىللى روھىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشى لازىم. خىيالىدا ۋەتەن، ئوڭىدا ۋەتەن، چۈشىدە ۋەتەن، ۋەتەن مىللەتلا بولۇشى لازىم. ئىشىنىشىمىز لازىمكى، مۇستەملىكىچىلىك تارىخى ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە مۇمكىنلىككە ئايلانغاندەك، ئوخشاشلا مۇستەقىللىقمۇ تارىخى ئىمكانىيەتلەر ئىچىدىلا مۇمكىنلىككە ئايلىنىدىغان مۇقەددەس بىر تارىخى سىياسى ھادىسىدۇر.

بۇ بىر مىللەتنىڭ دۆلەت قۇرۇش كۆرىشى بىلەن ئىنتىلىشى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى ئازابلاپ، روھلاندۇرۇپ، غايىۋى مەنزىرىلەر بىلەن دۆلەت قۇرۇشقا، مۇشۇ يولدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇدۇم بولۇپ تارىختىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

«سىياسەت ھوقۇق تەقسىماتىغا تەسىر كۆرسىتىش»، دېگەنلىك دەپ كۆرسەتكەن ماكېس ۋېبېرنىڭ تەلىماتىغا ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، سىياسەت مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ شەكلى، سىياسەت مىللى دۆلەت قۇرۇشنىڭ شەكلى، سىياسەت دۆلەتچىلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ شەكلى، شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسەت مۇستەملىكە ئەلدە مۇستەملىكىچى خىتاينىڭ ھوقۇق تەقسىماتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەڭ ئالى شەكلى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ قانداقلىكى ئەلدە بولسۇن بولۇپمۇ مۇستەملىكە ئەللەردە «ھوقۇق تەقسىماتى» مەركىزى مەسىلىنىڭ ئىچىدىكى مەركىزى مەسىلىدۇر. نېمىشقا شۇنداق دەيمىز؟ مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئالدىمىزدىلا تۇرىدىكەن، ئەگەر ھوقۇق بولمىسا مىللەت ھەرقانداق مەنپەئەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. مەنپەئەت تەلەپلىرى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن باشقا يەنە ئىككىنچى بىر خىل چىقىش يولى بولمايدۇ.

مىللى روھنىڭ ئومۇملىقىدىن دۆلەت قۇرۇش زۆرۈرىيىتىگە، دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ يىلتىزىغا بىردىنبىر مېتافىزىك دۆلەت قارىشى بويىچە ئىزدەنگەندە، «بىر مىللەت بىر دۆلەت قۇرۇش» تىن ئىبارەت مىللەتچىلىك بىلەن دۆلەت قۇرۇشقا ئىزدەنگەندە، دۆلەتچىلىك، خۇسۇسىلىق، لىبىرالىزىمنىڭ ئۆز ئارا سىغىمچانلىقى بويىچە دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىزدەنگەندە، دۆلەتچىلىك، خۇسۇسىلىق، لىبىرالىزىمنىڭ ئۆزئارا سىغىمچانلىقى بويىچە دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىزدەنگەندە، پەقەت ئەركىنلىك روھى ۋە مۇستەقىللىق ئارزۇلىرى بويىچە دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىزدەنگەندىلا دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان ئۇ ئادەم، بۇ ئادەم ئاندىن ھەربىر

ئادەم بولالىشىمىز مۇمكىن. ئەركىنلىككە، مۇستەقىللىققا ئېرىشىش بويىچە دۆلەت قۇرۇشقا ئېرىشىش بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا دۆلەتچىلىك يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئىگىلىك ھوقۇققا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ئىگىلىك ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ئۆزىگە مەلۇم بولغان ئۆزىدىكى مەنىسىدۇر.

ماكېس ۋېبېر، مەيدانى مۇستەھكەم جەمئىيەتشۇناس ئىدى. ئۇ، پەيلاسوپ گېگېل دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي تەلىماتقا ئاساسلىنىپ گېرمانىيە نوقۇل بىر مىللەتتىن تەشكىللەنگەن دۆلەت دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماكېس ۋېبېرنىڭ نەزەرىدە مىللەتچىلىك بۇ، دۆلەتچىلىك دېگەنلىكتۇر. ئۇ باشتىن ئاخىر «دۆلەتنىڭ سەۋەبلىرى» نى ھەرخىل ھەددى-ھەرىكەتلەرگە باھا بېرىشنىڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى دەپ قاراپ كەلگەن. ماكېس ۋېبېر، «دۆلەتنىڭ سەۋەبلىرى» گە ئاساسلىنىپ «ئالامانلار سىياسىتى» گە قارشى تۇرغان. بۇ سىياسەت جۇڭگودا ماۋزېدۇڭنىڭ زۇۋانىدا «ئاممىۋى يول» دەپ ئاتىلىپ، زوراۋانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ماۋزېدۇڭ دۆلەتنىڭ قولىدىن ئالامانلارنىڭ قولىغا ئېلىپ بەرگەن. دېمەك، ماكېس ۋېبېرنىڭ تەلىماتىدىن دۆلەت بولۇش، پۇقرا-پۇقرا بولۇش دېگەن مەنتىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

دۆلەتچىلىك بىلەن مىللەتچىلىكنى قوشۇپ تەكىتلەيدىغان گېرمانىيىلىك ماكېس ۋېبېر، ئەنگلىيىلىك جون لاك ۋە فىرانسىيىلىك مونتېسكيۇ قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ «تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى»، «تەبىئىي ھوقۇق»، «تەڭلىك باراۋەرلىك»، «ھوقۇق مۇۋازىنەتى» ۋەھاكازا دەيدىغان ئۇقۇملىرىغا «غايىۋى قەدىر-قىممەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى دېموكراتىك ئىدىيىلەر» گە باھا بېرىپ، بۇ ئىدىيىلەر دېموكراتىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەمەس دەپ مۇئامىلە قىلغان. قارىغاندا ماكېس ۋېبېرنىڭ تەپەككۇرىدا دۆلەتچىلىك بۇ مىللەتچىلىك، مىللەتچىلىك بۇ دۆلەتچىلىك بولىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە مىللەتچىلىك بەزى ھاللاردا بەلكى كۆپىنچە ھاللاردا ئىدىيە بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇن، ھېس-تۇيغۇغا ۋە ئېدراك باسقۇچىغا ئۆتمىگەن، مىللەتچىلىك ھەرىكەت باسقۇچىغا ئۆتمىگەن بىر ئەھۋالدا، تېخى تەجرىبىلەشمىگەن ئاڭ قاتلىمىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى بىلەن، ئىگىلىك ھوقۇق، دېموكراتىك سايلامنى

سودا كاپىتالىزمنى مەقسەت قىلغان دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بەلگىلىك ئىنگىزلىك پەرق بولىدۇ. ئەلۋەتتە.

كىشىلەر ھازىرغىچە مىللەتچىلىكنى دۆلەتچىلىك ئورنىدا، دۆلەتچىلىكنى مىللەتچىلىك ئورنىدا قوللىنىپ كېلىشتى. ئەمەلىيەتتە «بىر مىللەتنىڭ بىر دۆلەت» بولۇشى، ھەم مىللەتچىلىككە تەۋە ھەم دۆلەتچىلىككە تەۋە ئۇقۇم ئىدى. مىللەتچىلىك كۆپ ھاللاردا غايىۋى، ئەمەلىي كۆرەشكە چاقىرىق قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بولسا، دۆلەتچىلىك كۆپ ھاللاردا دۆلەت قۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھېسابلىناتتى. مىللەتچىلىك، غايە، ئەمەلىي ھەرىكەت، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، مۇستەملىكە مىللەت ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلىنىش شەكلىگە تەئەللۇق بولسا، ئىنساننىڭ ھوقۇق قارىشى، ھوقۇقتا ئىنتىلىشى، ھوقۇقتا ئىزدىنىشى ئۇنداق خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش ھوقۇقتا ئېرىشىپ باي بولۇشنى كۆزلەيدىغان چاكىنا ھوقۇقچىلىق قاراشلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ھوقۇقتىن ئېيتقاندا ھوقۇقچىلىق قاراشلىرى چاكىنا ئۆزەمچىلىك «مەن مەركەزچىلىك» ئىدىيىۋى چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، جىسمانى كۈچ ۋە ئەقىل پاراسەت تەۋەن ھالەتتە تۇرغان مۇھىتتىن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى «تەرەققىيات» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مىللەتكە باغلىق مەنىسىنى بىلىپ يېتىپ، مىللەت قانداق مىللەت بولۇشى كېرەك دەيدىغان رېتورىك سوئال بويىچە «مىللەت مەركەزچىلىك» نى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئىدىيىۋى ھالەت باسقۇچىغا يېتىپ كېلىش، ئادەمنى بايقاش، ئۆزىنى بايقاش، مىللەتنى بايقاش، بۇ ھوقۇق سوبىيېكتى بىلەن ئۇ ھوقۇق سۇبىيېكتىنى سېلىشتۇرۇش، ئۇيغۇرغا خىتاينى سېلىشتۇرۇش، ئۇيغۇرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى نېمە، خىتاينىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى نېمە، سېلىشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارالمىغان يەردە، ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش، مۇھاكىمە، مۇنازىرە، يەنە شارائىت يار بەرمىگەندە ئىچكى ئويلىنىش قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىغا چۈشۈش، دۆلەتچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى ياراتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىللەتچىلىك، ھوقۇقچىلىق، دۆلەتچىلىك، قانۇنچىلىق، دۆلەت كۈچى

ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى كۈچى مانا بۇلار دۆلىتى بولمىغان مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ ئېسى-يادىنى، ئېڭىنى، پىكرى-خىيالىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۇقۇملاشقان شەكىللىرىدۇر.

“مىللىتىم ئازاد بولغۇچە مىللەتچىمەن،
مىللىتىم ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللەتچى ئەمەسمەن”

-ئۇيغۇر مىللىي دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ئەخمەتجان قاسىمى


www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari